# مېنىڭ گۈزەل دىنىم

## 1-2


**نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:**

فارۇق سالمان

نازىف يىلماز

دوكتور رەجەپ ئۆزدىرەك


ئىبادەتلىرىمنى ئۆگىنىمەن (2-1)



بسم الله الرحمن الرحيم


**نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:**

فارۇق سالمان

نازىف يىلماز

دوكتور رەجەپ ئۆزدىرەك

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**

زەينەپ

ISBN: 978-9944-83-267-0



**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:**

yamgur5@gmail.com

# كىرىش سۆز

بىزنى مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ئۇلۇغ رەببىمىزگە ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!

دىنىمىزنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياشاپ، ئىنسانلارغا ئۆگەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئائىلە-تاۋاباتلىرى ۋە ساھابىلىرىگە سالام بولسۇن!

**قەدىرلىك بالىلىرىم:**

دىنىمىزنىڭ ماھىيىتى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ قەلبىمىزنى «ياخشى كۆرۈش» ئۈچۈن ياراتقان. دىنىمىزنى، پەيغەمبىرىمىزنى ۋە ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرىنى ياخشى كۆرىشىمىزنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يولىدىن مېڭىشىمىزنى بۇيرىغان.

مۇھەببەت قەلبتە بىخلىنىدۇ ۋە ئىش-ھەرىكەتتە ئەكس ئېتىدۇ. مۇھەببەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتتۇر. بۇ ئالدى بىلەن قەلبىمىزگە يەرلىشىدۇ. ئاندىن بىزنى ياخشى ئادەم بولۇشقا، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. قىلغان ياخشى ئىش-ھەرىكەتلىرىمىز ۋە ئىبادەتلىرىمىز قەلبىمىزدىكى مۇھەببەت ۋە ئىماننى كۈچلەندۈرىدۇ.

**سۆيۈملۈك بالىلار!**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلامچىلىق قىلغان ئىمان سەپىرى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى. ھەربىر ئەۋلات بۇ دىنىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە كېيىنكى ئىزباسارلارغا مىراس قالدۇرۇلىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە كۈچ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىي ئىلىملەر ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ، قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، قەلبتىن-قەلبكە كۆچۈپ بىزگە قەدەر يەتتى.

بىز شۇنى بىلىمىزكى، سىلەر ياراتقۇچىمىز ئاللاھنى، ئۇنىڭ ئەلچىسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە گۈزەل دىنىمىزنى ياخشى كۆرىسىلەر. بىزمۇ سىلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز. سىلەرگە ئوخشاش بالىلارنىڭ دىنىمىزنى ئەڭ چىرايلىق بىر رەۋىشتە ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

سىلەر بىزنىڭ كەلگۈسىمىز. بىزنىڭ قول-ئىلكىمىزدىكى بارلىق ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىمىز قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن سىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭلارغا ئۆتىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز باشلىغان ئىمان سەپىرىنى بىزدىن كېيىن سىلەر داۋاملاشتۇرىسىلەر. شۇڭا سىلەرنى بۇ ئۇلۇغ سەپەرگە تەييارلاش، دىنىمىزنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋاملاشقان ئۇلۇغ چاقىرىقلىرىنى سىلەرگە يەتكۈزۈش بىز چوڭلارنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ئاللاھقا مىڭلارچە ھەمدۇ-سانالار بولسۇنكى، بۇ مەقسەتتە باشلىغان ئىشىمىز تۇنجى مېۋىسىنى بەردى.

**«مېنىڭ گۈزەل دىنىم»** ناملىق كۆپ قىسىملىق كىتابنىڭ «ئىبادەتلىرىمنى ئۆگىنىمەن» ناملىق 1-قىسمىدا ئىبادەت، پاكىزلىق، تاھارەت، غۇسۇل، تەيەممۇم ۋە ناماز قاتارلىق تېمىلاردا توختالدۇق.

«ئىبادەتلىرىمنى ئۆگىنىمەن» 2-قىسمىدا ئاساسلىق ئىبادەتلىرىمىزدىن روزا، زاكات، ھەج ۋە قۇربانلىق قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىندى. كۆپچىلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئىككى قىسىملىق كىتاب بىرلەشتۈرۈلدى. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن «ئىبادەتلىرىمنى ئۆگىنىمەن» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىتاب تاماملاندى.

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغان ۋاقتىمىزدا ئىلگىرىكى كىتابلاردىن پايدىلاندۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە 1-قىسىم كىتاب ھەققىدە ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن كەلگەن تەكلىپ پىكىرلەرنىمۇ ئېتىبارغا ئالدۇق. بۇنى سىلەر بۇ كىتابتا ھېس قىلىسىلەر.

**سۆيۈملۈك باللار:**

سلەرنىڭ مەنىۋى دۇنيايىڭلارغا ئۆزگىچە تەم، ئۆزگىچە لەززەت بېغىشلاش ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ كىتابتا تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىغا دىققەت قىلدۇق:

- ❖ گۈزەل دىنىمىزنى ياخشى كۆرۈپ، بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇشۇڭلار ئۈچۈن، ھەر بىر تېمىنى بىر ھېكايە بىلەن باشلىدۇق.
- ❖ دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان قۇرئانى-كەرىم ئايەتلىرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى تەكتلەش يۈزىسىدىن دائىرە ئىچىگە ئېلىپ دىققىتىڭلارغا سۇندۇق.
- ❖ دىنىمىزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ ھېچبىرى بىكارغا ئېيتىلغان ئەمەس. ھەممىسىدە ئىنتايىن گۈزەل ئىنچىكىلىكلەر بار. بۇنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىسىنى بىلىش سلەرنىڭ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن ئىجرا قىلىشىڭلارغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئىبادەتنىڭ پايدىسى ۋە ئەمىر قىلىنىشىدىكى ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈشكە يەر بەردۇق.
- ❖ مەزمۇنلارنى ئاسان چۈشەنسۇن دەپ، كۆپ يەردە سوئال-جاۋاب ئۇسۇلىنى قوللاندۇق.
- ❖ رەسىملەرگە ئامراق ئىكەنلىكىڭلارنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، مەزمۇنلارنىڭ ئارىسىغا رەسىم كىرىشتۈردۇق.
- ❖ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئۇنىڭ ۋاپادار دوستلىرىنىڭ ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تاتلىق ئەسلىملىرىنى سلەرنىڭ كۆڭۈل دۇنيايىڭلارغا توشۇشقا تىرىشتۇق.
- ❖ بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى مۇۋاپىق يەرلەردە جەدۋەل ئىچىدە بەردۇق.
- ❖ ھەر بىر باپنىڭ ئاخىرىدا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نوقتىلارنى تەكرارلىشىڭلار ئۈچۈن سوئاللار قويدۇق.
- ❖ قولۇڭلارنى كۆتىرىپ دۇئا قىلىشىڭلار ئۈچۈن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئالىرىدىن نەمۇنىلەر بەردۇق.

گۈزەل دۇئالىرىڭلاردا بۇ كىتابنى تەييارلىغان بىزنىمۇ ئەسلەپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. **«مېنىڭ گۈزەل دىنىم»** ناملىق كۆپ قىسىملىق كىتابنىڭ 1- ۋە 2-قىسمى بولغان «ئىبادەتلىرىمنى ئۆگىنىمەن» ناملىق بۇ كىتاب مانا سلەرگە قالدى.

قەلبىڭلار ئىمان بىلەن، ھاياتىڭلار ئىسلام بىلەن، كۆڭلۈڭلار ئېھسان بىلەن تولغاي! پەرىشتىلەر يولداشىڭلار، ياخشى كىشىلەر دوستۇڭلار بولغاي! ئۇلۇغ ئاللاھ يار ۋە ياردەمچىڭلار بولغاي! يولۇڭلار جەننەتكە قەدەر راۋان بولغاي!...

ئاللاھقا ئامانەت!

**ھۆرمەت بىلەن:**

فارۇق سالمان

نازىف يىلماز

دوكتۇر رەجەپ ئۆزدىرەك

# مۇندەرىجە

## ئىبادەت / 11


**ھېكايە:** سارايدىكى زىياپەت ........ 12
ئىبادەت دېگەن نېمە؟ ........ 14
نېمىشقا ئىبادەت قىلىمىز؟ ........ 15
**ھېكايە:** ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىمەن ........ 16
ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق نېمىلەرگە ئېرىشىمىز؟ ........ 18
سوئاللار ........ 19


## بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتى / 21


**ھېكايە:** جەننەتنىڭ يولى ........ 22
دىنىي ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىز ........ 23
ئەفئالى مۇكەللىفىن ........ 24
ئىسلامنىڭ شەرتلىرى ........ 27
**شېئىر:** ئىسلامنىڭ شەرتلىرى ........ 27
**ھېكايە:** نەجىدلىك ئادەم ........ 28
سوئاللار ........ 29


## پاكىزلىق / 31


**ھېكايە:** مەسجىد سۈپۈرگەن موماي ........ 32
ئىسلام دىنى ۋە پاكىزلىق ........ 34
**شېئىر:** پاكىزلىق ۋە مۇسۇلمان ........ 35
پاكىزلىق تۈرلىرى ........ 36
پاكىزلىق بىلەن ئىبادەت ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ ........ 40
پەيغەمبىرىمىز پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرەتتى ........ 41
**شېئىر:** پاكىزلىق ........ 42
سوئاللار ........ 43

## تاھارەت-غۇسۇل-تەيەممۇم / 45


**ھېكايە:** تاھارەت گۇناھلاردىن پاكلايدۇ ........ 46

تاھارەت ........ 48

تاھارەتسىز قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلار قايسىلار؟ ........ 48

تاھارەت قانداق ئېلىنىدۇ؟ ........ 48

**ھېكايە:** سوغۇق بۇلاق ........ 50

تاھارەتنىڭ پايدىلىرى ........ 52

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟ ........ 53

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە تاھارەت ئېلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟ ........ 54

قانداق ئەھۋاللاردا تاھارەت سۇنۇپ كېتىدۇ؟ ........ 55

مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ نۇرى ........ 55

غۇسۇل قىلىش ........ 56

بوي تەرىتىمىز بولمىسا قايسى ئىشلارنى قىلالمايمىز؟ ........ 56

غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟ ........ 56

قايسى ئەھۋاللاردا غۇسۇل قىلىشىمىز كېرەك؟ ........ 57

غۇسۇل قىلىشنىڭ پايدىلىرى ........ 58

غۇسۇل قىلغان چاغدىكى نامۇۋاپىق ئىشلار قايسىلار؟ ........ 58

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە غۇسۇل قىلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟ ........ 59

**ھېكايە:** سۇنىڭ كۈچى ........ 59

تەيەممۇم ........ 63

تەيەممۇم قاچان قىلىنىدۇ؟ ........ 63

تەيەممۇم قانداق قىلىنىدۇ؟ ........ 63

تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟ ........ 64

**ھېكايە:** چوراقتەپە غارى ........ 64

سوئاللار ........ 68


## ناماز / 71


**ھېكايە:** تۇنجى ناماز ........ 72

نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇيمىز؟ ........ 75

ناماز ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز ........ 76

ناماز كىملەرگە پەرزدۇر؟ ........ 78

نامازنىڭ تۈرلىرى ........ 78

پەرز نامازلار ........ 79

ۋاجىپ نامازلار ........ 80

سۈننەت نامازلار ........................................................................ 81
كۆپ ناماز ئوقۇپ ماڭا ياردەم قىل ................................................................ 81
نامازنىڭ پەرزلىرى ........................................................................ 82
ئەزان ........................................................................ 82
قامەت ........................................................................ 85
نامازنى قانداق ئوقۇيمىز؟........................................................................ 86
نامازلارنىڭ ئوقۇلۇشى........................................................................ 92
نامازدىن كېيىنكى دۇئا ۋە تەسبىھلەر ........................................................................ 96
نامازنىڭ ۋاجىپلىرى ........................................................................ 98
نامازنىڭ سۈننەتلىرى ........................................................................ 99
نامازدىكى ئەدەپ........................................................................ 100
نامازنىڭ مەكرۇھلىرى........................................................................ 100
نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇيلى ........................................................................ 101
نامازنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار ........................................................................ 103
جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى ........................................................................ 104
جامى ۋە مەسجىدنىڭ ئەدەپ ........................................................................ 105
جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان بەزى نامازلار........................................................................ 108
كېسەل كىشىنىڭ نامىزى........................................................................ 111
سەپەر نامىزى........................................................................ 112
قازا نامىزى........................................................................ 112
سەھۋى سەجدىسى ........................................................................ 114
تىلاۋەت سەجدىسى........................................................................ 115
ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان ۋاقىتلار ........................................................................ 116
**ھېكايە:** نامازلىرىم ........................................................................ 117
پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتى........................................................................ 120
جامىلەر ۋە مەسجىدلەر........................................................................ 121
سوئاللار ........................................................................ 124
جاۋابلار ........................................................................ 131

## رامىزان ۋە روزا / 133

**ھېكايە:** تۇنجى روزا ........................................................................ 134
روزا دېگەن نېمە؟........................................................................ 137
روزا تۇتۇش كىملەرگە پەرزدۇر؟........................................................................ 137
روزىمىزنىڭ مەقبۇل بولىشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟........................................................................ 137

رامىزانغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇقۇملار ........................................................................138
بىر روزا تۇتقان ۋاقتىمىزدا روزىمۇ بىزنى تۇتىدۇ.....................................................................140
روزا ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز ...........................................................................141
روزا تۈرلىرى ...........................................................................................143
قازا روزىسى ...........................................................................................146
كەففارەت روزىسى .......................................................................................146
روزىمىزنى سۇندۇرىدىغان ئەھۋاللار ..........................................................................147
كەففارەت ھەم قازا روزىسى تۇتۇشقا تېگىشلىك ئەھۋاللار .......................................................147
پەقەتلا قازا روزىسى تۇتسا بولىدىغان ئەھۋاللار ...............................................................148
روزىنى سۇندۇرمايدىغان ئەھۋاللار ...........................................................................149
قايسى ئەھۋاللاردا روزا تۇتمىسا گۇناھ بولمايدۇ؟.................................................................150
روزىنىڭ فىدىيەسى.......................................................................................151
پىتىر سەدىقىسى..........................................................................................151
ئاداق روزىسى.............................................................................................151
تىراۋۇ (تەراۋىھ) نامىزى...................................................................................152
ئېتىكاپ...................................................................................................152
قەدىر كېچىسى .........................................................................................153
روزا ھېيت ...............................................................................................154
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ھاياتى...................................................................155
**شېئىر:** رامىزان .......................................................................................158
سوئاللار ................................................................................................159

## زاكات / 161

**ھېكايە:** شۈكۈر ئىمتىھانى ......................................................................162
مېلىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى كىم؟ ..........................................................................164
سەدىقە ۋە زاكات .......................................................................................165
زاكات دېگەن نېمە؟.......................................................................................167
زاكات ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز..........................................................................168
**ھېكايە:** تېخىمۇ قىممەت ئالغۇچى بار...................................................................172
زاكات بېرىش كىملەرگە پەرزدۇر؟..........................................................................174
دىنىي جەھەتتە باي ھېسابلىنىشنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟..........................................................174
زۆرۈر ئېھتىياجلار قايسىلار؟...............................................................................174
زاكتى بېرىلىدىغان ماللارنىڭ ئۆلچىمى ۋە مىقدارى .........................................................175
تىجارەت ماللىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە زاكىتى......................................................................175

چارۋا ماللارنىڭ ئۆلچىمى ۋە زاكىتى ........................................................ 176
يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە زاكىتى................................................ 177
**ھېكايە:** خاراپ بولغان باغ .................................................................... 178
زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟ ................................................................... 180
كىملەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ؟ ...................................................................... 181
**ھېكايە:** ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بەردىم ........................................................ 182
زاكات بەرگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم............................................... 183
ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاش تىلەمچىلىك قىلىشتىن ياخشىدۇر.......................................... 185
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىلىگى ۋە باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرۈشى ................ 186
**شېئىر:** سەككىز جەننەت ھازىر ................................................................ 188
سوئاللار ......................................................................................... 189

## ھەج / 191

**ھېكايە:** زەمزەم.......................................................................... 192
ھەج دېگەن نېمە؟ ................................................................................ 194
ھەج ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز ............................................................... 195
**ھېكايە:** مېغىز كەمپىت.......................................................................... 198
ھەج كىملەرگە پەرزدۇر؟ ........................................................................... 199
**شېئىر:** كەبىنىڭ يوللىرى........................................................................ 200
كەبە .............................................................................................. 201
ھەجگە مۇناسىۋەتلىك يەرلەر......................................................................... 203
**شېئىر:** يېتىپ بارغان يەرلەرگە.................................................................. 206
مەككە ۋە مەدىنىدىكى زىيارەت يەرلىرى ......................................................... 207
ھەجنىڭ پەرزلىرى.................................................................................. 210
ھەج ئىبادىتىدىكى ۋەزىپىلەر ...................................................................... 210
ھەج قانداق قىلىنىدۇ؟ ............................................................................. 214
ئۆمرە............................................................................................. 216
ھەجدىن قانداق ھەدىيە ئېلىپ كەلدىڭلار؟ .......................................................... 217
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججى / ۋىدالىشىش ھەججى ....................................... 218
**شېئىر:** ئىزدەپ، ئىزلەپ تاپسام ئىزىڭنى ........................................................ 220
سوئاللار ......................................................................................... 221

## قۇربانلىق / 223

**ھېكايە:** دوستلۇق سىنىقى ..................................................................... 224

قۇربانلىق دېگەن نېمە؟ ..... 226
قۇربانلىق مال قاچان بوغۇزلىنىدۇ؟ ..... 226
قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز ..... 227
قۇربانلىق قىلىش كىملەرگە ۋاجىپتۇر؟ ..... 229
قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلار ..... 230
قۇربانلىق مال قانداق بوغۇزلىنىدۇ؟ ..... 231
قۇربانلىق مالنى بوغۇزلىغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟ ..... 232
قۇربانلىق مالنىڭ گۆشىنى قانداق تەقسىم قىلىمىز؟ ..... 232
قۇربانلىق مالنىڭ تېرىسىنى قانداق قىلىمىز؟ ..... 232
ئاداق قۇربانلىقى ..... 233
ئەقىقە قۇربانلىقى ..... 233
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇربانلىق ..... 234
سوئاللار ..... 235
جاۋابلار ..... 237





يارىتىلىشىمىزنىڭ غايىسى

# ئىبادەت

- ئىبادەتنىڭ مەنىسى
- ئىبادەتنىڭ غايىسى
- ئىبادەت ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرىمىز





# سارايدىكى زىياپەت

ناھايىتى باي بىر پادىشاھ بار ئىكەن. پادىشاھ بايلىقنى ۋە سەلتەنىتىنىڭ كاتتىلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەكچى بوپتۇ. بۇ مەقسەتتە چوڭ بىر ساراي بىنا قىلىپتۇ. سارايىنىڭ ھوجرىلىرىنى قىممەتلىك گۆھەر ۋە زىننەت ئەشيالىرى بىلەن بېزەپتۇ. داستىخانغا ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى تىزىپتۇ. ئاندىن ئىنسانلارغا ئۆزىنى تونۇتۇش ۋە سارايغا كەلگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر ئەلچى تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئىنسانلارنى سارايغا تەكلىپ قىلىپتۇ.

ئەلچى كەلگەن مېھمانلارغا يول باشلاپ، سارايىنى ئايلاندۇرۇپتۇ. پادىشاھ تەييارلىغان تائاملار ۋە سوغاتلارنى تەقدىم قىپتۇ. ئاندىن مېھمانلارغا پادىشاھنى تونۇتۇشقا باشلاپتۇ.

ئەي خالايىق! بۇ سارايىنىڭ ئىگىسى بولغان پادىشاھىمىز سارايىنى ۋە ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى سىلەرگە تونۇتماقچى. سىلەرگە بەرگەن زىياپەت ۋە سوغا-سالاملار بىلەن ئۆزىنىڭ سىلەرنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار ۋە ھۆرمەت قىلىڭلار. ئەدەپسىزلىك قىلماڭلار! ئۇ سىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن ھەدىيىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مەرتلىگى ۋە مېھرى-شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. سىلەرمۇ بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىززەت-ھۆرمەت قىلىڭلار. سارايدىكى بارلىق ئەشيا ۋە بىساتلاردا ئۇنىڭ مۆھۈرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر. بۇ گۈزەللىكلەرنىڭ ئىگىسىنى تونۇشقا، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە شەپقىتىنىڭ چەكسىزلىگىنى چۈشىنىشكە تىرىشىڭلار.

ئەلچى بۇ گۈزەل سۆزلىرى بىلەن مېھمانلارغا ساراي ۋە پادىشاھنى تونۇشتۇردى. تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېھمانلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ئەلچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى. سارايغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىغا خۇرسەن بولدى. زىياپەت ئەسناسىدا سارايىنىڭ قائىدىسىگە رىئايە قىلىپ، يۈرۈش-تۇرۇشتا ئەدەب-قائىدىلىك ۋە ئىنتىزامچان بولدى. پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىنى سارايغا تەكلىپ قىلىپ، مېھمان قىلغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۈرلىرىنى ئېيتىشتى. بۇ مېھمانلارنىڭ





قىلغىنىدىن پادىشاھ مەمنۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى تېخىمۇ كاتتا ۋە ھەشەمەتلىك بولغان گۈزەل بىر سارايغا ئەۋەتىپ مۇكاپاتلىدى. ئۇلار ئۇ يەردە مەڭگۈ بەختلىك بولۇپ ياشىدى.

ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر بولسا، سارايدىكى يېمەك-ئىچمەكتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە قارىمىدى. ئەلچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى. زىياپەت داستىخىنىنى قالايمىقان قىلىپ، ئىچىش مەنئى قىلىنغان ئىچىملىكلەرنى تېپىپ ئىچىپ، مەست بولدى. مەستلىكتە ئالا-تاغىل توۋلاپ، ۋاقىراپ-جاقىراپ، باشقا مېھمانلارنى بىئارام قىلدى. بېرىلگەن سوغا-سالاملار ئۈچۈن پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ياراتمىدى، كۆزگە ئىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇلار تۈرمىدە ئازاب چەكتى.

## سوئاللار

- ھېكايىدىكى پادىشاھ ئاللاھتائالانى كۆرسىتىدۇ. سىزنىڭچە، بۇ يەردىكى ساراي نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟
- سارايدىكى داستىخان، سوغا-سالام ۋە زىننەت ئەشيالىرى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟
- ئەلچى كىمنى كۆرسىتىدۇ؟
- زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچىلار كىملەر؟
- بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى مېھمانلار كىمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟
- ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى مېھمانلار كىمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟
- بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى مېھمانلار ئەۋەتىلگەن گۈزەل ساراي قەيەرنى ئىپادىلەيدۇ؟
- ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى مېھمانلار تاشلانغان تۈرمە قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟
- ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى مېھمانلار نېمە ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلاندى؟
- ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر نېمىشقا ئەلچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى؟



# ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئىبادەت بىزنى ۋە ھەممە نەرسىنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھقا تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىش، ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىپ، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

ئىبادەت قەلبىمىزدىكى ئىمانىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىمىزدە ئىپادىلىنىشىدۇر. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش ۋە ئاللاھنى زىكىر قىلىش قاتارلىقلار ئىبادەتتۇر. يالغان سۆزلەشتىن، ئوغرىلىق قىلىشتىن يىراق تۇرۇشمۇ ئىبادەتتۇر. ئاتا-ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، تۇققانلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشمۇ ئىبادەتتۇر. ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش، ياردەم قىلىش، ئۇلارغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىبادەتتۇر. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا سالام قىلىش، ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەشمۇ ئىبادەتتۇر. ئىشقىلىپ، ئاللاھ رىزاسى (ئاللاھنى رازى قىلىش) ئۈچۈن قىلىنغان ھەر قانداق ئىش ئىبادەتتۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«دۇئا ئىبادەتنىڭ ئۆزىدۇر (ماھىيىتىدۇر).»

(تىرمىزى: «دەئاۋات»، 1)



ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، ئىبادىتىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ھەممىسى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.»

(ئەنئام سۈرىسى 162-ئايەت)

# نېمىشقا ئىبادەت قىلىمىز؟

هاياتىمىزنىڭ ھەر دەقىقىسىدە سان-ساناقسىز نېمەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. بىز نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋا، ئىچىۋاتقان سۇ، يەۋاتقان نان؛ رەڭگى، پۇرىقى، تەمى خىلمۇ-خىل بولغان مېۋە-چېۋە، ئوتياش-كۆكتاتلار؛ گۆشىنى يەپ، سۈتىنى ئىچىدىغان ھايۋانلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ بىزگە بەرگەن نېمەت ۋە ياخشىلىقتۇر.

بىر ئادەم بىزگە كىچىككىنە بىر ياخشىلىق قىلسا، خوش بولۇپ كېتىمىز. ياخشىلىق قىلغۇچىغا كۆڭلىمىزدە ئامراق بولۇپ، ھۆرمەت قىلىمىز. قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمىز. بىزگە بىرەر ۋەزىپە تاپشۇرسا، خۇشاللىق بىلەن بېجىرىمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ-يا؟! ئۇنداقتا، بىزنى يوقلۇقتىن بار قىلغان، سان-ساناقسىز نېمەتلەرنى بەرگەن ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىش ۋە بۇيرىغان ئىبادەتلەرنى خۇشاللىق بىلەن قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

ئىبادەت قىلساق، ئاللاھ بىز ئۈچۈن ياراتقان بۇنچە كۆپ نېمەتلەر تۈپەيلى ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتقان بولىمىز. ئىبادەتلىرىمىز ئارقىلىق ئۇلۇغ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىمىزنى، مۇھەببىتىمىزنى، بەندىلىكىمىزنى، ئۇنىڭغا تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلىگەن بولىمىز. شۇنداق قىلساق، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيمىز. ئاللاھ بىزدىن رازى بولسا، بىزگە دۇنيادىكى نېمەتلەردىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان نېمەتلەرنى ئاخىرەتتە بېرىدۇ ۋە بىزنى جەننەتتە ئەبەدىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتە سىلەردىن تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭلار. ئۆزەڭلاردىن يۇقىرىدىكىلەرگە قارىماڭلار. بۇنداقتا، ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلەرنى خار كۆرمىگەن بولىسىلەر.»

(مۇسلىم: «زۇھد»، 9)

**ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:**

«ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، نېمەتلىرىمنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ بېرىمەن.»

(ئىبراھىم سۈرىسى 7-ئايەت)

## كەش

بىر بالىنىڭ كىيىدىغان كەشى يوق ئىكەن. بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم ئىكەن. بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، پۇتى يوق بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۆز-ئۆزىگە: «خۇدايىمغا يۈز مىڭ شۈكرى! مېنىڭ كەشىم (ئايىغىم) يوق، ئەمما پۇتۇم ساق. كەشنى ئالغىلى بولىدۇ، ئەمما پۇتنى بولمايدۇ.» دەپتۇ.



ئىگىدارچىلىقىمىزدىكى نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى بىلگەندىلا، ئاندىن ئاللاھقا شۈكۈر قىلالايمىز.





# ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىمەن

ئائىشە بىر قانچە كۈندىن بېرى ئۆيدە ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئىدى. خېلى ساقايغاندەك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئانىسى ئۇنىڭ ياتماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمايۋاتقان ئىدى. يەنە بىر ئاز دەم ئېلىشى، يېمەك-ئىچمەكلەرگە دىققەت قىلىپ، ئەسلىگە كېلىشى كېرەك ئىدى.

ئائىشەنىڭ كارۋىتى دېرىزىنىڭ يېنىدا ئىدى. كۈن بويى كوچىدا ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراپ ياتاتتى، كىتاب ئوقۇغاچ ئاتا-ئانىسى بىلەن پاراڭلىشاتتى. شۇنداقتىمۇ ئىچى قاتتىق پۇشۇپ كەتكەن ئىدى. تاماق يېيىشنى خالىمايتتى. بولۇپمۇ دورا يېيىشكە بەكلا ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئائىشەنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئائىشە بەكلا خۇشال بولدى.

ئوقۇتقۇچىسى ئائىشەنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. يېنىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ، قانداقراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدى.

ئائىشە كارۋاتتا يېتىۋېرىشتىن جاق تويۇپ كەتكەنلىكىنى، دورا يېيىشكە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، تېزرەك ساقىيىپ، ئورنىدىن تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئوقۇتقۇچىسى ئائىشەنىڭ چاچلىرىنى سىلىغاچ، تېخىمۇ سەۋرچان بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئائىشە جىمىپ كەتتى. بۇ نەسىھەت بەك خوشياقمىغان ئىدى. ئوقۇتقۇچىسىدىن:



- خانىم، ئاللاھ كېسەللىكنى نېمە ئۈچۈن ياراتقان بولغىيتتى؟ - دەپ سورىدى.

ئوقۇتقۇچىسى:

- ساقلىقنىڭ قەدرىگە يېتىشىڭ، سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىشىڭ ئۈچۈن. – دېدى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئائىشە چۈشەنمىگەن ئىدى.

- قانداقسىگە؟ - دەپ سورىدى.

ئوقۇتقۇچىسى:

- ماڭا قارا ئائىشە! بېشىمىزغا كەلگەن ھەر قانداق بىر كۆڭۈلسىزلىك بىزگە بىر نەرسىلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: كېسەللىك ساقلىقنىڭ قەدرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئاچلىق يېمەكلىكنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇسسۇزلۇق بولسا سۇنىڭ قىممىتىنى. ئەگەر بۇلارنى ھېس قىلمىساڭ، قول-ئىلكىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەيسەن. – دېدى.

ئائىشە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزىگە بېشىنى لىڭشىتىپ:

- شۇنداق! توغرا دەيسىز. مەنمۇ ساقلىقنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كېسەل بولغان چېغىمدىلا ئاندىن ھېس قىلدىم. – دېدى.

ئوقۇتقۇچىسى:

- ئاپىرىن ئائىشە! بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى بىلمىسەك، ئۇنى بەرگۈچىگىمۇ لايىقىدا تەشەككۈر ئېيتالمايمىز. سەن بۇندىن كېيىن سېنى ساغلام بىر قىز قىلىپ ياراتقان ئاللاھقا تېخىمۇ كۆپ شۈكۈر قىلىسەنغۇ دەيمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ-يا؟ - دېدى.

ئائىشە:

- شۇنداق! خانىم، شۇنداق! بۇنى ھەرگىز ئونۇتمايمەن. – دېدى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

ئەمما بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن خىيالىغا بىر سوئال كەلدى ۋە سورىماي تۇرالمىدى:

- خانىم، ئۇنداقتا بايلار ئاللاھقا تېخىمۇ كۆپ شۈكۈر قىلىشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟

- سەن ئويلاپ باق. ئەگەر بىر كىشى ئەما بولسا، بىراق ناھايىتى كۆپ پۇلى بار بولسا، ئۇ بارلىق پۇلىسىنى دۇنيانى كۆرۈش ئۈچۈن (كۆزىنى ساقايتىش ئۈچۈن) خەجلىمەسمۇ؟! ياكى گاس بولسا، بارلىق مال-دۇنياسىنى ئاۋاز ئاڭلاش ئۈچۈن سەرپ قىلماسمۇ؟! – دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇتقۇچىسى.

- ئەلۋەتتە خەجلەيدۇ-دە! – دېدى ئائىشە.

- ئۇنداقتا، كۆرىدىغان كۆزى، ئاڭلايدىغان قۇلىقى، ماڭالايدىغان پۇتى بار بولغان ھەر قانداق جانلىق ئىنتايىن بايدۇر. ھەممىدىن ئاۋۋال تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئەقلى بار ئىنسانلار...

- ئۇنداقتا، مەنمۇ ناھايىتى باي! – دېدى ئائىشە.

- شۇنداق! سەن ناھايىتى باي. شۇڭا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىڭ كېرەك. – دېدى ئوقۇتقۇچىسى.

ئائىشە:

- مەن ئەمدى بۇندىن كېيىن شىكايەت قىلمايمەن. ئاللاھقا شۈكۈر قىلغۇچى بىر بەندە بولىمەن. – دېدى.

ئوقۇتقۇچىسى ئائىشەنىڭ كىچىك قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ پىشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويدى ۋە:

- گەچمىش بولغاي! (ئاغرىپ قالغانلىقىڭ گەچمىش بولغاي) ئاللاھنىڭ ساڭا تىزرەك شىپا بېرىشىنى تىلەيمەن. – دېدى.

- چىغدەم ئۈزمەن

# ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق نېمىلەرگە ئېرىشىمىز؟

## ئىبادەتلەر بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ

يارىتىلىشىمىزدىكى مەقسەت ئاللاھنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. قىلغان ئىبادەتلىرىمىز بىلەن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلىگەن بولىمىز. ئۆزىمىزنى ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىن ھېس قىلىمىز. بۇ ۋاستە ھالدا ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەپ، ئۇنىڭ رەھمىتىگە سىغىنىمىز. ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىمىز سەۋەبىدىن ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز.

## ئىبادەتلەر ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ

ئىبادەت بىزنىڭ پاكىزە، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە جەمئىيەتكە يارامىلىق بىر ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. قەلبىمىزنى ناچار ئوي ۋە بولمىغۇر خىياللاردىن پاكىزلايدۇ. ھەم ئىچىمىزنى، ھەم تېشىمىزنى، يەنى روھىمىزنى پاكىزلاش ئارقىلىق ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

## ئىبادەتلەر ئىمانىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ

ئىماننى ساقلاش ۋە كۈچلەندۈرۈش پەقەت ئىبادەت بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. ئىبادەتلىرىمىزنى جايىدا قىلىشاق، ئىمانىمىز كۈچلىنىدۇ.

كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، ئىبادەت ھەم بۇ دۇنيالىقىمىز، ھەمدە ئۇ دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىغان بىر مۇسۇلمان قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن نېرى تۇرمايدۇ. دەرۋەقە، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ جەھەتتىمۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۈرنەكتۇر. ئۇ ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىدى. ئىبادەت قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، بارلىق ئىبادەتلىرىنى كەم-كۈتسىز تولۇق ئادا قىلاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشنى پات-پات نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى.

**ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:**

«مەن ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم.»

(زارىيات سۈرىسى 56ـئايەت)

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:
ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان، جەھەننەمدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بەرسەڭ. ـ دېدى.
بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:
ـ «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمە! ناماز ئوقۇ، زاكات بەر ۋە خىش-ئەقرىبالىرىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال!»

(بۇخارى: «ئەدەب»، 10)

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:
ـ مۇئاز، ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى، سېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن! ـ دېدى. مۇئازمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:
ـ ئەي رەسۇلۇللاھ، مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن! ـ دېدى.
ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:
ـ مۇئاز، ھەر نامازدىن كېيىن بۇ دۇئانى چوقۇم ئوقۇشۇڭنى تەۋسىيە قىلىمەن:

اللَّهُمَّ اَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَ شُكْرِكَ وَ حُسْنِ عِبَادَتِكَ

مەنىسى: «ئاللاھىم! سېنى زىكىر قىلىشىم، نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىم، ساڭا تەئدىل-ئەركان بىلەن ئىبادەت قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىل!» (ئەبۇ داۋۇد: «ۋىتىر»، 26)

## سوئاللار

### ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. توغرا بولسا «توغرا»، خاتا بولسا «خاتا» دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە ئىشارەت قىلىڭ.

- ئىبادەت، بىزنى ۋە ھەممە نەرسىنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھقا مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىشتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- يارىتىلىشىمىزدىكى مەقسەت چوڭ بولغاندا ھۈنەرۋەن بولۇشتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- ئىنسانلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارغا سالام بېرىش، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا خوشچىراي ئېچىپ، چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش ئىبادەت ئەمەس. توغرا ☐ خاتا ☐
- ئىبادەتلەر پەقەت ۋۇجۇدىمىزنى پاكىزلاپلا قالماي، ئەخلاقىمىزنىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- ئىبادەت قىلساق، ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېمەتلىرى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتقان بولىمىز. توغرا ☐ خاتا ☐

### ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئىبادەت ئەمەس؟

ئا. ناماز ئوقۇش

ب. يالغان گەپ قىلماسلىق

ت. كىشىلەرنىڭ كەينىدە گەپ قىلىش

2) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئاللاھ ياخشى كۆرگەن ۋە ئەمىر قىلغان ئىشلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ؟

1. سالىھ ئەمەل (ياخشى ئىش)
2. گۇناھ
3. ئىبادەت

ئا. 1-2

ب. 1-3

ت. 1-2-3

پ. 2-3

3) «بىر پىيالە قەھۋەنىڭ قىرىق يىللىق يۈز-خاتىرىسى بار» دېگەن ماقال-تەمسىل تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدە قايسى جۈملىنىڭ مەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؟

ئا. قەھۋە ئىچكەن چاغدا قىرىق يىلغىچە ئۇنى ئۇنۇتمايمىز.

ب. بىزگە قەھۋە بەرگەن ئادەمنى ياخشى كۆرىمىز.

ت. بىزگە ياخشىلىق قىلغان ياكى بىرەر نەرسە بەرگەن ئادەمنى ھېچ ئۇنۇتمايمىز.

پ. بىر پىيالە قەھۋەنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا قىرىق يىللىق خاتىرىسى بار.

4) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى بىز ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئالاھىدىلىكلەر ئەمەس؟

ئا. ئىبادەت سايىسىدا بەدىنىمىز ۋە روھىمىز پاكىز ۋە گۈزەل بولىدۇ.

ب. ئىبادەت ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىنسانلاردىن بولۇپ يېتىشىمىز.

ت. ئىبادەت بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىمىز.

پ. ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق مەشھۇر بولىمىز.

5) «ئاللاھقا نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟

1. ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن

2 . ئاللاھنىڭ ئەمرى بولغانلىقى ئۈچۈن

3. جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلۇش ۋە جەننەتكە كىرىدىغان بەختلىك ئىنسانلاردىن بولۇش ئۈچۈن

ئا. 1-2

ب. 1-3

ت. 1-2-3

پ. 2-3

**تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(ئىش-ھەرىكەت، ئاللاھ، شۈكۈر قىلىشىم، ئىبادەت، ئىبادىتىم)**

- «ئېيتقىنكى، شۈبھىسىز مېنىڭ نامىزىم، ..........، ھاياتىم ۋە ماماتىم ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.
- يالغان گەپ قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق ..........تۇر.
- ئىبادەت قەلبىمىزدىكى ئىماننىڭ .............. ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدۇر.
- .............. رىزاسى ئۈچۈن قىلىنغان ھەر قانداق ئىش ئىبادەتتۇر.
- ئاللاھىم، سېنى زىكىر قىلىشىم، نېمىتىڭگە ..........، ساڭا تەئدىل-ئەركان بىلەن ئىبادەت قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىل!




دىنىي مەسئۇلىيەتلىرىمىز

# بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتى

- ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتىمىز
- بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ سۆز-ھەرىكىتى
- ئىسلامنىڭ شەرتلىرى




# جەننەتنىڭ يولى

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرىدىن ھەزرىتى مۇئاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ۋە جەھەننەمدىن ئۇزاقلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرسەڭ! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بەك چوڭ بىر نەرسە ئىستەۋاتىسەن. ئەمما بۇ، ئاللاھ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن كىشى ئۈچۈن ناھايىتى قولايدۇر. ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك قىلمىغان ھالدا پەقەت ئاللاھقىلا قوللۇق قىلغىن. نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇغىن. زاكات بەرگىن. رامىزان روزىسىنى تۇتقىن. كۈچۈڭ يەتسە، ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭ يار بەرسە، ھەجگە بارغىن. - دېدى. سۆزىنىڭ داۋامىدا:

- ئەمدى ساڭا خەير ئىشىگىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ روزا (جەھەننەم ۋە گۇناھلارغا قارشى) قالقاندۇر. سەدىقە سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، گۇناھنىڭ ئازابىنى يوق قىلىدۇ. كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوپۇپ، تاھارەت ئېلىپ ئوقۇغان نامازمۇ گۇناھلارنىڭ ئازابىنى يوق قىلىدۇ. - دېدى.

ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

**«ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن-كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.»** (سەجدە سۈرىسى 16-17-ئايەتلەر)

كېيىن مۇنداق دېدى:

- ساڭا بارلىق ئىشلارنىڭ بېشى، ئاساسىي تۈۋرۈكى ۋە ئەڭ مۇقەددەس بولغىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟

ھەزرىتى مۇئاز:





- ماقۇل! دەپ بەرگىن، ئى رەسۇلۇللاھ. ـ دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، ئەڭ مۇقەددەس بولغىنى جىھادتۇر. ـ دېدى. ئاندىن:

- ساڭا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جان تومۇرىنى دەپ بېرەيمۇ؟ - دېدى. ھەزرىتى مۇئاز:

- قېنى، ئېيتىپ بەرگىن! ئى رەسۇلۇللاھ. ـ دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلىنى تۇتۇپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- مۇشۇنى چىڭ ساقلا! ـدېدى. ھەزرىتى مۇئاز:

- ئى رەسۇلۇللاھ، بىز قىلغان گەپ-سۆزلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ھېساب بېرەمدىمىز؟ - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئەي مۇئاز، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلغاي! ئىنسانلارنىڭ جەھەننەمگە كىرىشىگە شۇ تىل (ئېغىز) بىلەن قىلغان گۇناھلار سەۋەبچى. ـ دېدى. (تىرمىزى: «ئىمان»، 8)

## دىنىي ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتىمىز

ئاللاھتائالا بىزگە نۇرغۇن نېمەتلەرنى بەرگەن. بۇ نېمەتلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئەقىلدۇر. بىز ئەقىل ئارقىلىق توغرا بىلەن خاتانى، ياخشى بىلەن يامانني پەرقلەندۈرىمىز. شۇڭا ئەقىل ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى ئىنساننى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەردىن بىرىدۇر.

ئەقىل نېمىتىگە مەسئۇلىيەت ئەگىشىپ كەلگەن. چۈنكى بىزگە بۇ نېمەتلەرنى بەرگەن ئاللاھتائالا بىزنى مەسئۇلىيەتتىن خالىي ھالدا ئۆز ئىختىيارىمىزغا قويۇپ بەرمىگەن. بىز ئۈچۈن پايدىلىق ۋە ياخشى بولغان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرىغان، زىيانلىق ۋە ناچار ئىشلارنى بولسا مەنئى قىلغان. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولىشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر قاتار مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىمىزگە يۈكلىگەن ۋە بۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشىمىز تەلەپ قىلىنغان. قىسقىسى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىش-ھەرىكەتلەر «دىنىي ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

### قانچە ياشقا كىرگەندە بالاغەتكە يەتكەن بولىدۇ؟

بالاغەتكە يېتىش يېشى باللارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ۋە ئىقلىم شارائىتىغا ئاساسەن پەرقلىق بولىدۇ. بالاغەت يېشى ئومۇمەن ئوغۇللاردا 12-15 ياش ئەتراپىدا، قىزلار 9-15 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ. ئون بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بالاغەتكە يەتكەنلىكىگە دائىر ئالامەت كۆرۈلمىگەن باللار قىز ياكى ئوغۇل بولىشىدىن قەتئىنەزەر، ھەممىسى بىردەك بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ ھېسابلىنىپ، دىنىمىزنىڭ پەرز-ۋاجىپ قاتارلىق ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

### مۇكەللەف دېگەن نېمە؟

بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى-ھوشى جايىدا، دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك بولغان كىشىلەر «مۇكەللەف» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەقلى-ھوشى جايىدا ئەمەس، بالاغەتكە يەتمىگەن باللار مۇكەللەف ھېسابلانمايدۇ. (شۇڭا ئۇلار دىنىي مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ.)

# ئەفئالى مۇكەللىفىن

## ئەفئالى مۇكەللىفىن دېگەن نېمە؟

دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك خىلمۇ-خىل ھۆكۈملەر بار. بۇلار «ئەفئالى مۇكەللىفىن» دەپ ئاتىلىدۇ. (ئۇيغۇر خەلقى ئىبغىز تىلىدا بەزەن بۇنى قىسقارتىپ «ھالال-ھارام ھۆكمى» دەپمۇ ئاتىغان.)

## دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار قايسىلار؟

مۇكەللەف، يەنى بالاغەتكە يەتكەن كىشىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە ئائىت ھۆكۈملەر سەككىز تۈرلۈك ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:

| ئەفئالى مۇكەللەفىن | |
|---|---|
| 1. پەرز | ☺☺☺☺ |
| 2. ۋاجىپ | ☺☺☺ |
| 3. سۈننەت | ☺☺ |
| 4. مۇستەھەب | ☺ |
| 5. مۇباھ | 😐 |
| 6. مەكرۇھ | ☹☹ |
| 7. ھارام | ☹☹☹☹ |
| 8. مۇفسىد | 💣 |



### پەرز ☺☺☺☺

**پەرز:** دىنىمىزدە قىلىنىشى ئېنىق بۇيرۇلغان ئىبادەتلەردۇر. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىش پەرزدۇر.

پەرزنى ئادا قىلغان كىشى كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. سەۋەبسىز ھالدا قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. پەرزلەردىن بىرىگە ئىشەنمىگەن ياكى ئۇنىڭ دىنىمىزنىڭ بىر ئەمرى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمىغان كىشى ئىماندىن ئاجراپ كېتىدۇ.

پەرز ئىككى تۈرلۈكتۇر:

**ئا) پەرزى-ئەيىن:** بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلمان چوقۇم ئادا قىلىشى كېرەك بولغان پەرزدۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش پەرزى-ئەيىندۇر.

**ب) پەرزى-كۇفايە:** ھەممەيلەننىڭ ئەمەس، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشى كېرەك بولغان پەرزدۇر. ئەگەر بەزىلەر بۇنى ئادا قىلسا، باشقا مۇسۇلمانلار بۇ مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ئەگەر ھېچكىم بۇ پەرزنى ئادا قىلمىسا، بارلىق مۇسۇلمانلار جاۋابكار بولىدۇ. مەسىلەن: بىر مەھەللىدە بىر مۇسۇلمان ۋاپات بولغاندا، مەھەللىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ جىنازا (مېيىت) نامىزىنى ئوقىسا، مەھەللىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ گەدىنىدىن بۇ پەرز ساقىت بولغان بولىدۇ.

## ۋاجىپ ☺☺☺

**ۋاجىپ:** پەرزگە ئوخشاش كۈچلۈك دەلىللەرگە تايانمىغان، ئەمما ئادا قىلىنىشى ئەمر قىلىنغان ئىبادەتلەردۇر. مەسىلەن: ھېيت نامىزى ئوقۇش، رامىزان ئېيىدا كەمبەغەللەرگە پىتىر سەدىقىسى بېرىش، قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپتۇر.
پەرزنى ئادا قىلغاندەك ۋاجىپنىمۇ ئادا قىلغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. ئەمما پەرزنى ئىنكار قىلغان كىشى دىندىن چىقىپ كەتكەن بىلەن، ۋاجىپنى ئىنكار قىلغان كىشى دىندىن چىقىپ كەتمەيدۇ.



## سۈننەت ☺☺

**سۈننەت:** پەيغەمبىرىمىز پەرز ۋە ۋاجىپ ئىبادەتلەردىن باشقا ئادا قىلغان ۋە بىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان ئىشلاردۇر.
سۈننەت ئىككى تۈرلۈكتۇر:
ئا) **سۈننەتى-مۇئەككەدە:** پەيغەمبىرىمىز كۆپ ۋاقىتلاردا قىلغان، ئاز ۋاقىتلاردا قىلمىغان سۈننەتلەردۇر. مەسىلەن: بامدات، پېشىن، شام نامىزىنىڭ سۈننىتى بىلەن تىراۋىۋ (تەراۋىھ) نامىزى سۈننەتى-مۇئەككەدەدۇر.
ب) **سۈننەتى-غەيرى مۇئەككەدە:** پەيغەمبىرىمىز بەزىدە قىلىپ، بەزىدە قىلمىغان سۈننەتلەردۇر. مەسىلەن: ئەسىر نامىزىنىڭ سۈننىتى بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ باشتىكى سۈننىتى سۈننەتى-غەيرى مۇئەككەدەدۇر.

سۈننەتلەرنى قىلغۇچى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولىدۇ. سۈننەتنى تەرك قىلغۇچى بولسا، پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ساۋابتىن مەھرۇم قالىدۇ.



## مۇستەھەب ☺

**مۇستەھەب:** دىنىمىزنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قىلسا ياخشى ۋە گۈزەل بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. بۇلار «نەپلە» ياكى «مەندۇپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: قۇشلۇق (چاشگاھ ۋاقتى) نامىزى ئوقۇش، دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇش، پېقىرلارغا سەدىقە بېرىش، ئۆزئارا ھەدىيىلىشىش قاتارلىقلار مۇستەھەبتۇر.

مۇستەھەب ئىشلارنى قىلغۇچى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. قىلمىغان كىشى بولسا، گۇناھكار بولمايدۇ.



## مۇباھ ☺



**مۇباھ :** قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارى بولغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. مۇباھ بولغان بىر ئىشنى قىلغان ۋاقتىمىزدا ساۋابمۇ بولمايدۇ، گۇناھمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: ئولتۇرۇش، مېڭىش ۋە ئۇخلاش قاتارلىقلار مۇباھتۇر.

## مەكرۇھ ☹☹

**مەكرۇھ:** دىنىمىزدە بۇ ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش يامان كۆرۈلگەن ۋە (زىيانلىق ئىكەنلىكى بىلىنگەچكە قارشى ئېلىنمايدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر.

ئىككى تۈرلۈك مەكرۇھ باردۇر:

**ئا) تەھرىمەن (ھارامغا يېقىن) مەكرۇھ:** ھارامغا ئوخشاش قەتئىي بىر دەلىلگە تايانمىغان بولسىمۇ، ئەمما قىلىش مەنئىي قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. بۇنى قىلغۇچى گۇناھكار بولىدۇ. مەسىلەن: تاماكا چېكىش، ھېيت نامىزى ئوقۇماسلىق، سەۋەبسىز ھالدا ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇماي، كۈن پاتقاندا ئوقۇش قاتارلىقلار تەھرىمەن مەكرۇھ بولىدۇ.

**ب) تەنزىھەن (ھالالغا يېقىن) مەكرۇھ:** قىلىنىشى دىنىمىزدە يامان كۆرۈلگەن ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. بۇنى قىلغۇچى گۇناھكار بولمايدۇ، ئەمما ياخشى بولمىغان بىر ئىشنى قىلغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوڭ قول بىلەن بۇرنىنى تۇتۇپ مىشقىرىش قاتارلىقلار تەنزىھەن مەكرۇھتۇر.



## ھارام ☹☹☹☹

**ھارام:** قىلىنىشى دىنىمىزدە قەتئىي مەنئىي قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. مەسىلەن: ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، قىمار ئويناش، چوشقا گۆشى يېيىش، ئاتا-ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا غەيۋەت قىلىش قاتارلىقلار ھارامدۇر.

ھارام ئىش قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئېغىر جىنايەت ئىشلىگەن قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرغان كىشىلەرنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلار كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھارامنى ئىنكار قىلغان، ھارام ئىشنى ھالال ھېسابلىغان كىشىلەر ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

## مۇفسىد 💣

**مۇفسىد:** باشلىغان بىر ئىبادەتنى بوزغان ئىش-ھەرىكەتلەر مۇفسىدتۇر. مەسىلەن: نامازدا گەپ قىلسا، ناماز بۇزۇلىدۇ. روزىدار بىلىپ تۇرۇپ يەپ ئىچسە، روزىسى سونۇپ كېتىدۇ. بۇزۇلغان ئىبادەتنى يېڭىۋاشتىن قايتا قىلىشى كېرەك.

# ئىسلامنىڭ شەرتلىرى

مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىمىز بار. بۇلارنىڭ باشتا كەلگەنلىرىنى ئىسلامنىڭ شەرتلىرى دەپ ئاتايمىز. مۇسۇلمانلىق بۇ شەرتلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان.

بۇ شەرتلەر بەشتۇر:

1. **كەلىمەئى شاھادەت** (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ قۇلى (بەندىسى) ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش)،
2. **ناماز ئوقۇش،**
3. **روزا تۇتۇش،**
4. **زاكات بېرىش،**
5. **ھەج قىلىش.**

بۇ بەش شەرتنىڭ بىرىنچىسى دىنىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئېتىقادىدۇر. باشقىسى بولسا، بۇ ئاساسىي ئېتىقاد ئۈچۈن قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان ئاساسلىق ئىبادەتلەردۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، تەئدىل-ئەركان بىلەن ناماز ئوقۇش، رامىزاندا روزا تۇتۇش، زاكاتنى جايىدا بېرىش، كەبىگە بېرىپ ھەج قىلىش.»

(بۇخارى: «ئىمان»، 1)

## ئىسلامنىڭ شەرتلىرى

ئىسلامنىڭ بەش شەرتى بار،
بىلىش ئۇنى سائادەت.
كىم بۇنى ئادا قىلسا،
ئۇنىڭغا ئاچىلار جەننەت.

شەرتلەرنىڭ بىرىنچىسى
كەلىمەئى شاھادەت.
بىر ۋە ئۇلۇغ ئاللاھتىن
باشقا تەڭرى يوق ئەلبەت.
ئاخىرقى پەيغەمبىرى
شانى يۈكسەك مۇھەممەد.

ئىككىنچى شەرت نامازدۇر،
بەك گۈزەل بىر ئىبادەت.
كۈندە بىرىم سائەتتە،
سىغىدۇ بەش ۋاخ نۆۋەت.

ئۈچىنچى شەرت رامىزان،
روزىسى ئۈچۈن نىيەت.
كۈندۈز يېمەي ۋە ئىچمەي،
خۇشال ئۆتىدۇ مۇددەت.

تۆتىنچى شەرت زاكاتتۇر،
ئاللاھ بەرسە پۇل ۋە مال،
بەدىلىنى قىرىقتا بۆل،
بىر ئۆلۈشنى ھەدىيە بەر.

بىر قېتىم ھەجگە بېرىش،
بولسا ساڭا بىر قىسمەت،
بەشىنچى شەرت ئىسلامنىڭ،
كەبىسنى زىيارەت.

- گۆكخان ئەۋلىيائوغلى



# نەجىدلىك ئادەم

تەلھا ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى، كىيىملىرى رەتسىز ۋە چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. نەجىدتىن كەلگەن بۇ كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئەمما نېمە دېگەنلىكىنى دەرھاللا بىلگىلى بولمايتتى. بۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن كەلدى. قارىساق، ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى سورىغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش. ــ دېدى. بۇ كىشى:
- ئوقۇشقا تېگىشلىك يەنە باشقا ناماز بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- يوق! نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ، بۇ باشقا گەپ. ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
- يەنە رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش. ــ دېدى. بۇ كىشى:
- تۇتۇشقا تېگىشلىك يەنە باشقا روزا بارمۇ؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- يوق! نەپلە روزا تۇتماقچى بولساڭ، بۇ باشقا گەپ. ــ دېدى.

تەلھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجىدلىك بۇ كىشىگە زاكات بېرىشنى ئېيتقاندا، بۇ كىشى:

- بېرىشكە تېگىشلىك باشقا سەدىقە بارمۇ؟ - دەپ سورىغان. پەيغەمبىرىمىز:
- يوق! نەپلە بولسۇن دەپ بەرسەڭ، ئۇ باشقا گەپ. ــ دېگەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان نەجىدلىك كىشى:
- دېگەنلىرىڭنى كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس دەل قىلىشقا تىرىشىمەن. ــ دەپ پەيغەمبىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ كىشى كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەگەر ئۇ دېگىنىگە ئەمەل قىلسا، قۇتۇلدى، جەننەتكە كىرىدۇ. ــ دېدى.

(بۇخارى: «ئىمان»، 34؛ «سەۋم»، 1؛ «شاھادەت»، 26؛ «خىيەل»، 3؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 8-9)



# سوئاللار

## ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. توغرا بولسا «**توغرا**»، خاتا بولسا «**خاتا**» دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە ئىشارەت قىلىڭ.

- ئاللاھتائالا بىزنى ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرىغان، زىيانلىق ۋە ناچار ئىشلارنى قىلىشنى بولسا مەنئى قىلغان. توغرا ☐ خاتا ☐
- ئەقلى-ھوشى جايىدا ئەمەس، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارمۇ مۇكەللەفتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- پەرزلەرنى ئادا قىلغۇچى كىشى كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. سەۋەبسىز ھالدا ئادا قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- پەرزلەرنىڭ بىرىگە ئىشەنمىگەن ياكى ئۇنىڭ دىنىمىزنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمىغان كىشى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- ئاتا-ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلماسلىق ھارامدۇر. توغرا ☐ خاتا ☐

## ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەرزى ئەيىندۇر؟
1. ئەزان ئوقۇش
2. تەسبىھ ئېيتىش
3. نامازدىكى قامەت
4. روزا تۇتۇش

2) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەرزى كۇفايەدۇر؟
1. ناماز ئوقۇش
2. ھەجگە بېرىش
3. زاكات بېرىش
4. جىنازا نامىزى ئوقۇش

3) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى سۈننەتى غەيرى مۇئەككەدەدۇر؟
1. بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى
2. ناماز شامنىڭ سۈننىتى
3. ۋىتىر نامىزى
4. ئەسىر نامىزىنىڭ سۈننىتى

4) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ھارام ئەمەس؟
1. يالغان گەپ قىلىش
2. ئوغرىلىق قىلىش
3. قىمار ئويناش
4. تەنھەرىكەت

5) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تەھرىمەن مەكرۇھ ئەمەس؟

1. تاماكا چېكىش
2. ھېيىت نامىزىنى ئوقۇماسلىق
3. ئەسىر نامىزىنى كۈن پېتىۋاتقاندا ئوقۇش
4. بۇرنىنى ئوڭ قول بىلەن كوچىلاش

**تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(پەرز، مەكرۇھ، ھارام، ۋاجىپ، مۇئەككەد، مۇباھ، مۇستەھەب، پەرزى كۇفايە، سۈننەتى مۇئەككەدە، پەرزى ئەيىن)**

- ئەقلى-ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، دىنىمىزنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر ......... دەپ ئاتىلىدۇ.
- دىنىمىزدا قىلىنىشى قەتئىي بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر ......... دەپ ئاتىلىدۇ.
- مۇكەللەف بولغان ھەر بىر مۇسۇلمان چوقۇم ئادا قىلىشى كېرەك بولغان پەرزلەر .......... دېيىلىدۇ.
- بەزى مۇسۇلمانلارلا ئادا قىلسا بولىدىغان پەرزلەر ............... دېيىلىدۇ.
- پەرزگە ئوخشاش كۈچلۈك دەلىللەرگە تايانمىغان، ئەمما ئادا قىلىنىشى ئەمر قىلىنغان ئىبادەتلەر ........ دەپ ئاتىلىدۇ.
- پەيغەمبىرىمىز كۆپ ۋاقىتلاردا قىلغان، ئاز ۋاقىتلاردا قىلالمىغان سۈننەتلەر ................ دېيىلىدۇ.
- دىنىمىزنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قىلسا ياخشى ۋە گۈزەل بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر ............... دەپ ئاتىلىدۇ.
- قىلىش قىلماسلىق ئىختىيارى بولغان ئىش-ھەرىكەتلەر .................. دېيىلىدۇ.
- دىنىمىزدە قىلىنىشى قەتئىي مەنئىي قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەر .................. دېيىلىدۇ.
- دىنىمىزدە بۇ ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش يامان كۆرۈلگەن ۋە (زىيانلىق ئىكەنلىگى بىلىنگەچكە) قارشى ئېلىنمايدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر .................. دەپ ئاتىلىدۇ.




ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى

# پاكىزلىق

- ئىسلام دىنى ۋە پاكىزلىق
- پاكىزلىق تۈرلىرى
- پاكىزلىق بىلەن ئىبادەتنىڭ مۇناسىۋىتى
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشى




# مەسجىد سۈپۈرگەن موماي

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرلۇق شەھرى مەدىنە-مۇنەۋۋەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاق مەھەللىلىرىنىڭ بىرىدە ئولتۇرىدىغان ئۇممۇ مىھجەن ئىسىملىك بىر موماي بار ئىدى. ئۆزى پاكىز بولۇپلا قالماي، پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىمۇ ئىنتايىن پاكىز بولغان بۇ مۇبارەك ئانىمىز بىر كۈنى:

- ئۇلۇغ ئاللاھ مېنىڭ قەلبىمنى ئىمانسىزلىقتىن پاكىزلىدى، شۇڭا مەنمۇ ئاللاھنىڭ ئۆيى ھېسابلانغان مەسجىدنى پاكىز تۇتاي. – دەپ ھەر كۈنى مەسجىدنى سۈپۈرۈشكە نىيەت قىلدى. مۇسۇلمانلار ئىبادەت قىلىدىغان ۋە پەيغەمبىرىمىز سۆھبەت قىلىدىغان مەسجىدنى نەبەۋىنى كۈچى يېتىشىچە تازىلىدى.

ئۇممۇ مىھجەن پېقىر ئىدى، ئەمما مەنىۋى دۇنياسى باي ئىدى. مەسجىدنى ھەر قېتىم سۈپۈرگەندە، ئۆزىنىڭ قەلبى پاكىزلانغاندەك ھوزۇرلىناتتى، كۆڭلىدە بىر خىل لەززەت ۋە بەختىيارلىق ھاياجىنى ھېس قىلاتتى.

كۈنلەر ئۆتتى. بىر كۈنى ئۇممۇ مىھجەن ئاغرىپ يېتىپ قالدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىدە ناماز ئوقۇش سائادىتىدىن كۈنلەرچە مەھرۇم قالدى. ۋۇجۇدى ياتاقتا، ئەمما كۆڭلى پەيغەمبەرلەر ئىمامىنىڭ ئارقىسىدىكى ساپ نىيەت ئىنسانلار ئارىسىدا ئىدى. تىزرەك ساقىيىپ مەسجىدتىكى ئىشنى يېڭىۋاشتىن باشلاشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما كېسەللىك ئەھۋالى بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى. قۇلىقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىملىق ئاۋازى جاراڭلايتتى، كۆڭلىدە بولسا، بۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان بېشىنى سەجدىگە قويۇش ئارزۇسى بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ مىھجەننى بىر قانچە كۈندىن بۇيان مەسجىدتە كۆرمىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. خوشنىلىرى:

- ئۇ ئاغرىپ قالدى، ئى رەسۇلۇللاھ. – دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ چېتىدىكى مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇممۇ مىھجەننىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئالدىدا بىرىپ بولغانلار كېسەل مومايغا:



- خوشخەۋەر! ئەي ئۇممۇ مىھجەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىنى يوقلاش ئۈچۈن يولدا كېلىۋاتىدۇ. - دېيىشتى.

ئۇممۇ مىھجەن بۇ خوشخەۋەرنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بىتاپلىقتا ھالسىزلانغان يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. پىشانىسىدىن تەر تەپچىپ چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! - دەۋاتاتتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام...

مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئارلاشقان ماغدۇرسىز بىر ئاۋاز:

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ئى رەسۇلۇللاھ. - دەپ جاۋاب بەردى.

ھال سوراش گەرچە قىسقا ۋاقىت داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋاقىت ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، يېتىم ۋە ئاجىزلارنىڭ غەمگۇزارى، پاك بىر ئىنسان ئۇنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى. «ئاللاھ پاكتۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ.» (تىرمىزى: «ئەدەب» 41) دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەن، روھ ۋە مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان قەلبى گۈزەل، پاكىز ئىنسانلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇممۇ مىھجەنىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى خوشنىلىرىدىن داۋاملىق سوراپ تۇردى. نىھايەت بىر كۈنى ئۇنىڭ خوشنىلىرىغا:

- ئۇممۇ مىھجەن ۋاپات بولسا، ماڭا خەۋەر قىلماي تۇرۇپ دەپنە قىلماڭلار! - دەپ جېكىلىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇممۇ مىھجەن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا خىزمەت قىلىش ئىشتىياقى بىلەن يانغان پاك روھنى ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا تەسلىم قىلدى.

خوشنىلىرى ھايال بولماي كېلىپ، ئۇنى يۇيۇپ كېپەنلىدى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى. ئەمما خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇخلاپ قالغان ئىدى.

بۇنى ئاڭلاپ كەلگەنلەرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. مەھەللىسىدە خولۇم-خوشنىلىرى ئارىسىدا ياخشى نامى بار ئۇممۇ مىھجەننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالايىتەن يوقلاپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھۆرمەتلىك



بولغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلاشماي تۇرۇپلا يەرلىكتە قويۇلماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇممۇ مىھجەننىڭ خوشنىلىرى ئۆزئارا:

ـ دېمەك، نېسىۋىسى مۇشۇنچىلىك ئىكەن.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ چاغدا ئويغىتىپ يۈرسەك قاملاشماس!

ـ ئۇيقۇ ھالىتىدە تۇرغاندا ۋەھيى كېلىش ئېھتىمالى بار. بىلمەي خاتا ئىش قىلىپ سېلىشىمىز مۇمكىن.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاۋارە قىلمايلى. ــ دېيىشتى.

بۇ خىل ئەندىشىلەر تۈپەيلى ئۇممۇ مىھجەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىنماي، باقى قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىلدى. جىنازا نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن يەرلىككە قويۇلدى.

ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغان ساھابىلەر ئۇنى مازارلىققا كۆمگەندىن كېيىن ئايرىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ مىھجەننىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا:

ـ ئۇنى دەپنە قىلىپ بولدۇق، ئەي رەسۇلۇللاھ. ئەسلىدە بىز ئۇنى يەرلىككە قويۇشقا تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن سىزگە كەلگەن ئىدۇق، ئەمما سىز ئۇخلاۋاتاتتىڭىز. سىزنى ئويغىتىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدۇق. ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەمىسە ئۇنىڭ قەبرىسىگە بارايلى! ــ دەپ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە باقى قەبرىستانلىقىغا قاراپ ماڭدى. خوشنىلىرى ئۇممۇ مىھجەننىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى تەكرار جىنازا نامىزى ئوقىدى. ئاللاھتائالادىن رەھمەت تىلىگەندىن كېيىن قەبرىستانلىقتىن ئايرىلدى.

ـئەھمەت لۇتفى قازان



# ئىسلام دىنى ۋە پاكىزلىق

ئىسلام دىنى پاكىزلىق دىنىدۇر. چۈنكى پاكىزلىق ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. ۋۇجۇدىمىزنىڭ، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنىڭ ۋە ئەخلاقىمىزنىڭ پاك-پاكىز بولىشى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇر. ساغلام ياشاش ۋە ساقلىق ساقلاش ئۈچۈنمۇ پاكىزلىق شەرتتۇر. شۇڭا ئۇلۇغ دىنىمىز پاكىزلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

قۇرئانى-كەرىمدىكى دەسلەپكى ئەمرلەردىن بىرىدە: **«كىيىمىڭنى (ھەمىشە) پاكىز تۇت!»** (مۇددەسسىر سۈرىسى 4-ئايەت) دېيىلگەنلىكىمۇ پاكىزلىقنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئەھمىيىتىنى كۆرسەتمەكتە. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» (مۇسلىم: «تاھارەت»، 1) دېيىش بىلەن پاكىزلىقنىڭ ئىماننىڭ شەرتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

دىنىمىزدە مۇھىت تازىلىقىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. پەيغەمبىرىمىز ئەتراپىمىزدىكى يەرلەرنى پاكىز تۇتۇشىمىزنى بۇيرىغان. ئاممىۋى سورۇنلارنى پاكىز تۇتقان، ئۇ يەرلەرنى پاسكىنا قىلىدىغان، زىيان سالىدىغان قىلمىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەرگە جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىپ: «بىر ئادەم يولدا بىر شاخ كۆردى ۋە «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ شاخنى مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلمىسۇن دەپ يولدىن ئېلىۋېتىمەن» دەپ يولدىن ئېلىۋەتتى، بۇ تۈپەيلى جەننەتكە كىردى» دېگەن. (بۇخارى: «ئەزان»، 32؛ «مەزالىم»، 28)

ئىسلامنىڭ كۆز قارىشىدا پاكىزلىق پەقەتلا ماددى پاسكىنىچىلىقلاردىن پاكىزلىنىش دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلەن: يەرگە چۈشكەن بىر تال ئالمىنى ئېلىپ سۇدا

يوغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنى ماددى جەھەتتىن پاكىزلىغان بولىمىز. لېكىن ئوغۇرلانغان بىر ئالمىنى قانچىلىك يۇيۇۋەتسىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا پاسكىنىدۇر، چۈنكى هارامدۇر. مەنىۋى جەھەتتىن پاكىز ئەمەس، يېگىلى بولمايدۇ.

ماددى پاسكىنچىلىقلار ۋۇجۇدىمىز، كىيىم-كېچەكلىرىمىز ۋە مۇھىتىمىزنى مەينەتلەشتۈرگەندەك گۇناهلار، ناچار سۆز-ھەرىكەتلەرمۇ قەلبىمىزنى پاسكىنا قىلىدۇ. ھۇزۇرلۇق، بەختلىك ياشاش ئۈچۈن قەلبىمىزنى پاسكىنا قىلغان بۇ مەنىۋى پاسكىنچىلىقلاردىن پاكىزلىنىشىمىز كېرەك. بۇ خىل مەنىۋى پاسكىنچىلىقلاردىن پاكىزلىنىش ئۈچۈن گۇناهلىرىمىزغا تەۋبە قىلىشىمىز، ئىبادەتلىرىمىزنى ئادا قىلىشىمىز ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىمىز گۈزەل بولۇشى كېرەك.

**«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ۋە پاكىزلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى 222-ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، ۋۇجۇدىمىز، كىيىم-كېچەكلىرىمىز ۋە مۇھىتىمىزنى پاكىز تۇتىشىمىز، گۇناهلاردىن، ناچار سۆز-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۈرىشىمىز لازىم.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ۋە پاكلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.»

(بەقەرە سۈرىسى 222-ئايەت)

## پاكىزلىق ۋە مۇسۇلمان

پاكىزلىق ۋە دۇرۇستلۇق
دىنىمىزنىڭ ئۆزىدۇر.
شۈبھىسىز ئەڭ توغرا سۆز
رەببىمىزنىڭ سۆزىدۇر.

تەۋبە قىلغان ھەر بىر قۇل
پاك بولۇر قەلب كىرىدىن.
تەسىرلەنمەس شەيتاننىڭ
شۈبھە بەرگەن شەررىدىن.

تەرەت ئالغان ھەر مۆمىن
خوش بولۇر ھاياجاندا.
چۈنكى گۇناھنى يۇيىدۇ
يەرگە چۈشكەن ھەر تامچە.

بەدىنى ۋە روھىدا
پاكىز بولغان مۇسۇلمان.
دۇرۇستلۇقتىن ئايرىلماس
ھۆرمەتلىنەر ھەر زامان.

- قاسىم ئاق







# پاكىزلىق تۈرلىرى

پاكىزلىق روھىمىزنى، ئەخلاقىمىزنى، ۋۇجۇدىمىزنى، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى ۋە مۇھىتىمىزنى ناچار، پاسكىنا ۋە مەينەت نەرسىلەردىن پاكىزلايدۇ.

پاكىزلىق ئىككى خىلدۇر:

## 1. ماددىي پاكىزلىق

قان-يىرىڭ ۋە سىيدۈك قاتارلىق تەركىۋىدە مىكروپ بار بولغان ماددىلار دىنىي جەھەتتە پاسكىنا ھېسابلىنىدۇ. ۋۇجۇدىمىز، كىيىم-كېچەكلىرىمىز ۋە مۇھىتىمىزدىكى ھەر خىل كىر ۋە پاسكىنىچىلىقلارنىڭ پاكىزلىنىشى ماددىي پاكىزلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ماددىي پاكىزلىقتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نوقتىلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

**1) بەدەن پاكىزلىقى:** تەر چىقىش ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بەدىنىمىز كىرلىشىپ، پۇراشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بەدىنىمىزدە پەيدا بولغان مىكروپلار سالامەتلىكىمىزگە تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. بەدىنىمىزنى بۇ كىر ۋە مىكروپلاردىن پاكىزلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى سوپۇن ۋە ئىلمان سۇ بىلەن مۇنچىدا يۇيۇنۇشتۇر. شۇڭا ئاللاھ بىزگە بەرگەن ئەڭ مۇھىم نېمەتلەردىن بىرى بولغان سالامەتلىكىمىزنى ئاسراش ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ھەپتىدە بىر قېتىم مونچىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئىبادەتلەردىن ئىلگىرى بەدىنىمىزنى نىجاسەت (سىيدۈك)، قان-يىرىڭ قاتارلىق ماددىي پاسكىنىچىلىقلاردىنمۇ چوقۇم پاكىزلىشىمىز كېرەك.

**2) قولنىڭ پاكىزلىقى:** قولىمىز ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، شۇڭلاشقا ئەڭ تېز كىرلىشىدىغان بىر ئەزايىمىزدۇر. قولىمىزغا يوقۇپ قالغان كىرلەر ئارىسىدا مىكروپلار تېز كۆپىيىدۇ. بۇ مىكروپلار قولىمىزدا تۇتۇپ يېگەن نەرسىلىرىمىزگە يۇقىدۇ ۋە بەدىنىمىزگە كىرىپ، كېسەل بولۇشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا مىكروپلاردىن ۋە كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر ۋاق تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قولىمىزنى يۇيۇشىمىز كېرەك. چوڭ-كىچىك تەرەتتىن كېيىن قولىمىزنى سوپۇنلاپ يۇيۇشىمىز كېرەك.

**3) يۈز پاكىزلىقى:** يۈزىمىزمۇ قولىمىزغا ئوخشاش چاڭ-تۇزاڭ ۋە كىرنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر ئورگىنىمىزدۇر. يۈزىمىزنى يۇغاندا ھاردۇق چىقىدۇ

ۋە ھېرىپ-چارچاش تۇيەيلى كېلىپ چىققان باش ئاغرىقى پەسىيىدۇ. جانلىق، جۇشقۇن، ساغلام، پاكىز چىراي، خوشپىچىم بىر قىياپەت شەكىللىنىدۇ. شۇڭا يۈزىمىزنى پات-پات يۇيۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك.



**4) ئېغىز ۋە چىش پاكىزلىقى:** يېگەن تائاملىرىمىزنىڭ قالدۇقلىرى چىشىمىزغا چاپلىشىپ قالىدۇ ۋە چىشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقلارغا يىغىلىپ قالىدۇ. ھەر كۈنى چىشىمىزنى يۇيۇشقا ئادەتلەنمىگەندە، بىر مەزگىلدىن كېيىن چىشىمىزدىكى يېمەكلىك قالدۇقلىرى ئىچىدە زىيانلىق باكتېرىيەلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ. بۇ باكتېرىيەلەر ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىشىغا ۋە چىشنىڭ چۈرۈپ (قۇرتلاپ) كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. چىشنىڭ چۈرۈشى بولسا، بەدىنىمىزدىكى بادامسىمان بەز، ئاشقازان ۋە يۈرەك قاتارلىق ئەزالىرىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېغىزىمىزنى پاكىز تۇتۇشىمىز، چىشىمىزنى ھەر كۈنى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئىككى قېتىم چوتكىلاپ يۇيۇشىمىز كېرەك.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«مىسۋاك قوللانغاندا ئېغىزىمىز پاكىز بولىدۇ ۋە رەببىمىز مەمنۇن بولىدۇ.»

(نەسائى: «تاھارەت»، 4)

**5) ئاياق پاكىزلىقى:** ۋۇجۇدىمىزنىڭ بارلىق ئېغىرلىقىنى ئايىغىمىز كۆتىرىدۇ. ئاياغ كىيگەنلىكىمىز ئۈچۈن پۇتىمىز تەرلەپ كىرلىشىدۇ. پۇتىمىزنى ۋە بارماق ئارىسىنى پاكىز يۇغاندا تېخىمۇ ساغلام ۋە روھلۇق بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا پۇتىمىزنى ۋە بارماقلارنىڭ ئارىسىنى پات-پات يۇيۇپ تازىلاپ تۇرۇشىمىز كېرەك. پۇتتا قاداق پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۇتنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئوبدان قۇرۇتۇش كېرەك. پاكىز پايپاق ۋە ئاياغ كىيىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

سىرتقى پاكىزلىقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئەمما يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇڭا ئۆزەمنى ئاللاھ مەنئى قىلغان ناچار خىيال، ئوي-پىكىر ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردىن پاكىزلاشقا تىرىشىۋاتىمەن. مۇشۇنداق قىلالىغان چېغىمدا ئاللاھنىڭ مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا چىن يۈرەكتىن ئىشىنىمەن.

**6) تىرناق پاكىزلىقى:** قول ۋە ئاياق پاكىزلىقىنى تىرناق پاكىزلىقى تاماملايدۇ. تىرناقلارنىڭ بىر يۇشۇرۇن مىكروپ ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. قولىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئېغىز، بۇرۇن، كۆز ۋە باشقا ئورگانلىرىمىزنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا، مىكروپ ئۇۋىسى ھالىغا كەلگەن مەينەت تىرناقلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەھدىت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇزىراپ كەتكەن تىرناقلىرىڭنى كەس! چۈنكى زىيانلىق نەرسىلەر ئۇزۇن تىرناقلارنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ.»

(دەيلەمى: «مۇسنەدۇل فىردەۋس»، 4579)

**7) هاجەتخانا تازىلىقى:** بارلىق تازىلىقلار هاجەتخانا تازىلىقىدىن باشلىنىدۇ. شۇڭا سالامەتلىكىمىز ۋە ئىبادەتلىرىمىزنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەڭ مۇھىم تازىلىق هاجەتخانىنىڭ تازىلىقىدۇر.

هاجەتخانىغا كىرگەندە مۇنداق دۇئا ئوقۇلىدۇ:

اَللّٰهُمَّ اِنّ۪ى اَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ

مەنىسى: «ئاللاھىم! پاسكىنىچىلىقلاردىن ۋە مەينەت نەرسىلەردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.»

هاجەتخانىدىن چىققاندا تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ:

غُفْرَانَكَ اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذ۪ى اَذْهَبَ عَنِّى الْاَذٰى وَعَافَان۪ى

مەنىسى: «ئاللاھىم سەندىن ئەپۇ تىلەيمەن! مېنى ئاۋارە قىلغان ۋە قىستىغان نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىكلى نېسىپ قىلغان، مېنى راھەتلەندۈرگەن ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!»

**8) كىيىم-كېچەك تازىلىقى:** بىزنى ئىسسىق-سوغۇقتا مۇھاپىزەت قىلغان كىيىم-كېچەكلىرىمىز كىرلەشكەندە بەدىنىمىز ۋە مۇھىتىمىزغا زىيان سالىدۇ. كىر ۋە مىكروپلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى پات-پات يەڭگۈشلەپ، ئالماشتۇرۇپ، يۇيۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

**9) يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى:** مىكروپلار ئادەتتە ۋۇجۇدىمىزغا يېمەك-ئىچمەك ئارقىلىق كىرىدۇ. سالامەتلىكىمىزنى ئاسراش ئۈچۈن ئوتياش-كوكتات ۋە مېۋىلەرنى يېيىشتىن ئىلگىرى پاكىز يۇيۇشىمىز ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ تازىلىقىغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

**10) مۇھىت تازىلىقى:** مۇھىت تازىلىقى دېگەندە ئۆيىمىز، كوچىمىز، مەھەللىمىز، مەكتىۋىمىز، ياشاۋاتقان يېرىمىز ۋە بىز نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋانىڭ پاكىزلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇھىتنىڭ پاكىز بولۇشى كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشتا، ئىچىدىغان سۇنىڭ پاكىزلىقى جەھەتتە ۋە بىزدىن باشقا جانلىقلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مۇھىتىمىزنى پاكىز تۇتۇش ئارقىلىق باشقىلارنى بىئارام قىلماسلىق ۋە زىيان سالماسلىقىمىز لازىم. «يولۋاسنى

### هاجەتخانا تازىلىقىدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟

1. كىيىملىرىمىزنىڭ يەرگە تېگىپ قالماسلىقىغا ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ يۇقۇپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.
2. هاجەتخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، «ئاللاھىم! پاسكىنىچىلىقتىن ۋە مەينەت نەرسىلەردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» دەپ دۇئا قىلىمىز.
3. هاجەتخانىغا سول پۇتىمىز بىلەن كىرىمىز.
4. ئولتۇرۇپ هاجەت (تەرەت) قىلىمىز.
5. سىنجا قىلغاندا (ئەۋرەتنى يۇغاندا) پاكىز يۇيىمىز ۋە قەغەز بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتىمىز.
6. سىنجا قىلغاندا ئەۋرىتىمىزنى سول قول بىلەن يۇيىمىز.
7. هاجەتخانىدا بىرەر نەرسە يەپ-ئىچمەيمىز ۋە گەپ قىلمايمىز.
8. هاجەتخانىدىن ئوڭ پۇتىمىز بىلەن چىقىمىز.
9. چىققاندا، «ئاللاھىم سەندىن ئەپۇ تىلەيمەن! مېنى ئاۋارە قىلغان ۋە قىستىغان نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىكلى نېسىپ قىلغان، مېنى راھەتلەندۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلىمىز.
10. هاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىن قولىمىزنى سوپۇنلاپ پاكىز يۇيىمىز.



ياتقان يېرىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ» دېگەن ماقال-تەمسىلنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. دىنىمىزدە مۇھىتنىڭ پاكىز بولۇشى تەشۋىق قىلىنغان. ھەدىس شەرىفتە پەيغەمبىرىمىز: «بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ، يولدا تۇرغان بىر تىكەننى كۆردى-دە، ئۇنى يولدىن ئېلىۋەتتى. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ئۇنى مەغپىرەت قىلدى.» دېگەن. (مۇسلىم: «بىرر»، 127؛ «ئىمارە»، 164)

## 2. مەنىۋى پاكىزلىق

مەنىۋى پاكىزلىق دېگەندە قەلبىمىز، ئوي-پىكرىمىز، نىيىتىمىز ۋە خىياللىرىمىزنىڭ پاكىز بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەنىۋى پاكىزلىق ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

**1) قەلب پاكىزلىقى:** قەلبى پاك، ئەخلاقى گۈزەل ئىنسانلاردىن تەركىپ تاپقان بىر جەمئىيەتتە كىشىلەر بەخت-سائادەت ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشايدۇ. مۇشۇنداق گۈزەل بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن بىزمۇ قەلبىمىزنى پاكلىشىمىز، ئاللاھ مەنئى قىلغان مەنمەنچىلىك، يالغانچىلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەر، ناچار ئوي-خىياللاردىن ئۇزاقلىشىشىمىز، ئۆچ-ئاداۋەتتىن يىراق تۇرۇشىمىز لازىم. باشقىلارنى قىزغانماسلىقىمىز ۋە ئۇلارغا يوغانچىلىق قىلماسلىقىمىز لازىم. ئايەتتە: «**نەپسىنى پاكلىغان كىشى ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشتى.**» دېيىلگەن. (شەمس سۈرىسى 9-ئايەت)

**2) دىندا پاسكىنا ھېسابلانغان ئەھۋاللاردىكى تازىلىق:** تاھارەت ئېلىشقا تېگىشلىك ئەھۋاللاردا غۇسۇل قىلىش ياكى تاھارەت ئېلىش لازىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىبادەت قىلىشىمىزغا توسقۇن بولىدىغان تاھارەتسىزلىك ياكى غۇسۇلسىزلىق ئەھۋالىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم دېگەنلىكتۇر. بۇ ھادىستىن تاھارەت دەپ ئاتىلىدۇ.

### پاكىزلىق ۋە ساغلاملىق

رەتلىك بولغىن، پاكىز كېيىگىن،
ھۆرمەت قىلسۇن سېنى ھەركىم.
مەينەتلىكنى ھېچكىم سۆيمەس،
نېمەت بارمۇ ساقلىق قەدەر؟

ھەسەت، كىبىر، يالغانچىلىق
قەلب كىرى، ئەگەر بىلسەڭ.
پاك بولسەن ئۇزاق تۇرساڭ،
نېمەت بارمۇ ساقلىق قەدەر؟

بارما مىكروپ يۇققان يەرگە،
ھېچ تۈكۈرمە كوچىلارغا!
ئاغرىتىدۇ زىدە، يارا
نېمەت بارمۇ ساقلىق قەدەر؟

پاكىز ۋۇجۇد، پاكىز مۇھىت،
قەتئىي رۇخسەت قىلما كىرگە!
ساقلىق بايغا ۋە پېقىرگە،
نېمەت بارمۇ ساقلىق قەدەر؟

- ئەھمەت ئەفە



**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، ئىنسان ۋۇجۇدىدا كىچىك بىر گۆش پارچىسى بار. ئەگەر بۇ گۆش پارچىسى ياخشى بولسا، پۈتۈن ۋۇجۇد ياخشى بولىدۇ. بۇزۇق بولسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. بۇ گۆش پارچىسى يۈرەكتۇر».

(بۇخارى: «ئىمان»، 39)

# پاكىزلىق بىلەن ئىبادەت ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ھەم ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەمدە باشقا ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلايدىغان بىر دىندۇر. بۇ سەۋەبتىن دىنىمىز بىزنى ھەر ۋاقىت پاكىز بولۇشقا بۇيرىغان. بەزى ئىبادەتلەرنى قىلىش ئۈچۈنمۇ تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىشتەك ئالدىنئالا پاكىزلىقنى شەرت قىلغان.

ئىبادەت قىلغاندا بىز رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان بولىمىز. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا پاكىز مۇھىت ئىچىدە، پاكىز بەدەن ۋە پاكىز كىيىملەر بىلەن تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بەدىنىمىز تەر پۇراپ تۇرغاندا ياكى كىيىم-كېچەكلىرىمىز مەينەت ئەھۋالدا باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايمىز. مەسىلەن: مۇشۇنداق مەينەت چاغدا چوڭلارنىڭ ياكى دوستلىرىمىزنىڭ يېنىغا بارمايمىز. بۇ خىل ئەھۋاللاردا ئۆزىمىزنى راھەتلىتىش ئۈچۈن مونچىغا چۈشىمىز، پاك-پاكىز كىيىملەرنى كىيىمىز ۋە ئەتىر چاچىمىز. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىمىزنى ئاللاھقا يېقىن ھالەتتە ھېس قىلىدىغان ئىبادەت ئەسناسىدا پاكىزلىققا تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامىزى قاتارلىق بەزى ئىبادەتلەر جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلىدۇ. جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلغان نامازلاردا بىز ھەم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىمىز، ھەمدە ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە بولىمىز. بۇ چاغدا پاكىزلىق تېخىمۇ بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىبادەتلەر بىزنى ھەر جەھەتتە پاكىز بولۇشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. ئىبادەتتىن ئىلگىرى ۋە ئىبادەت جەريانىدا پاكىزلىققا دىققەت قىلىش بىزنى تاشقى جەھەتتە پاكىز قىلىپلا قالماستىن، بەلكى روھىمىزنىمۇ پاكىزلايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، قىلغان ئىبادەتلىرىمىز قەلبىمىزنى پاكىزلاش ئۈچۈن بىرەر ۋاسىتىدۇر. ئىبادەتلەر قەلبنى ناچار خىيال ۋە يامان نىيەتلەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: زاكات قەلبىمىزدىكى پىخسىقلىق ۋە قىزغانچۇقلۇق تۇيغۇلىرىنى يوق قىلىدۇ. روزا تۇتۇش شەخسىيەتچىلىك، رەھىمسىزلىك، كۆرەڭلىك تۇيغۇلىرىنى يوق قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئىبادەتلەر بىزنى مەنىۋى جەھەتتە پاكىزلايدۇ ۋە گۇناھ كىرلىرىدىن پاكلايدۇ.



بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلىرىدىن:
- سىلەردىن بىرەيلەننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر دەريا بولسا، ئۇ ھەر كۈنى بۇ دەريادا بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالارمۇ؟ - دەپ سورىدى.
ساھابىلەر:
- ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق كىر قالمايدۇ. – دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز:
- بەش ۋاخ ناماز مانا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ ئۆچۈرۈپ يوق قىلىدۇ. – دېدى.

(بۇخارى: «مەۋاقىت»، 6؛ مۇسلىم: «مەساجىت»، 283)

# پەيغەمبىرىمىز پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرەتتى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پاكىزلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەر ۋاخ تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قوللىرىنى يۇياتتى. ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىنمۇ قولىنى يۇماي تۇرۇپ بىر نەرسە يەپ ئىچمەيتتى.

كېچە نامىزى ۋە بامدات نامىزى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا قىلىدىغان تۇنجى ئىشى ئېغىزىنى مىسۋاك بىلەن پاكىزلاش ئىدى. ھەتتا سەكراتتا ياتقان چاغدىمۇ يېنىدىكىلەرگە دەپ مىسۋاك ئەكەلدۈرۈپ، چىشلىرىنى پاكىزلىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلب پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەندەك بەدەن ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پاكىزلىقىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ياماق چۈشكەن كىيىملەرنى كىيەتتىكى، ئەمما پاسكىنا ۋە يىرتىق كىيىملەرنى كىيمەيتتى. بولۇپمۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا كىيىم-كېچەكلىرىگە تېخىمۇ بەك دىققەت قىلاتتى.

ئېغىزى ئۈچۈق تۇرغان تاماق قاچىلىرىنىڭ ئۈستىنى يۆگەپ قويۇشنى بۇيرىغان ئىدى. يوللار ۋە ئىنسانلار دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ سايىدايدىغان يەرلەرگە ئەخلەت تاشلىماسلىق، بۇ يەرلەرنى كىر قىلماسلىق، ھەمىشە پاك-پاكىز تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئەمىر قىلغان ئىدى. يەرگە تۈكۈرۈشنىمۇ بەك يامان كۆرەتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەممە كىشىنىڭ پاكىز كىيىم كىيىشىنى، رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. مەينەت كىيىملەر بىلەن يۈرگەنلەرنى كۆرگەندە: «نېمىشقا كىيىملىرىڭ پاكىز ئەمەس؟» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. بىر قېتىم چاچلىرى قالايمىقان پاخپىيىپ كەتكەن بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇ كىشىدىن نېمىشقا چېچىنى يۇيۇپ تارىمىغانلىقىنى سورىغان ئىدى.

ئاللاھىم، مېنى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدىغان ۋە پاكلانغان كىشىلەردىن قىلغىن!

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ التَّوَّابِينَ وَمِنَ الْمُتَطَهِّرِينَ

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پاكىزلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەر ۋاخ تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قوللىرىنى يۇياتتى. ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىنمۇ قولىنى يۇماي تۇرۇپ بىر نەرسە يەپ ئىچمەيتتى.



رەببىمىز! ئاق كىيىم كىرلەردىن پاكىزلانغاندەك، بىزنىمۇ گۇناھلاردىن پاكىزلا!

رَبَّنَا نَقِّنَا مِنَ الذُّنُوبِ كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْاَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ

# پاكىزلىق

«پاكىزلىق ئىماندىن» دەيدۇ پەيغەمبەر،
ساغلاملىق بېغىدا بىر گۈل پاكىزلىق...
پەرىشتە كەبىدۇر پاكىز بولغانلار،
دۇنياغا جەننەتتىن قولدۇر پاكىزلىق...

يەردە كىرلىنەر تەن بىلەن يۈرەك،
ھەم سىرتىنى، ھەم ئىچنى پاكىزلاش كېرەك،
پاك-پاكىز بولغاندا ھۇزۇر جەم بولۇر،
يەتتە قات ئاسمانغا يولدۇر پاكىزلىق...

سىرتقى پاكىزلىق ئاي كەبى بولۇش،
ئىچكى پاكىزلىق ھالال ئىلە تولۇش،
ھېچكىمگە ياراشماس كىر، مەينەت يۈرۈش،
ئىنسانغا ئەڭ گۈزەل تىلدۇر پاكىزلىق.

ئاللاھ ئەمرى: كىيىمڭنى پاكىز تۇت!
پاكىز يە، پاكىز ئىچ، پاك بولسۇن ۋۇجۇد.
ساڭىمۇ ئېيتايلى: «كىر تۇتماس بۇلۇت»،
ئەخلەت قىلمىغان قولدۇر پاكىزلىق.

كىرلىشىپ ھەم مەينەت يۈرسە بەك گۇناھ،
كىر، مەينەت بولسا ئادەم كۆپ دەيدۇ: «ئاپلا!»
قارىساڭ، پاكىزلارنى سۆيىدۇ ئاللاھ،
يۈزىمىزنى ئاق قىلغان ھالدۇر پاكىزلىق.

ـم. ئەلى ئەشمەلى

## سوئاللار

### ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. توغرا بولسا **«توغرا»**، خاتا بولسا **«خاتا»** دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە ئىشارەت قىلىڭ.

- پاكىزلىق ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- پاكىزلىق دېگەندە پەقەتلا ماددى كىرلەردىن پاكىزلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- گۇناھلاردىن پاكلىنىش ئۈچۈن تەۋبە قىلىشىمىز ۋە قايتا گۇناھ ئىش قىلماسلىقىمىز كېرەك. توغرا ☐ خاتا ☐
- ھاجەتخانىغا ئوڭ پۇتىمىز بىلەن كىرىمىز. توغرا ☐ خاتا ☐
- ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش قەلبىمىز ۋە روھىمىزنى كىرلىتىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐

### ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن ھەدىس ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟

ئا. مۆمىن بولۇش ئۈچۈن پاكىز بولۇش يېتەرلىك.

ب. ئىمان ئېيتىش پاكىز بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ت. مۆمىنلەرنىڭ ۋۇجۇدى ۋە تۇرغان يېرى ھەمىشە پاكىز بولىدۇ.

پ. پاكىزلىققا دىققەت قىلمىغانلارنىڭ ئىمانى ئاجىزدۇر.

2. ھاجەتخانىغا كىرىش قائىدىسىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

ئا. ھاجەتخانىغا سول پۇت بىلەن كىرىش كېرەك.

ب. سىنجا قىلغاندا (ئەۋرەتنى پاكىزلىغاندا) ئوڭ قول بىلەن قىلىنىدۇ.

ت. ھاجەتخانىدا ئولتۇرغاندا گەپ قىلسا بولىدۇ.

پ. ھاجەتتىن كېيىن قول يۇيۇش شەرت ئەمەس.

3. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن قايسىسى ھەقىقى پاكىزلىق ھېسابلانمايدۇ؟

ئا. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى چىشىمىزنى مىسۋاك بىلەن ياكى چوتكا بىلەن يۇيۇپ پاكىزلاش

ب. جۈمە نامىزى ئۈچۈن غۇسۇل قىلىش

ت. باشقىلاردىن مەجبۇرى تارتىۋېلىپ ئالغان ئالمىنى يۇيۇپ يېيىش

پ. ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش

4. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى مەنىۋى پاكىزلىقتۇر؟

ئا. ناماز ئوقۇيدىغان يەرلەرنىڭ پاكىزلىنىشى

ب. تاماق يەيدىغان قاچىلارنىڭ پاكىزلىقى

ت. كىشىلەر سايىسىدا ئولتۇرىدىغان دەرەخلەرنىڭ ئاستىدىكى ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈش

پ. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىش

5. قەلبىمىز ۋە روھىمىزنى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى بىلەن پاكىزلىيالمايمىز؟

ئا. بەدىنىمىز ۋە كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى يۇيۇش ئارقىلىق

ب. ئىبادەتلىرىمىزنى ئادا قىلىش ئارقىلىق

ت. گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىش ئارقىلىق

پ. سەدىقە ۋە زاكات بېرىش ئارقىلىق

**تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(پاكىزلانغانلارنى، يېرىمى، پاكىزە، ھادەستىن، نىجاسەت)**

- «پاكىزلىق ئىماننىڭ ......دۇر.»
- ئوغرىلانغان بىر ئالمىنى قانچىلىك يۇيىشىمىزدىن قەتئىنەزەر، ....... بولمايدۇ. چۈنكى ھالال ئەمەس.
- «شۈبھىسىز، ئاللاھ تەۋبە قىلغانلارنى ۋە ............ ياخشى كۆرىدۇ.
- بەزى ئىبادەتلەردىن ئىلگىرى بەدىنىمىزنى .......... دەپ ئاتالغان سۈيدۈك، قان-يىرىڭ قاتارلىق ماددى پاسكىنىچىلىقلاردىن چوقۇم پاكىزلىشىمىز كېرەك.
- تاھارەتسىزلىك ۋە غۇسۇلسىزلىق ھالىتىدىن پاكىزلىنىش ............ تاھارەت دەپ ئاتىلىدۇ.





مۇسۇلمانلارغا مەخسۇس ئۈچ پاكىزلىق

# تاھارەت-غۇسۇل-تەيەممۇم

- تاھارەت
- تاھارەتنىڭ ئېلىنىشى
- تاھارەتكە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر
- تاھارەتنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىلىرى

- غۇسۇل
- غۇسۇلنىڭ قىلىنىشى
- غۇسۇلغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر
- غۇسۇلنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىلىرى

- تەيەممۇم
- تەيەممۇمنىڭ قىلىنىشى
- تەيەممۇمغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر





# تاھارەت گۇناھلاردىن پاكلايدۇ

مەككىدە ئىسلام مەخپى تارقىلىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. چۆلدە ياشايدىغان قەبىلىلەردىن بىرىدە ئامىر ئىبنى ئابەسە ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى. ئامىر ئىبنى ئابەسە بۇ يېڭى دىنغا قىزىقتى ۋە دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ئىگەللەش مەقسىتىدە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەككىگە يېتىپ كەلگەندە پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ ئاران تاپتى. ئامىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- سەن كىم؟ نېمە ئىش قىلىسەن؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- مەن پەيغەمبەرمەن. – دەپ جاۋاب بەردى.

- سېنى كىم ئەۋەتتى؟ - دېدى ئامىر.

- مېنى ئاللاھ ئەۋەتتى. – دېدى پەيغەمبەر.

- ئاللاھ ساڭا قانداق ۋەزىپە تاپشۇردى؟ - دەپ سورىدى ئامىر. پەيغەمبىرىمىز:

- خىش-ئەقرىبالار (ئۇرۇق-تۇغقانلار)غا ياردەم قىلىپ، ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، بۇتلارنى چېقىشنى، ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماسلىقنى ۋەزىپە قىلىپ ئەۋەتتى. – دېدى. ئامىر ئىبنى ئابەسە:

- ساڭا بۇ يەردە ياردەم قىلىدىغان بىر كىم بارمۇ؟ - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بىر ھۆر ئەر كىشى ۋە بىر قۇل بار. – دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا مۆمىنلەردىن پەقەتلا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن بىلال بار ئىدى. ئامىر ئىبنى ئابەسە:

- مەنمۇ ساڭا ئەگىشىپ، يېنىڭدا قېلىشنى، ساڭا ياردەم قىلىشنى خالايمەن. – دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- سەن بۈگۈن بۇنداق قىلالمايسەن. مېنىڭ ھالىمنى ۋە مەككىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەنسەن؟ سەن ئائىلەڭگە قايتىپ كەت! مېنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا مەيدانغا چىققانلىقىمنى كۆرگەن چېغىڭدا يېنىمغا كەل. – دېدى.



ئامىر ئىبنى ئابەسە كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. بىر مەزگىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا بەش ۋاخ ناماز تېخى پەرز قىلىنمىغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ناماز ئىبادىتى توغرىلىق گەپ قىلمىغان ئىدى.

بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئامىر مەدىنىگە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرگىلى كەلدى-دە:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! مەن يادىڭدا بارمۇ؟ - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ھەئە، يادىمدا بار. بىز مەككىدە كۆرۈشكەن ئەمەسمۇ؟ - دېدى. ئامىر «شۇنداق» دېگەچ:

- ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ ساڭا ئۆگەتكەن ۋە مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەردىن خەۋەر بەرگىن.- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلدى. نامازدىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىشنى كېرەكلىگىنى ئېيتىپ، مۇنداق دېدى:

- تاھارەت ئالغۇچى كىشى تاھارەت سۈيىنى تەييارلاپ، ئاغزى-بۇرنىنى چايقىسا، يۈزىنىڭ، ئاغزى-بۇرنىنىڭ گۇناھلىرى يۇيۇلىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغاندەك يۈزىنى يۇيسا، يۈزىنىڭ گۇناھلىرى سۇ بىلەن بىرلىكتە ساقىلىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. قولىنى جەينىكى بىلەن بىرلىكتە يۇيسا، قولىنىڭ گۇناھلىرى سۇ بىلەن بىللە بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن ئېقىپ كېتىدۇ. بېشىغا مەسھى قىلسا، بېشىنىڭ گۇناھلىرى سۇ بىلەن بىللە چېچىنىڭ ئۇچىدىن تۆكۈلىدۇ. كېيىن پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيسا، پۇتىنىڭ گۇناھلىرى سۇ بىلەن بىللە بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن ئېقىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق تاھارەت ئالغان كىشى ئەگەر ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتسا ۋە كۆڭلىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقىلا بەرسە، ئۇ كىشى گويا ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلىرىدىن پاكلىنىدۇ.

(مۇسلىم: «مۇسافىرىن»، 294)



# تاھارەت

## تاھارەت دېگەن نېمە؟

بەدىنىمىزدىكى بەزى ئەزالارنى دىنىمىزنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن يۇيۇش ۋە مەسھى قىلىشتىن ئىبارەت.

### تاھارەتسىز قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلار قايسىلار؟

**تاھارەتسىز**

- ناماز ئوقۇيالمايمىز..
- كەبىنى تاۋاپ قىلالمايمىز..
- قۇرئانى-كەرىمگە قول تەككۈزەلمەيمىز..

### تاھارەت قانداق ئېلىنىدۇ؟

1. «نىيەت قىلدىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا» دەپ نىيەت قىلىمىز.
2. «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دېگەچ تاھارەت ئېلىشنى باشلايمىز.
3. قولىمىزنى بىلىكىمىزگىچە يۇيىمىز.
4. ئوڭ قولىمىز بىلەن ئاغزىمىزغا سۇ ئېلىپ، ئاغزىمىزنى ئۈچ قېتىم چايقايمىز.



5. ئوڭ قولىمىز بىلەن بۇرنىمىزغا ئۈچ قېتىم سۇ بىرىپ، سول قولىمىز بىلەن مىشقىرىپ، بۇرنىمىزنى پاكىزلايمىز.



6 يۈزىمىزنى ئۈچ قېتىم يۇيىمىز.



7 ئاۋۋال ئوڭ، ئاندىن سول بىلىكىمىزنى جەينىكىمىز بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىمىز. ئوڭ قولىمىزغا سۇ ئېلىپ، بېشىمىزغا بىر قېتىم مەسھى قىلىمىز.



8 چىمەلتەك (چىمچىلاق) بارماق ياكى ئىشارەت بارمىقىمىز بىلەن قۇلىقىمىزنىڭ ئىچىنى، باش بارماق (باشتالماق) بىلەن قۇلىقىمىزنىڭ ئارقىسىنى بىر قېتىم سىلايمىز، يەنى مەسھى قىلىمىز.



9 قالغان ئۈچ بارمىقىمىزنىڭ ئارقىسى بىلەن گەدىنىمىزنى سىلايمىز (مەسھى قىلىمىز).



10 ئاۋۋال ئوڭ، ئاندىن سول پۇتىمىزنى ئوشۇقىمىز بىلەن قوشۇپ يۇيىمىز.



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەردىن كىم تاھارەت ئالسا ۋە بۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ئالغان بولسا، ئاندىن: «ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر) دېسە، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئېچىلىدۇ، قايسىسىنى خالىسا، شۇنىڭدىن جەننەتكە كىرىدۇ.»

(ئەبۇ داۋۇد: «تاھارەت»، 65؛ تىرمىزى: «تاھارەت»، 41)

# سوغۇق بۇلاق

تاھىر سىنىپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ يازلىق تەتىلنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئۇنى يېزىغا تاغىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. تاھىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. تاغىسى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كەلدى. تاھىر يېزا ھەققىدە قىزىقسىنىپ توختىماستىن سوئال سورايتتى. ھەممىدىن بەك تاغىسىنىڭ ئوغلى سالىھنى كۆرگۈسى كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان ئىدى.

ئاخشامدىن باشلاپ يول تەييارلىقى قىلىندى. تاھىر ھاياجانلىنىپ، كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، مىڭبىر تەسلىكتە تاڭ ئاتتى.

تاھىر ئەتىگەندە تاغىسى بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى. ئون سائەتكە يېقىن يول يۈرگەندىن كېيىن يېزىغا يېتىپ كەلدى. تاھىر قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يېزىغا كۆنۈپ كەتتى. سالىھ بىلەنمۇ ئوبدان چىقىشىپ، يېقىن دوست بولۇپ كەتكەن ئىدى. جىلغىدا لاي ئۆيلەر ياسايتتى، دالىدا ۋەلىسىپىت مىنەتتى. چوڭ دادىسى ئوتۇن-ياغاچ توپلىغاندىمۇ ئۇلار ئويۇن ئوينايتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئەلى بوۋاي كۆرپە ئۈستىدە ياستۇق تالىشىپ جېدەللىشىۋاتقان نەۋرىلىرىنى يېقىملىق ئاۋازدا ئاگاھلاندۇردى:

- تىزدىن ئۇخلىمىساڭلار، ئەتە مەن بىلەن يايلاققا چىقالمايسىلەر. تاڭ ئاتقاندا يولغا چىقىمەن. ئويغىنالمىغانلار يېزىدا قالىدۇ.

تاھىر بىلەن سالىھ بۇنى ئاڭلاپ تىزلا ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئەلى بوۋاي نەۋرىلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. بىر ئاز يانتۇ كۆرۈنگەن ئېگىزلىكتىكى يايلاق يولى دەسلەپتە خېلى يېقىندەك كۆرۈنگەن ئىدى. مانا ئەمدى كۈن چىقىپ، ئەتراپ ئىسسىشقا باشلىغاندىن كېيىن يول يۈرۈشمۇ تەسلىشىشكە باشلىدى. يايلاققا بارىدىغان تاشلىق ساي يولى ماڭغانسېرى تۈگىمەيۋاتاتتى. ئەلى بوۋاي بىر تەرەپتىن ئېشىگى قاراقاچاننىڭ تىزگىنىنى ئالدىغا تارتقاچ، بىر تەرەپتىن نەۋرىلىرىگە قاراپ:



- چاققانىراق بولۇڭلار! بالىلىرىم، بۇ ئېگىزلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن سوغۇق بۇلاقتا دەم ئالىمىز. يەنە بىر ئاز غەيرەت قىلىڭلار! ــ دېدى. سوغۇق بۇلاق دېگەن بۇ ئىسىم تاھىرنىڭ قۇلىقىغا چىرايلىق ئاڭلىنىپ:

- بوۋا، بۇ سوغۇق بۇلاق دېگەن يەر قەيەردە؟ - دەپ سورىدى.

بوۋىسى بىلەن سالىھ كۈلۈمسىرىدى.

- ئوغلۇم، سوغۇق بۇلاق بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئالدىدىكى بىر بۇلاقنىڭ ئىسمى. يايلاققا چىقىدىغانلار ئۇ يەردە توختاپ دەم ئالىدۇ. پۇتىنى سۇغۇق سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپ، ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ. يېنىدا قوغۇن ياكى تاۋۇز ئېلىۋالغان بولسا، بۇلاق سۈيىگە چىلاپ سوغۇتقاندىن كېيىن پىچىپ ھۇزۇرلىنىپ يەيدۇ.

- بوۋا، بىزمۇ قوغۇن-تاۋۇز ئېلىۋالغان بولساقچۇ كاشكى.

ئەلى بوۋاي ئارقىدا ھارغىن ھالدا سوكۇلداپ كېلىۋاتقان ئېشەكنى كۆرسىتىپ، خوشخەۋەر بەردى:

- ئاۋۇ خورجۇننىڭ بىر تەرىپىگە ئوزۇق-تۈلۈك، يەنە بىر تەرىپىگە قوغۇن-تاۋۇز قاچىلاغلىق. يايلاققا چىقىشتا قوغۇن-تاۋۇز ئېلىپ ماڭمايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟!

مۇزدەك قوغۇن-تاۋۇز ۋە دەم ئېلىش توغرىسىدىكى پاراڭ بالىلارنى خۇشال قىلغان ئىدى. ئەمما ئېشەك قاراقاچان بەك ئاستا مېڭىۋاتاتتى. تاھىر ئېشەكنىڭ يېنىغا كىلىپ، قۇلىقىغا پىسىلدىدى. بۇنى كۆرگەن بوۋىسى سورىدى:

- تاھىر بالام، ئېشەككە گەپ قىلىۋاتامسەن؟

- قاراقاچاننىڭ قۇلىقىغا «ئالدىمىزدا مۇزدەك قوغۇن زىياپىتى بار» دېدىم. قارىغىنا بوۋا، ئەمدى تىز مېڭىۋاتىدۇ.

بىز ئازدىن كېيىن سوغۇق بۇلاق يىراقتىن كۆرۈندى. بۇلاققا يېقىن كەلگەندە، بالىلار بوۋىسىغىمۇ قارىماستىن بۇلاققا قاراپ يۈگۈردى. ئىسسىقتا پىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى شېغىل تاشلار ئۈستىدە ئېقىۋاتقان سالقىن سۇغا چىلىدى، ئەمما تىزدىن پۇتىنى سۇدىن تارتتى.

- سۇ ھەقىقەتەن بەك سوغۇق ئىكەن. بىكاردىن بىكار سوغۇق بۇلاق دېگەن ئىسىم قويۇلمىغان ئىكەن-دە بۇنىڭغا. ــ دېدى تاھىر.

ئېگىز بىر چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى تاشلىقتىن بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان سوغۇق سۇ تاھىرنى بەكلا ھەيران قالدۇرغان ئىدى. يازدىكى تومۇز ئىسسىقتا مۇزدەك سوغۇق بىر سۇنىڭ قانداقلارچە تاشلارنىڭ ئارىسىدىن بولدۇقلاپ چىقىپ ئېقىۋاتقانلىقىنى بوۋىسىدىن سورىماي تۇرالمىدى:

- بوۋا، بۇ ئىسسىقتا بۇ سۇ قانداقىسىگە شۇنچىلىك سوغۇق ئاقالايدۇ؟ تونىلارچە سۇ بۇ ئېگىزلىككە ماشىنا يوق، تۇرۇبا يوق ئەھۋالدا قانداق يۆتكەپ كېلىنگەندۇ؟

بوۋىسىنىڭ جاۋابى قىسقا ھەم ئېنىق ئىدى:

- بۇ سۇنى ۋە كائىناتنى ياراتقان ئاللاھ ئۈچۈن ھېچقانداق قىيىن ئىش يوق، بالام. ئۇ بىر نەرسىنىڭ بار بولۇشىنى خالىسا، «بار بول!» دەيدۇ-دە، ئۇ نەرسە بارلىققا كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر.

بۇ چاغدا ئەلى بوۋا خورجۇندىكى قوغۇن بىلەن تاۋۇزنى ئېلىپ، بولاقنىڭ يېنىدىكى كىچىك كۆلچەككە قويدى. بىردەمدىن كېيىن سوغۇپ مۇزدەك بولغان قوغۇن-تاۋۇزنى كۆلچەكتىن ئېلىپ، قېتىق ۋە نان بىلەن بىللە مەززە قىلىپ يېيىشتى.

سوغۇق تاۋۇز ۋە قوغۇن زىياپىتىدىن كېيىن سالىھ بىلەن تاھىر تاغ ئامۇتى تېرىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇلار ئامۇت تېرىپ قايتىپ كەلگەندە، ئەلى بوۋا بۇلاق بويىدا بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قولىنى يۇيىۋاتاتتى. كېيىن ئاغزى ۋە بۇرنىنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيدى. قولىغا سۇ ئېلىپ يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيدى. ئارقىدىنلا ئاۋۋال ئوڭ بىلىكىنى، ئاندىن سول بىلىكىنى يۇيدى. ھۆل قولى بىلەن بېشىنى سىلىدى، ئاندىن قۇلىقىنى ۋە بۇيىنىنى بارمىقى بىلەن سىلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا پۇتىنى يۇيدى. تاھىر بوۋىسىدىن سورىدى:

- بوۋا، نېمىشقا بالدۇرلا تاھارەت ئالدىڭ؟ تېخى ناماز ۋاقتى بولمىدىغۇ.

- ناماز ۋاقتى تېخى كىرمىگەنلىكىنى بىلىمەن، بالام. پىشىن نامىزىنى ئىنشائاللاھ يايلاقتا ئوقۇيمىز.



ئەمما ھازىر تاھارەت ئېلىۋالاي دېدىم. چۈنكى داۋاملىق تاھارەت بىلەن يۈرۈش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا كۆپ ساۋاب بولىدىغان، ئاسان ۋە كۆڭۈللۈك ئىشلاردىن بىرى تاھارەت بىلەن يۈرۈشتۇر. ــ دېدى بوۋىسى. سالىھ بىلەن تاھىر تەڭلا سورىدى:

ـ قانداقسىگە؟

ـ بىر مۆمىننىڭ تاھارىتى بولسا، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرسىلا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەت ساۋابىنى يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قوغدىغۇچى پەرىشتىلەر تاھارەت بىلەن يۈرگەن كىشىنى شەيتانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ. سۆيۈملۈك نەۋرىلىرىم، تاھارەت ئېلىش نەقەدەر ئاسان ۋە پايدىلىق بىر ئىبادەت ئەمەسمكەن؟

بۇ خوشخەۋەرنى ئاڭلىغان باللار يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا تاھارەت ئېلىشقا باشلىدى. ئىشەك قاراقچاننىڭ ئۆشنىسگە خورجۇننى ئارتقان ئەلى بوۋا:



ـ چاققان بولۇڭلار باللار! تېزرەك يولغا چىقايلى. يايلاقتا يېتىپ بېرىشقا يەنە ئىككى سائەتلىك يولىمىز بار. ــ دېدى.

## تاھارەتنىڭ پايدىلىرى

### تاھارەت بىزنى ئىبادەتكە تەييارلايدۇ

ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تاھارەت ئېلىپ تەييارلىنىمىز. تاھارەت ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا پاك-پاكىز چىقىمىز، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشىمىز.

### تاھارەت بىزنى پاكلايدۇ

بىلگىنىمىزدەك، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەممىدىن بەك كىرلىنىدىغان ئەزايىمىز قول، بىلەك، ئېغىز-بۇرۇن، يۈز ۋە پۇتلىرىمىزدۇر. تاھارەت ئېلىش بىلەن بۇ ئەزالىرىمىزنى كۈندە بىر نەچچە قېتىم يۇيىمىز. بۇ ئارقىلىق مىكروپلار تازىلىنىپ، پاسكىنا نەرسىلەر يولى بىلەن يۇقىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالىمىز. پاكىز، جانلىق، روھلۇق ۋە تېتىك ياشايمىز.

ئېغىز تازىلىقىمۇ سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى مىكروپ ئەڭ ئاسان كۆپىيىدىغان يەرلەردىن بىرسى ئېغىزدۇر. ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئېغىزىمىزنى پاكىز يۇيۇش ئارقىلىق، مىكروپلارنىڭ ئېغىزىمىزدا ماكان تۇتۇشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز. شۇنداقلا بەتبوي ئېغىز پۇرىقى بىلەن ئەتراپىمىزدىكىلەرنى بىئارام قىلىشتىن ساقلىنىمىز.

### تاھارەت مادىدا ئالماشتۇرۇش سىستېمىسى ۋە نېرۋا سىستېمىسىنى راھەتلىتىدۇ

ساغلام ياشاش ئۈچۈن بەدىنىمىزدىكى مادىدا ئالماشتۇرۇش سىستېمىسى ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ياخشى ئىشلىشى زۆرۈر. تاھارەت ئالغاندا ئەزالىرىمىزنى پاكى سۇدا يۇيۇش مادىدا ئالماشتۇرۇش ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرتىپلىك خىزمەت قىلىشىغا پايدىلىق. بۇ ئارقىلىق بەدىنىمىز تېخىمۇ ساغلام بولىدۇ.

### تاھارەت يۈزىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ

تاھارەت ئېلىش يۈزىمىزدىكى ئىنچىكە (قىلدان)

تۇمۇرلارنىڭ قان ئايلىنىش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، يۈزىمىزگە قورۇق چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ يۈزلىرى نۇرلۇق، رەڭگى-رۇخسارى گۈزەل بولىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز قىيامەت كۈنى بىزنى يۈزىمىزدىكى تاھارەت ئىزىنىڭ پارلاقلىقىدىن تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

تاھارەت يۈزىمىزگە نۇر، قەلبىمىزگە ھوزۇر بېرىدۇ.

## تاھارەت قەلبىمىزنى يامانلىقتىن پاكلايدۇ

ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئاللاھنى ئەسلەيمىز. شەيتاندىن ئۇزاقلىشىپ، پەرىشتىلەر بىلەن دوست بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن، تاھارەت بىزنى گۇناھلاردىن ساقلايدۇ. قەلبىمىزنى يامان نىيەت، ناچار ئوي-خىياللاردىن پاكىزلايدۇ.

## تاھارەت بىلەن يۈرگەندە ئىبادەت ساۋابىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ

تاھارەت بىلەن يۈرگەندە، گۇناھلاردىن ساقلىنىپ ئۆتكەن ھەر بىر ۋاقىت ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن ۋاقىتقا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تاھارەت بىلەن ئۆلسەك، ئىبادەت ھالىتىدە ئۆلگەن ۋە شېھىدلىك ساۋابىغا ئېرىشكەن بولىمىز. بۇ، بىزگە ئاللاھنىڭ بىباھا ئېھسانىدۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسۇل قىلىڭلار).

(مائىدە سۈرىسى 6-ئايەت)



### تاھارەتنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟

تاھارەت ئالغاندا ☺☺☺☺

1. **يۈزنى يۇيۇش:** يۈزىمىزنى چېچىمىز بار يەردىن قۇلىقىمىز ۋە ئېڭىكىمىزنىڭ ئاستىغىچە بىر قېتىم يۇيۇش،
2. **قولنى يۇيۇش:** قولىمىزنى بىلىكىمىز ۋە جەينىكىمىز بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇيۇش،
3. **باشقا مەسھى قىلىش:** ھۆل قول بىلەن بېشىمىزنىڭ تۆتتە بىر قىسمىنى سىلاش،
4. **پۇتنى يۇيۇش:** ئوشۇق بىلەن بىرلىكتە پۇتنى بىر قېتىم يۇيۇش

پەرزدۇر. ☺☺☺☺





## پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە تاھارەت ئېلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟

**تاھارەت ئالغاندا** ☺☺

- ☺ ئەگەر مۇمكىن بولسا، قىبلىگە ئالدىنى قىلىش، نىيەت قىلىش ۋە «ئەئۇزۇبىللاھى
- ☺ مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم» دېيىش،
- ☺ ئاغزىمىز ۋە بۇرنىمىزغا سۇ ئېلىش،
- ☺ چىشىمىزنى مىسۋاك ياكى چوتكا بىلەن پاكىزلاش،
- ☺ قۇلىقىمىز ۋە بويىنىمىزغا مەسھى قىلىش،
- ☺ ئەزالىرىمىزنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش،
- ☺ ئەزالىرىمىزنى يۇغاندا ئوڭ تەرەپتىكىدىن باشلاش،
- ☺ پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن تەرتىپكە رىئايە قىلىش

**سۈننەتتۇر.** ☺☺

## قانداق ئەھۋاللاردا تاھارەت سۇنۇپ كېتىدۇ؟

تاھارەت بار چاغدا

- تەرەت قىلىش،
- ئوسۇرۇش،
- بەدەننىڭ خالىغان يېرىدىن قان ياكى يىرىڭ چىقىش،
- نامازدا يېنىدىكى كىشىگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە كۈلۈش،
- يېتىپ ياكى بىر يەرگە يۆلىنىپ ئۇخلاش،
- ھوشىدىن كېتىش،
- قۇسۇش،
- مەست بولۇش

تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ.



## مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ نۇرى

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قېرىنداشلىرىمنى كۆرۈشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتىم. ــ دېدى. ساھابىلەر:

- بىز سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز ئەمەسمۇ؟ ئەي رەسۇلۇللاھ. ــ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز:

- سىلەر مېنىڭ (ئەسھابىم، دوستلىرىم) ساھابىلىرىم. مېنىڭ قېرىنداشلىرىم تېخى دۇنياغا كەلمىدى. ــ دېدى.

ساھابىلەر:

- ئۈممىتىڭدىن تېخى دۇنياغا كەلمىگەنلەرنى قىيامەت كۈنى قانداق تونۇيسەن؟ ئەي رەسۇلۇللاھ. ــ دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز:

- بىر كىشىنىڭ بىر ئېتى بولسا، بۇ ئاتنىڭ قاشقىسى ۋە پاچاقلىرى ئاق بولسا، قاپ-قارا ئاتلار توپى ئىچىدە كېتىۋاتقان بۇ ئاتنى ئىگىسى تونيالماي قالارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ساھابىلەر:

- ئەلۋەتتە تونۇيالايدۇ! ئەي رەسۇلۇللاھ. ــ دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز:

- مېنىڭ قېرىنداشلىرىم تاھارەت ئالغانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى يۈزلىرى نۇرلۇق، قول-پۇتلىرى پارلاق ھالدا كېلىدۇ. مەن ھەۋزى-كەۋسەرنىڭ يېنىغا ئۇلاردىن ئىلگىرى بېرىپ، ئۇلارنى تاھارەت ئالغان ئەزالىرىنىڭ پارلاپ چاقنىغانلىقىغا قاراپلا تونۇۋالىمەن. ــ دېدى. (مۇسلىم: «تاھارەت»، 39)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«مۆمىننىڭ نۇرى ۋە ئاقلىقى تاھارەت سۈيى تەككەن يەرگىچە كېلىدۇ.»

(مۇسلىم: «تاھارەت»، 40)

# غۇسۇل قىلىش

## غۇسۇل قىلىش (بوي تەرەت ئېلىش) دېگەن نېمە؟

پاكىزە سۇ بىلەن پۈتۈن بەدىنىمىزنى سۇ تەگمىگەن يەر قالمىغۇدەك دەرىجىدە يۇيۇش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«(ئەي مۆمىنلەر!) ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار، پاكلىنىڭلار (غۇسۇل قىلىڭلار)...»

(مائىدە سۈرىسى 6-ئايەت)



### بوي تەرەتسىز يوق بولسا، قايسى ئىشلارنى قىلالمايمىز؟

بوي تەرەت بولمىسا

- ناماز ئوقۇيالمايمىز.
- كەبىنى تاۋاپ قىلالمايمىز.
- قۇرئانى-كەرىمگە قول تەككۈزەلمەيمىز.
- قۇرئانى-كەرىم ئوقۇيالمايمىز.
- جامى ۋە مەسجىدلەرگە كىرەلمەيمىز.

### غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟

غۇسۇل قىلغاندا

1. ئېغىزنى يۇيۇش،
2. بۇرۇننى يۇيۇش،
3. پۈتۈن بەدەننى قۇرۇق يەر قالمىغۇدەك دەرىجىدە يۇيۇش

پەرزدۇر.

## قايسى ئەھۋاللاردا غۇسۇل قىلىشىمىز كېرەك؟

✓ جۇنۇپ بولغاندا،
✓ ئاياللار ھېيزدىن پاكىزلانغاندا (ئادەت توختىغاندا)،
✓ يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللار قىرقى توشقاندا (قان كېلىش توختىغاندا)

غۇسۇل قىلىش پەرزدۇر.
☺☺☺☺

## بوي تەرەتنى قانداق ئالىمىز؟

غۇسۇل قىلىشتىن ئىلگىرى «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەيمىز.

ئېغىزىمىزغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ غەر-غەر قىلغاچ، ئېغىزىمىزنى پاكىز يۇيىمىز.

«نىيەت قىلدىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن غۇسۇل قىلىشقا» دەپ نىيەت قىلىمىز.

بۇرنىمىزغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، ئۇبدان مىشقىرىپ، پاكىز يۇيىمىز.

«جۈمە كۈنى (ھەپتىدە بىر قېتىم) ھەربىر مۇسۇلمان يۇيۇنىشى كېرەك.»
(تىرمىزى: «سالات»، 381)

قولىمىزنى ئۇبدان يۇيىمىز.

نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىمىز.

بەدىنىمىزنىڭ ھەرقانداق يېرىدە بىرەر نىجاسەت بار بولسا، ئۇنى پاكىزلايمىز.

بېشىمىزدىن باشلاپ پۈتۈن بەدىنىمىزنى قۇرۇق يەر قالدۇرماي تولۇق يۇيىمىز.

# غۇسۇل قىلىشنىڭ پايدىلىرى

### بوي تەرەت ئېلىش بىزنى مەنىۋى جەھەتتە پاكلايدۇ

دىنىمىزدە بوي تەرەت ئېلىشنى زۆرۈر قىلىدىغان ئەھۋاللار مەنىۋى جەھەتتە كىر ئەھۋال (ھادەس) ھېسابلىنىدۇ. بوي تەرەت ئالمىساق، پاكىز بولالمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بەزى ئىبادەتلىرىمىزنى قىلالمايمىز. ئىبادەتلەرگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بوي تەرەت ئالساق، مەنىۋى كىرلەردىن تازىلىنىپ، پىسخىك جەھەتتە راھەتلىنىمىز.

### غۇسۇل قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشىمىز

غۇسۇل قىلىش ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان ئەمرىدۇر. بۇ ئەمرنى ئورۇنداش ئارقىلىق قۇللۇق ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيمىز. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە رىئايە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولىدۇ. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا، غۇسۇل قىلىش ئىنسانلارنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان مەنىۋى تازىلىقتۇر.

### غۇسۇل قىلغاندا بەدىنىمىز روھلۇق ۋە تېتىك بولىدۇ

بەدىنىمىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى تېرىلىرىمىز ۋاستىسى ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن تاشقى دۇنيادىكى كىر ۋە چاڭ-توزاڭلار ھەممىدىن بەك تېرىمىزگە تەسىر قىلىدۇ. بەدىنىمىزدىكى ياغ ۋە تەرلەرمۇ تېرىمىزدىكى ياغ، تەر بەزلىرى ۋاستىسى بىلەن سىرتقا چىقىرىلىدۇ. تەرلەش ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلغان زەھەرلىك ماددىلار تېرىمىزنىڭ ئۈستىگە چاپلىشىۋېلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا تېرىمىز ئۆپكىمىزنىڭ نەپەس ئېلىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى بىمالال ئادا قىلالمايدۇ. غۇسۇل قىلغاندا، ئېتىلىپ قالغان تەر تۆشۈكچىلىرى قايتا ئېچىلىدۇ. بەدىنىمىز كىردىن تازىلىنىپ، نەپەس ئېلىشىمىز ئاسانلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدىمىز يېنىكلىشىپ، روھلۇق، تېتىكلىك ھېس قىلىمىز. بۇ نوقتىدىن قارىغاندىمۇ، غۇسۇل قىلىش بەدىنىمىزنى كىردىن تازىلايدىغان ماددى پاكىزلىقتۇر.

### غۇسۇل قىلغاندا بەدەن ۋە روھ ساغلام بولىدۇ

غۇسۇل قىلغاندا، بەدىنىمىزنىڭ سۇغا تېگىشى بەدىنىمىزدە توپلانغان ئېلېكتىر زەرەت يۈكىنى يېنىكلىتىپ، قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. نېرۋىلىرىمىز راھەتلەپ، غەم-قايغۇلىرىمىز ئازىيىدۇ. غۇسۇل ھەم روھىي ساغلاملىقىمىزنى قوغدايدىغان مەنىۋى پاكىزلىق، ھەمدە بەدەن ساغلاملىقىمىزنى قوغدايدىغان ماددى پاكىزلىق، يەنى روھى ۋە جىسمانى ساغلاملىقىمىز ئۈچۈن بولمىسا قەتئىي بولمايدىغان بىر دورىدۇر.

**غۇسۇل قىلغان چاغدىكى نامۇۋاپىق ئىشلار قايسىلار؟**

| غۇسۇل قىلغاندا ☹☹ | ☹ سۇنى ئىسراپ قىلىش، <br> ☹ ئەۋرەت يېرى ئۇچۇق ھالدا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش، <br> ☹ بىكار پاراڭ سېلىش | مەكرۇھتۇر. ☹☹ |
|---|---|---|

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە غۇسۇل قىلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟**

**غۇسۇل قىلغاندا**

- نىيەت قىلىش،
- «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دېيىش،
- قول ۋە ئەۋرەتنى يۇيۇش،
- نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىش

**سۈننەتتۇر.**

## سۇنىڭ كۈچى

فاتىخ ناشتا قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرغان ئۈستەلدە قاچىسىدىكى زەيتۇنلارنى قوشۇقتا ئۇياق-بۇياققا يۇرغىلىتىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. بۇ كۈنلەردە نامەلۇم بىر ئىش تۈپەيلى جېنى سىقىلىپ، كۆڭلى بىئارام ۋە خىيالچان بولۇپ قالغان ئىدى. تولۇقسىز 3-يىللىققا كۆچكەن بۇ يىلدا ئۆزىدە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. تۇيۇقسىزلا بوي تارتىپ، ئاۋازى تومىلىشىپ، بۇرۇتى خەت تارتىشقا باشلىغان ئىدى. بەزىدە باللارچە قىلىقلارنى قىلسا، يەنە بەزىدە ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ قىلىقلارنىڭ ئۆزىگە ياراشمايدىغانلىقىنى بىر خىل مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئويلاپ يېتەتتى. بۇ خىل تەمتىرەشنىڭ قانچىلىك داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى، بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىكى داۋالغۇشلار تۈپەيلى بەزىدە خىيالى ئاللىقانداق يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتەتتى. دادىسىنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈردى:

- فاتىخ، يەنە خىيالغا پېتىپ كەتتىڭ ئوغلۇم. ناشتىلىقنى تېز يە! خىيال سۈرۈپ ئولتۇرساڭ، مەكتەپكە كېچىكىپ قالىسەن. — دېدى. فاتىخ خىيالدىن ئويغىنىپ:



- غەم قىلما! دادا، ئۈلگۈرىمەن. — دەپ جاۋاب بەردى. ئوغلىدىكى بىئاراملىقنى ھېس قىلغان، مۇۋاپىق بىر پەيتتە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەرنى يېشىشنى نىيەت قىلغان دادىسى ئۇنىڭغا:

- ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭ بۈگۈن كەچتە يېڭى يەڭگەن ھاماچاڭنىڭ ئۆيىگە تۇغۇت كۆرگىلى بېرىپ، شۇ يەردە قونۇپ كەلمەكچى. بىز دادا-بالا ئىككەيلەن بۇ ئاخشام ھەم ئۆزىمىزنى ئوبدان بىر مېھمان قىلايلى، ھەم قانغۇدەك بىر مۇڭدىشايلى. ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار. — دېدى.

سومكىسىنى ئېسىپ ئۆيدىن چىققان فاتىخ بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ قانداق مۇھىم گېپى بارلىقىنى ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇغراپىيە دەرسى بېرىدىغان ئىرفان مۇئەللىمنىڭ دەرسگە كېچىكىپ گەپ ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن، تېز-تېز قەدەملەر بىلەن مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى.

سىنىپقا كىرىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، سىنىپنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ساۋاقداشلىرى تۈنۈگۈن كەچتە تېلېۋىزوردا كۆرگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا قايسى تەنھەرىكەتچىنىڭ توپنى قانداق تەپكەنلىكى، رېپېرنىڭ كىمگە يان باسقانلىقى، قايسى تەرەپنىڭ جازاغا ئۇچرىغانلىقى قاتارلىق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار توغرىسىدا بىر بىرگە گەپ بەرمەي، يۇقىرى ئاۋازدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىۋاتاتتى. ئىرفان مۇئەللىم ئىشىك تۈۋىدە كۆرۈنىشى بىلەنلا قايناۋاتقان قازانغا بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ۋاراڭ-چۇرۇڭ بېسىقتى. سىنىپ چۈشتىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاس بولدى. ئىرفان مۇئەللىم كۆزەينەك تاقىغان، بەستلىك، كۆزلىرى ئۆتكۈر، ئىنتىزامسىزلىق قىلغان ئوقۇغۇچىنى بوش قويۇۋەتمەيدىغان بىلىملىك ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايتتى، ئەمما دەرس ۋاقتىدا ئىنتىزام بۇزۇشقا قەتئىي يول قويمايتتى. خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى تۈپەيلى جازالىغان ئوقۇغۇچىلارنى بىرەر پۇرسەت تېپىپ كۆڭلىنى ئالاتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئاچچىقمۇ بار، تاتلىقمۇ بار بىر مۇئەللىم ئىدى.

مۇرات ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىنى دالدا قىلىپ، ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ، ئۇخلاشقا نىيەت قىلىپ تۇرغاندا، مۇئەللىم:

- مۇرات! سەن نېمىشقا ئارقىدا ئولتۇردۇڭ؟ ئالدىدىكى پارتىلار بوش تۇرسا، ئارقىدا نېمە ئىش قىلىسەن؟ كەل، ئالدىدا ئولتۇر! — دەپ ئۇنىڭ پىلانىنى بۇزدى. مۇرات يامغۇردىن قېچىپ، مۆلدۈرگە تۇتۇلغان ئادەمدەك خالىمىغان ھالدا ئالدىدىكى بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئىرفان مۇئەللىم بوم ۋە ياڭراق ئاۋازى بىلەن دەرس سۆزلەشكە باشلىدى:

- ساۋاقداشلار! بۈگۈنكى دەرستە سىلەرگە سۇنىڭ كۈچى توغرىسىدا، يەنى ئېچىگە كىرگەن قاچىنىڭ شەكلىنى ئالىدىغان، ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ، دەريالاردا شاۋقۇنلاپ ئاقىدىغان، يۇمشاق، سۈزۈك، سالقىن سۇنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەيمەن. ئالدى بىلەن بىلىشىمىزگە تېگىشلىك بولغىنى سۇسىز ھاياتنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىدۇر. ئادەم تاماق يېمەي بىر قانچە ھەپتە ياشىيالىغان بىلەن، سۇ ئىچمەي ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ياشىيالمايدۇ. ئۇلۇغ ياراتقۇچى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ سۇدىن يارىتىلغانلىقىنى بىزگە بىلدۈرگەن. دۇنيانىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچىسى دەپ ئاتالغان كىلىماتلار دېڭىز-ئوكيان سۈيىنىڭ ئېقىشى تەسىرىدە مەيدانغا كېلىدۇ. قۇياش نۇرى تەپتىدە پارغا ئايلانغان سۇ تامچىلىرى بۇلۇت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. بەزىدە بۇلار قانچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ تاغلارغا، ئورمانلىقلارغا يامغۇر بولۇپ يېغىپ، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇنى يەپ ياشايدىغان جانلىقلارغا ھايات بېغىشلايدۇ. بارلىق جانلىقلار مۇتلەق ھالدا سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. — دېدى. سىنىپتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ھېسابلانغان فاتىخ قولىنى كۆتۈردى:

- مۇئەللىم، بىئولوگىيە دەرسىدە كۆرگەن ئىنساننىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارمۇ سىزنىڭ دېگىنىڭىز بىلەن بىردەك. جانلىقلار سۇدىن شەكىللەنگەن جەۋھىرى بىلەن بىللە ھاياتقا تۇنجى قەدىمىنى تاشلايدۇ. بۇ ئوخشاشلىق دىققىتىمنى تارتتى. — دېدى. ئىرفان مۇئەللىم:

- رەھمەت فاتىخ! سەن ئېيتقاندەك، پەن بىلىملىرى بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاھ بەلگىلىگەن قائىدە-قانۇنىيەتلەردە قىلچىلىك زىددىيەت ياكى تەرتىپسىزلىك مەۋجۇت بولمىغان ھالدا نەچچە مىليون يىلدىن بويان دۇنيا ۋە ئەتراپىمىزدىكى ئالەمنى ياشىتىۋاتىدۇ.

سۇنىڭ كۈچىنى سۆزلىگەندە ھەمىشە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك تەرەپلىرىنى ئاڭلاتتىم، باللار. سۇنىڭ يەنە تەرسا ۋە بەڭۋاش بىر تەرىپىمۇ بار. بۇ ھەقتىمۇ ئانچە-مۇنچە سۆزلەپ قويايلى، ئەمدى ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىڭلار، بۇ جەھەتتە سىلەر بىلگىنىڭلارنى دەپ بېقىڭلار. قېنى، كىم سۆزلەيدۇ؟ - دېدى ئىرفان مۇئەللىم. سىنىپتىكى باللار قولىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى:

- سۇ ئاپىتى، كەلكۈن...

- دېڭىز شاۋقۇنى...

- يۆنۈلۈشىنى ئۆزگەرتكەن دەريالارنىڭ توپىراقلارنى ئېقىتىپ كېتىشى...



- دېڭىزدىكى بوران-چاپقۇنلار، شىددەتلىك دولقۇنلار...

ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ خىلدىكى جاۋابلارنى سۆزلەشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئىرفان مۇئەللىم تەمكىن ئاۋازى بىلەن سىنىپنى يەنە تىنچلاندۇردى:

- ساۋاقداشلار! ھەممىڭلار توغرا جاۋاب بەردىڭلار. دەرسىمىزنىڭ ئاخىرىدا سىزنىڭ كۆچىدىن ھەممىيلەن ئاز-تولا خەۋەردار بولدۇق. بىراق ئەڭ مۇھىم نوقتىغا ئەمدى كەلدۇق. جۇغراپىيىلىك شەكىللەر، تاغلار، ۋادىلار، تۆزلەڭلىكلەرگە قارىغان ۋاقتىمىزدا سۇنىڭ روشەن تەسىرىنى كۆرەلەيمىز. سۇنىڭ توختاۋسىز ھەرىكىتى، نەچچە مىڭ يىلدىن بويانقى تىنىم تاپماس غەيرىتى ئەڭ قاتتىق تاشلاردىن تۈزۈلگەن تاغلارنى ئۇپرىتىپ، ئېرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكىنى دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ ھالەتكە ئەكەلگەن. دەريا سۈيىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزلىرىدا سۇ ئېقىتىپ كەلگەن تۇپراقلار بىپايان ۋە مۇنبەت تۆزلەڭلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. سىلەرمۇ سۇنىڭ كۈچىدىن ساۋاق ئېلىپ، داۋاملىق تىرىشىپ، چىدام-غەيرەت كۆرسەتسەڭلار، تاغلار كەبى مۈشكۈلاتلار كۆز ئالدىڭلاردا ئېرىپ يوق بولۇپ كېتىدۇ.

مۇرات جۇغراپىيە دەرسىنىڭ بۇنچىلىك كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئەتىگەن سومكىسىغا جۇغراپىيە كىتابىنى سالغاچ، «ئارقىدىكى ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاي» دەپ ئويلىغان ئىدى. ئىمىر-چىمىر خەرىتىلەر، بۇ خەرىتىلەردىكى ئاربىلقلارنى ھېسابلايدىغان فورمۇلىلار، قايسى مەھسۇلاتنىڭ قەيەردە، قانداق، قانچىلىك چىقىدىغانلىقى قاتارلىق سوئاللار مۇراتنى جۇغراپىيە دەرسىدىن زېرىكتۈرىۋەتكەن ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى دەرس ئۇنىڭ جۇغراپىيە دەرسىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. ئەسلىدە تۈزلەڭلىكلەردە، تاغلاردا، قولىمىزنى يۇغاندا بارماقلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كەتكەن سۇلاردا بىزنى ئويغىتىدىغان، بىزگە ئىلھام بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

فاتىخ بىر تەرەپتىن دەرس ئاڭلىسا، بىر تەرەپتىن كەچتە دادىسىنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. مەكتەپتىكى ۋاقىت ھەر چاغدىكىدەك تېز ئۆتتى.

ئۆيگە كەلگەندە ئاشخانىدىن مەززىلىك بىلىق پۇرىقى كەلدى. دادا-بالا ئىككەيلەن ئوخشىتىپ ئەتكەن خام سەيلەر بىلەن مەززىلىك بىلىقنى

ئىشتىھا بىلەن يېدى. دادىسى فاتىخ ئامراق تاتلىق تۈرۈملەردىن ئالغان ئىدى. داستىخاننى بىرلىكتە يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، چاي ئىچىشكەچ مېھمانخانا ئۆيدە كىرىسلودا ئولتۇرۇشتى. فاتىخنىڭ پۈتۈن دىققىتى دادىسى ئەتىگەن «كەچتە دەيمەن» دېگەن ھېلىقى مۇھىم گەپتە ئىدى. دادىسى بۇنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. سۆھبەتتە مۇۋاپىق بىر پەيت تېپىپ دېيىشنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ئاستا سۆزگە باشلىدى:

- ماڭا قارا، فاتىخ. ئىنسانلار تۇغۇلىدۇ، چوڭ بولىدۇ، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى بولىدۇ، قېرىيدۇ، ئۆلىدۇ. سەن ھازىر ئون بەش ياشقا كىردىڭ. بالىلىق بىلەن خوشلىشىپ، بالاغەتكە يېتىپ بىر يىگىت بولۇش ئالدىدا تۇرىۋاتىسەن. جىسمىڭ ۋە روھىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەن بىلەن بىللە بىزمۇ كۆرىۋاتىمىز. ئاللاھقا قانچىلىك شۈكۈر قىلساق ئازدۇر. سەن ۋە سىڭلىڭ كەبى ئىككى ساغلام بالىمىز بار.

بالام، ھەرگىز قورقما! بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بەدىنىڭ ۋە روھىڭدىكى شاۋقۇنلار پەسلەيدۇ. ياشلىق مەزگىلىڭمۇ بالىلىق چاغقا ئوخشاش گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرىدىغان ۋاقىتلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا. ھازىر بەزى كېچىلەر ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرۈپ، كۆسىرىڭنىڭ ھۆل بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىڭدا، غۇسۇل قىلىشىڭ (بوي تەرەت ئېلىشىڭ) كېرەك. بالاغەتكە يېتىش مەزگىلى مەسئۇلىيەت، ۋەزىپىلەر باشلىنىدىغان مەزگىلدۇر. بوي تەرەت دەپ ئاتالغان غۇسۇل بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ تۇنجى شەرتىدۇر. ھەپتىدە بىر قېتىم مونچىغا چۈشۈشتىن سىرت، زۆرۈر بولغان چاغلاردا بوي تەرەت ئېلىش پەرزدۇر. ئېغىز-بۇرۇنغا لىق سۇ ئېلىپ، پاكىز چايقىغاندىن كېيىن، پۈتۈن بەدەننى ھېچقانداق قۇرۇق يەر قويماي تولۇق يۇساق، غۇسۇل قىلغان بولىمىز. سېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭ ئاناڭ بىلەن مەن. بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىگە ئائىت ھەر قانداق گېپىڭ بولسا، ئاناڭ بىلەن ئىككىمىزگە ئېيتساڭ بولىدۇ. ئۇنۇتما! سەن ئەدەپلىك چوڭ بولغانسىرى، بىز سەندىن پەخىرلىنىمىز. ـ دەپ گېپىنى تۈگەتتى دادىسى. دادىسىنىڭ گېپىنى بىرىلىپ ئاڭلىغان فاتىخ:

- ئاللاھ راھەتلىك بەرگەي، دادا. ـ دېدى ۋە ھوجرىسىغا قاراپ ماڭدى. دادىسىنىڭ سۆزلىرى



ئۇنى مونچىنىڭ ئىشىكىگە ئەكەلگەن ئىدى. ئالدى بىلەن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالدى. بۇرنىغا سۇ ئالغاندا، دىمىقىغا بىر ئاز ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن مونچىدا پۈتۈن بەدىنىنى ئوبدان ئۇۋۇلاپ، پاكىز يۇيۇندى. لۆڭگىدە بەدىنىنى سۈرتۈپ، پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ ھوجرىسىغا كىردى. ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ چېچىنى قۇرۇتىۋاتقىنىدا، ئەتىگەنكى جۇغراپىيە دەرسىدىكى مەزمۇنلارنى ئەسلىدى. دەرستە سۇنىڭ كۈچى سۆزلەنگەن ئىدى. ئەمما بىر نوقتا كام قالغان ئىدى. سۇ پەقەت سىرتقى دۇنيايىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنيايىمىزنىمۇ شەكىللەندۈرىۋاتاتتى. فاتىخ تۇنجى قېتىم غۇسۇل قىلغىنىدا بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بوي تەرىتى پەقەت بەدىنىنىلا ئەمەس، بەلكى روھىنىمۇ بىللە يۇيۇپ پاكلايدىغان ئەڭ مۇھىم قۇللۇق ۋەزىپىسىدىن بىرى ئىدى. فاتىخ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاندىن كېيىن: «سۇنىڭ كۈچىنى ئەمدى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندىم» دەپ پىچىرلىدى ۋە يېقىنقى كۈنلەردىكى بىئارامچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئارامخۇدا ئۇيقۇغا كەتتى.

- ھەسەن تەھسىن قارامان

# تەيەممۇم

ئاللاھتائالا مۇنداق دېيدۇ:

«...(غۇسۇل تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلار، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار.»

(مائىدە سۈرىسى 6-ئايەت)

## تەيەممۇم دېگەن نېمە؟

تەيەممۇم تۇپراق ياكى تۇپراق تەركىۋى بار بىر نەرسە بىلەن تاھارەت ئېلىش دېگەنلىكتۇر.

## تەيەممۇم قاچان قىلىنىدۇ؟

تاھارەت ئالغۇدەك ياكى غۇسۇل قىلغۇدەك پاكىز سۇ تاپالمىغان ۋە كېسەللىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى سۇ ئىشلىتىشكە ئىمكانىمىز يار بەرمىگەن چاغلاردا

تاھارەت ۋە غۇسۇلنىڭ ئورنىغا

تەيەممۇم قىلىمىز.

## تەيەممۇم قانداق قىلىنىدۇ؟



1. ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم دەيمىز.
2. نېمە ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغانلىقىمىزغا (تاھارەت ياكى غۇسۇلغا) نىيەت قىلىمىز.
3. ئىككى قولىمىزنى پاكىز تۇپراققا ئۇرۇپ، يۈزىمىزنى سىلايمىز (مەسھى قىلىمىز).
4. ئىككى قولىمىزنى ئىككىنچى قېتىم تۇپىغا ئۇرۇپ، ئالقىنىمىز بىلەن ئاۋۋال ئوڭ، ئاندىن كېيىن سول بىلىكىمىزنى جەينىكىمىز بىلەن قوشۇپ سىلايمىز.

**تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟**

| تەيەممۇم قىلغاندا ☺☺☺☺ | 1. نىيەت قىلىش، 2. پاكىز تۇپراق بىلەن يۈزىمىز ۋە بىلەكلىرىمىزگە مەسھى قىلىش | پەرزدۇر. ☺☺☺☺ |
|---|---|---|

# چوراقتەپە غارى

ئىمىر سەھەردە دادىسى بىلەن بىللە مەكتەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئىيۇن ئېيىنىڭ تۈنجى ھەپتىسى دەم ئېلىش كۈنىنى مەكتەپتىكى ئىزچىلار ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە يازلىق لاگېردا ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. ئىمىر مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندە، لاگېر ئاپتوبۇسى ئاللىقاچان كەلگەن ۋە تەييارلىقلار تەق بولۇپ بولغان ئىدى. ئاپتوبۇس بىردەمدىن كېيىن لاگېرغا قاراپ قوزغالدى. يازلىق لاگېر پائالىيىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىسمائىل مۇئەللىم ئاپتوبۇسنىڭ مىكروفونىدا ئوقۇغۇچىلارغا بۇ قېتىمقى پائالىيەت توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى:

- ساۋاقداشلار، مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە بۇ قېتىمقى پائالىيىتىمىزنىڭ سىلەرنىڭ نەزەر دائىرەڭلارنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان بىر كۆڭۈللۈك ساياھەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى. كۆرمىگەن يەرلەرنى كۆرىمىز، قايىنام-تاشقىنلىققا تولغان چوڭ شەھەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن يىراقلىشىپ، جىمجىت سەھرادا كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزىمىز. ئاپتوبۇس بىزنى قارىغايلىق يايلاق ئورمانچىلىق رايونىدىكى لاگېردا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىز ئۇ يەردە چېدىر تىكىپ، ئويۇن ئوينايمىز. ساياھىتىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنى، ئىككى سائەت پىيادە يول مېڭىپ، چوراقتەپە ئېگىزلىكىدىكى قەدىمقى زامانغا ئائىت رەسىملەر ساقلانغان قەدىمىي غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئېكسكۇرسىيە قىلىمىز. سىلەرنىڭ قائىدىلەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشىڭلارنى، كوللېكتىپتىن ھەرگىز ئايرىلماسلىقىڭلارنى ۋە مۇھىتنى پاكىز تۇتۇشقا دىققەت قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. شۇنى ئۇنۇتمايلىكى، مۇھىت بىزگە ئامانەتتۇر. ئۇنى كىر، مەينەت قىلماي، پاكىز ھالدا كېيىنكى ئەۋلاتلارغا مىراس قالدۇرۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرىدۇر.

ئاپتوبۇس بىر يېرىم سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرگەندىن كېيىن لاگېرغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن چېدىر تىكىدىغان يەرنى تاللىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چېدىرنى بىر دەمدىلا تىكىپ بولدى. قازان-قومۇچ ۋە ئاسان يۆتكىگىلى بولىدىغان ئۈستەللەر ئەڭ چوڭ چېدىرنىڭ ئىچىگە قويۇلدى.



ئەترەت باشلىقى ئىسمائىل مۇئەللىم پۇشتەك چېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى چاقىردى:

- ساۋاقداشلار، ھازىر سائەت ئون بىر بولدى. چۈشلۈك تاماق سائەت بىردە. يىراققا كەتمەي مۇشۇ ئەتراپتا خالىغانچە پائالىيەت قىلساڭلار



بولىدۇ. چۈشلۈك تاماق ئىچىش ئۈچۈن ئۈچ كىشى قىلىپ ماڭا ياردەملەشسۇن!

بالىلار بۇ كەڭرى يېشىللىقتا خۇشاللىقتىن قىن-قىنىغا پاتماي يايراپ، ئۆزئارا گۇرۇپپا بولۇشۇپ ئويۇن ئويناشقا باشلىدى. ئەتىيازنىڭ سېخى قۇياشى، قۇشلارنىڭ نەغمە-ناۋالىرى ۋە بۆك-باراقسان قارىغاي دەرەخلىرىنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقى بىلەن ھەممەپەس بولۇپ ئويۇن ئويناش بۇ بالىلار شەھەرلەردە تاپالمايدىغان چوڭ بىر نېمەت ئىدى.

شادلىققا چۆمگەن بۇ بالىلار بۇلاق سۈيىدە بەس-بەستە يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چوڭ چېدىرغا كىرىپ، تاماق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ساپ ھاۋادا ئۇلار بۆرىدەك ئېچىرقاپ كەتكەن ئىدى. ئۆيدە ئەركىلەپ، تاماق يېگىلى ئۇنىماي، ئاتا-ئانىسىنى يالۋۇرتىدىغان بۇ بالىلار تەخسىدىكى تائاملارنى پاك-پاكىز يەۋەتتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يېشىل چىملىقلارنىڭ ئۈستىدە، بۇ گۈزەللىكلەرنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. كىچىك ئىزچىلار ئىسمائىل مۇئەللىم بىلەن بىرلىكتە ئاخشامغىچە ئورمانلىقتا كەزدى. لاگېرغا قايتىدىغان چاغدا ئاخشاملىققا چېدىرنىڭ ئالدىدا ياقىدىغان گۈلخان ئۈچۈن ئوتۇن تېرىپ مېڭىشنىمۇ ئۇنۇتمىدى. كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى نۆۋەتچى ئوقۇغۇچىلار ئەتكەن كەچلىك تاماقنى يېدى. نامازشامنى ئوقۇغاندىن كېيىن چېدىرنىڭ ئالدىدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان بالىلار نۆۋەت بىلەن ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلىدى. بەزىلەر ناخشا-قوشاق ئېيتتى. بەزىلەر قىزىزىق يۇمۇرلارنى سۆزلەپ بەردى. بەزىلەر خىلمۇ-خىل ئاۋازلارنى دوراپ، ساۋاقداشلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرىۋەتتى. ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بىلىنمەيلا قالدى. چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاچ يوتقان-كۆرپە ئىچىگە كىرىپ ياتقان بالىلار ناھايىتى تېزلا ئۇخلاپ قالدى.

كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى،ئىسمائىل مۇئەللىمنىڭ چاقىرىشى بىلەن بالىلار ئورنىدىن دەس تۇردى. ھالبۇكى، ئۆيلىرىدە ئانىلىرى ئۇلارنى يالۋۇرۇپمۇ ئويغىتالمايتتى. ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئۇخلىغان بولسىمۇ،

ئەمما ئورماندىكى ساپ ھاۋادا ھاردۇقى چىقىپ، روھلۇق ھالدا ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. بۇلاقتىكى مۇزدەك سۇدا تاھارەت ئېلىپ ئوقۇغان بامدات نامىزى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇيقۇنى تامامەن قوغلىۋەتتى. ئۆمەر ۋە ئىسمائىل مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەھەردە بەدەن چېنىقتۇرۇشنى باشلىۋەتتى. ئىسست، چوڭ شەھەرلەردە چوشكىچە ئۇخلاش بىلەن، بىكار لاغايلاش بىلەن ئۆتكەن تەتىل ۋاقىتلىرى مۇشۇ يەردە ئۆتكەندىكىدەك مەنىلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولغان بولسىچۇ، كاشكى! بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن كېيىن لاگېر ئەزالىرى چوڭ چېدىردا تەييارلانغان ناشتا داستىخىنىغا ئولتۇردى. تېز-تېز ناشتا قىلغان بالىلار چوراقتەپەدىكى غارلارنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتاتتى. ئىسمائىل مۇئەللىم:

- ساۋاقداشلار! ئەمدى ئىككى سائەت پىيادە يول يۈرىمىز. يەيدىغان نەرسە، ئىچىدىغان سۇ ۋە قۇياش نۇرىدىن ساقلىنىدىغان شەپكە قاتارلىق نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتماڭلار! – دېدى.

ئىمىر ۋە دوستلىرى تار بىر چىغىر يولنى بويلاپ، چوراقتەپە ئېگىزلىكىگە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى. دەسلەپكى يېرىم سائەتلىك يولنى كۆلكە چاقچاق ئىچىدە مېڭىپ تۈگەتكەن بالىلار كېيىنكى مۇساپىدە قىينىلىشقا باشلىدى. قۇياش ئەتىگەنكىدەك بالىلارنىڭ مۆرىسىنى سىلىماي ۋاتاتتى، چىڭقى چۈشتىكى ھارارەتلىك ئىسسىق تەپتىدىن بالىلارنىڭ تىللىرى قۇرۇپ، دىماقلىرى ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بالىلار ئېگىزلىكتىكى چىققاندا دەرەخلەرنىڭ سايىسىغا ئۆزىنى ئاتان ئاتتى. ئىسسىق ھاۋادا ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئادەتلەنمىگەن بالىلار قاتتىق ھېرىپ كەتكەن ئىدى. ئەترەت باشلىقى ئىسمائىل مۇئەللىم:

- نېمە بولدى، بالىلار؟ ھېرىپ كەتتىڭلارمۇ؟ تېز بولۇڭلار، ئەمدى غارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشنى باشلايمىز. – دېدى مەنىلىك بىر ئاھاڭدا.

چوڭ ئىككى خادا تاشنىڭ ئارىسىدا بالىلار بىر سەپ بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ تىزىلىپ، غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ھەيرانۇ-ھەس بولدى. سىرتتىكى كۆيدۈرگىدەك ئىسسىق ھاۋا بىردەمدىلا ئۆزگەرگەندەك ئىدى. بالىلار ئۆزلىرىنى گويا چوڭ بىر توڭلاتقۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس

قىلىشتى. ئۆمەر مۇئەللىم قولىدىكى قولچىراق بىلەن غارنىڭ ئىچىنى يورۇتتى ۋە غارنى تونۇشتۇردى:

- ساۋاقداشلار، بىز ھازىر نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى يېزىلغان، كۆنىمىزگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان بىر تارىخ بېتىنى كۆرۈش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمىز. دەسلەپتە بىر قاراشقىلا سىلەرگە مەنىسىز تۇيۇلغان بەزى مەلۇماتلار تارىخ جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم چۈشەندۈرۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ يەردە بىز كۆرگەن رەسىملەر ئۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ياشاش شەكلى، ئۆزۈقلىنىش ئۇسۇلى، ئىجتىمائى ھاياتى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. – دېدى.

غارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ بولغان بالىلار ئۆمەر مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە غاردىن چىقىپ، سومكىلىرىدىكى ئۇزۇق-تۈلۈكلىرىنى يېشىل چىمەنلەرنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، چۈشلۈك تاماق يېدى. بالىلار قورسىقى تويغاندىن كېيىن قايتىدىن جانلاندى. ئۆمەر مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ھەممىسى ئورنىدىن دەس تۇردى:

- ساۋاقداشلار، پىلانىمىز بويىچە پائالىيىتىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنى چوراقتەپە غارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. ھازىر سائەت ئۈچ بولدى. پېشىن نامىزىمىزنى بۇ يەردە ئوقۇپ، لاگېرغا قاراپ يولغا چىقىشىمىز كېرەك. – دېدى ئۆمەر مۇئەللىم. سۇدانىدىكى سۈيىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولغان مالىك:

- مۇئەللىم، مېنىڭ سۈيۈم تۈگىدى. ساۋاقداشلارنىڭمۇ ھەقچان سۈيى قالمىدى. يېقىن ئەتراپتا بۇلاق، دەريا ياكى سۇ تاپقىلى بولىدىغان بىر يەر باردەك قىلمايدۇ. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قانداق تاھارەت ئالارمىز؟ - دەپ سورىدى. ئۆمەر مۇئەللىم:

- ناھايىتى ياخشى بىر سوئال سورىدىڭ، ئاپىرىن مالىك! مەنمۇ مۇشۇ تېمىدا سۆزلىمەكچى ئىدىم. ساۋاقداشلار، گۈزەل دىنىمىز ئىسلام ھېچقاچان ئىنسانلارغا كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى يۈكلىمىگەن. يەنى، ئىسلام قىيىنچىلىق دىنى ئەمەس، ئاسانلىق دىنىدۇر. – دېدى. ئەلى قولىنى كۆتىرىپ:

- مۇئەللىم، ئۇنداقتا ناماز ئوقۇمامدىمىز؟ - دەپ مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى بۆلدى. ئۆمەر مۇئەللىم:

- ياق! ئەلى، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھوشى جايىدا ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننى ناماز ئوقۇشتىن



ھېچقانداق بىر باھانە-سەۋەب توسۇپ قالالمايدۇ. سۇ يوق ۋە ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغان چاغدا، سۇ تېپىش ئىمكانى بولمىغان ئەھۋالدا، تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيمىز. ئالدى بىلەن تەيەممۇم ئۈچۈن نىيەت قىلىمىز. ئاندىن ئالقىنىمىزنى ئېچىپ، پاكىز توپراققا يېنىك بىر ئۇرغاندىن كېيىن ئاۋۋال يۈزىمىزنى سىلايمىز. ئىككىنچى قېتىم يەنە ئالقىنىمىز بىلەن توپىغا يېنىك ئۇرۇپ، ئىككى بىلىكىمىزنى سىلايمىز. مۇشۇنداق ئاسان، ساۋاقداشلار. — دېدى. ئەلى يەنە سورىدى:

- ئۇنداقتا مۇئەللىم، ئادەتتە بىز تاھارەت ئالغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىبادەتلىرىمىزنى تەيەممۇم قىلىش ئارقىلىق قىلالامدىمىز؟

- ئەلۋەتتە! ھەر ۋاخ ناماز ۋاقتىدا تەيەممۇمنى تەكرارلاش شەرتى بىلەن، تاھارەت ئالغاندەك بارلىق ئىبادەتلىرىمىزنى قىلالايمىز. - دېدى ئۆمەر مۇئەللىم.

ئوقۇغۇچىلار يېڭى بىر نەرسە ئۆگەنگەنلىكنىڭ ھاياجىنى بىلەن مۇئەللىمگە ئەگىشىپ تەيەممۇم قىلىشقا باشلىدى. جامائەت بولۇپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. لاگېرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇلاقنىڭ يېنىدا رەتلىك تىزىلىپ، ئۈچرەت بولۇپ قانغىدەك سۇ ئىچتى.

ئوقۇغۇچىلار يەكشەنبە كۈنى كۈن پاتقاندا ئايرىلغان لاگېر ئىمىر ۋە دوستلىرى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولغان ئىدى. بىر تەرەپتىن يېڭى يەرلەرنى كۆرۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى بىلىملەر ئۆگەنگەن ئىدى. بولۇپمۇ مەكتەپتە جېنى سىقىلغاندەك بېسىم ھېس قىلماي، ۋاقىتنى كۈلۈپ يايراپ، سەكرەپ تاقلاپ ئويناش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئىمىر خۇددى بۈركۈت ئۇۋىسىغا ئوخشايدىغان چوراقتەپە ئېگىزلىكىگە ئاپتوبۇسنىڭ دەرىزىسىدىن ئاخىرقى قېتىم بىر قارىدى. كۆڭلىدە كېلەر يىلقى يازلىق لاگېر پائالىيىتىنىڭ پىلانلىرىنى تۈزگەچ ساۋاقدىشى بۇرھاننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

- ھەسەن تەھسىن قارامان

# سوئاللار

## ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. توغرا بولسا «**توغرا**»، خاتا بولسا «**خاتا**» دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە ئىشارەت قىلىڭ.

- تاھارەت ئالغاندا ئەزالىرىمىزنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش سۈننەتتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- تاھارەتسىز ھالدا كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى بولىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- تاھارەت ئالغاندا سۇنى ئىسراپ قىلىش مەكرۇھتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- يېتىپ ياكى بىر يەرگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئۇخلىسا، تاھارەت سۇنمايدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- تاھارەت ئالغاندا يۇيۇشقا تېگىشلىك ئەزالىرىمىزنىڭ ئۈستىدە يارا بولۇپ، تېڭىقلىق بولسا، ئۈستىگە مەسھى قىلساق بولىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐

## ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تاھارەتنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى؟
   - ئا. ئاغزىغا سۇ ئېلىپ چايقاش
   - ب. بۇرنىغا سۇ ئېلىش
   - ت. باشقا مەسھى قىلىش
   - پ. قۇلاققا مەسھى قىلىش (قۇلاقنى ھۆل قولدا سىلاش)

2. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تاھارەتنىڭ پەرزلىرىدىن ئەمەس؟
   - ئا. بىلەكنى جەينەك بىلەن قوشۇپ يۇيۇش
   - ب. پۇتلىرىنى يۇيۇش
   - ت. يۈزنى يۇيۇش
   - پ. ئېغىزنى يۇيۇش

3. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تاھارەتنىڭ سۈننىتى؟
   - ئا. يۈزنى يۇيۇش
   - ب. پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش
   - ت. بۇرنىنى يۇيۇش
   - پ. بېشىنىڭ تۆتتە بىرىگە مەسھى قىلىش

4. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ؟
   - ئا. بەدەندىن قان چىقىش
   - ب. كۈلۈش
   - ت. ئۇخلاش
   - پ. ھوشىدىن كېتىش

5. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ؟

ئا. ئەسنەش

ب. يىغلاش

ت. گەپلىشىش

پ. تەرەت قىلىش

**تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(مىسۋاك، ئۈچ قېتىم، سۈننەتتۇر، مەكرۇھتۇر، پەرزدۇر)**

- تاھارەت ئالغاندا يۇيىدىغان ئەزالارنى .............يۇيۇش سۈننەتتۇر.
- تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى رەت تەرتىۋى بويىچە يۇيۇش .................. .
- تاھارەت ئالغاندا چىشنى ........ بىلەن ياكى چوتكا بىلەن پاكىزلاش سۈننەتتۇر.
- تاھارەت ئالغاندا سۇنى كىيىمگە چاچرىتىش ............. .
- تاھارەت ئالغاندا پۇتنى ئوشۇق بىلەن بىللە بىر قېتىم يۇيۇش ................ .

## ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

| | | |
|---|---|---|
| غۇسۇل قىلغاندا ئېغىز-بۇرۇنغا سۇ ئېلىش پەرزدۇر. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| بوي تەرەت بولمىسا، قۇرئاننى تۇتقىلى بولمايدۇ. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| بوي تەرەت بولمىسا، جامگە كىرگىلى بولىدۇ ئەمما ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| تەيەممۇم قىلغاندا نىيەت قىلىش شەرت ئەمەس. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| تەيەممۇم قىلغان كىشى سۇ بىلەن تاھارەت ئالالايدىغان شارائىتقا ئېرىشكەندە، تەيەممۇمى بوزۇلمايدۇ. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |

## ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى غۇسلىنىڭ پەرزى؟
- ئا. پۈتنى يۇيۇش
- ب. بۇرنىغا سۇ ئېلىش
- ت. باشقا مەسھى قىلىش
- پ. قۇلاققا مەسھى قىلىش

2. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن قايسىسىدا غۇسۇل قىلىش كېرەك؟
- ئا. جۇنۇپ بولغاندا
- ب. بەدەندىن قان ياكى يىرىڭ چىققاندا
- ت. تەرەت قىلغاندا
- پ. قۇسقاندا

3. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن قايسىسى غۇسۇل قىلغاندا مەكرۇھتۇر؟
- ئا. ھەددىدىن زىيادە كۆپ سۇ ئىشلىتىش
- ب. بىكاردىن بىكار گەپلىشىش
- ت. ئەۋرەت يېرى ئۇچۇق ھالدا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش
- پ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى

4. تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسىنى بوي تەرەت يوق ئەھۋالدىمۇ قىلغىلى بولىدۇ؟
- ئا. ناماز ئوقۇش
- ب. قۇرئان ئوقۇش
- ت. تاماق يېيىش
- پ. كەبىنى تاۋاپ قىلىش

5. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تەيەممۇمنى بۇزمايدۇ؟
- ئا. يىغلاش
- ب. تەرەت قىلىش
- ت. ئىشلەتكۈدەك سۇ تېپىش
- پ. بۇرنى قاناش

**تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(پەرزدۇر، تەيەممۇم، مەكرۇھتۇر، ئېغىز-بۇرۇننى، سۈننەتتۇر)**

- غۇسۇل قىلغاندا ............ يۇيۇش پەرزدۇر.
- ئاياللارنىڭ ھېيزدىن كېيىن بوي تەرەت ئېلىشى .......... .
- غۇسۇل قىلغاندا قولىمىز ۋە ئەۋرەت يېرىمىزنى يۇيۇش ......... .
- غۇسۇل قىلغاندا ئەۋرەت يېرى ئۇچۇق ھالدا قىبلىگە ئالدىنى قىلىش .......... .
- تاھارەت ئالغۇدەك ياكى غۇسۇل قىلغۇدەك پاكىز سۇ تاپالمىغان چاغدا .......... قىلىمىز.





مۆمىننىڭ مىراجى، دىنىمىزنىڭ تۈۋرۈكى

# ناماز

- ناماز دېگەن نېمە؟
- نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇيمىز؟
- ناماز ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرىمىز
- ناماز كىملەرگە پەرز؟
- ناماز تۈرلىرى
- ئەزان ۋە قامەت
- ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟
- بەش ۋاخ نامازنىڭ ئوقۇلۇشى
- نامازدىن كېيىنكى دۇئا ۋە تەسبىھلەر
- نامازنىڭ پەرزلىرى، ۋاجىپلىرى، سۈننەتلىرى ۋە مەكرۇھلىرى
- نامازدىكى تەئدىل-ئەركان
- نامازنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار
- جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز
- جۈمە نامىزى، ھېيت نامىزى ۋە تاراۋۇ (تەراۋىھ) نامىزى
- كېسەل، يولۇچى ۋە قازا نامىزى
- سەھۋى ۋە تىلاۋەت سەجدىسى
- مەكرۇھ ۋاقىتلار
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزى





# تۇنجى ناماز

بۇ سەھەردە ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى. ئىسسىق يوتقاندىن چىقىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كېچىنىڭ بارلىق سوغۇقىنى ئۆزىگە تارتىۋالغان ساپما كەشنى يالىڭاياق پۇتۇمغا كېيگەن چېغىمدا تىترەۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئالەم تېخى يورىمىغان ئىدى. دەرىزىگە يۆلەندىم. ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قەدىمي جامەنىڭ ئېگىز مۇنارىدا بىر كىم يوق ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن مۇنارنىڭ پەشتاقلىرىدا ياش مۇئەززىننىڭ ئۇرۇق گەۋدىسى پەيدا بولدى. مەن چاپىنىمغا چىڭ يۆگەندىم. سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن بەدىنىم ۋە خىيالچان روھىمنى تىترىتىۋاتقان ئەزاننى ئاڭلىغاچ، ئون بەش يىلدىن بويان ھەر كۈنى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوقىغان مەنىۋىيەتكە باي بامدات نامىزىنىڭ تۇنجىسىنى ئەسلىدىم. ئاھ، ئون بەش يىل ئىلگىرى...

بۇ دۇنيادا مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قەدىردان ئانام بۇندىن ئون بەش يىل ئىلگىرى مېنى تۇنجى بامدات نامىزىغا ئويغاتقان ئىدى. ئۇ چاغمۇ ھازىرقىدەك قىش پەسلى ئىدى. ئانامنىڭ ھوجرىسىغا تۇتاش ھوجرامدىكى كىچىك كارىۋىتىمدا ئۇخلاۋاتقىنىمدا، ئانام پىشانەمگە سۆيۈپ، نازۇك ۋە ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىمنى سىلاپ:

- ئۆمەر، ئورنۇڭدىن تۇر! بالام، ئورنىڭدىن تۇر!

– دېگەن ئىدى. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ:

- ئانا، تېخى كېچە، تاڭ ئاتمىغاندۇ؟ - دېگەن ئىدىم.

ئانام ھەمىشە سۆيىدىغان يەرگە، سول قېشىمنىڭ ئۈستىگە سۆيگەندىن كېيىن، ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن دېگەندەك بىلەكلىرىمدىن تۇتۇپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى.

كىچىك ساپما كەشمنى كىيىپ، ئۇيقۇچان كۆزلىرىمنى ئۇۋىلاپ، ئانامنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. قاراڭغۇ كارىدوردىن بىردەمدىلا ئۆتۈپ، ئانامنىڭ ھوجرىسىغا كىردۇق. باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بىر قارا مەشتە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيىۋاتاتتى.

-پاھ! پەرھاتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ...

پەرھات مەشنىڭ ئۈستىدىكى چۆگۈننى ئېلىپ يەرگە قويىۋاتاتتى. ئۇنى بۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرىدۇ دەپ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئانام:

- پەرھات ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن بالدۇرلا تۇرىدۇ. – دەيتتى.

مەن سەھەر تۇرمايتتىم. ئەمما پەرھاتنىڭ ھەر كۈنى سەھەردە بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرالىغانلىقىغا ھەيران قالدىم. ئانام چاپىنىمنى سالدۇرۇپ، قوللىرىمنى سىلىدى. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن چىلاپچىنىڭ يېنىغا دوڭغىيىپ ئولتۇردۇم. ئانام:

- ئۇنداق ئولتۇرساڭ، ھېرىپ قالىسەن. بۇنىڭغا ئولتۇر! – دەپ كىچىك بىر ئورۇندۇقنى ئاستىمغا قويۇپ بەردى...

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىسسىنىش ئۈچۈن مەشنىڭ ئالدىغا كەتكەن ئىدىم.



ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام، ئانام يۇڭ جاينامازنى يەرگە سېلىۋاتقان ئىكەن. ئانام بېشىغا يېشىل رومىلىنى ئارتقاچ مېنى چاقىردى:

- بۇياققا كەل!

ئانامنىڭ يېنىغا كەلدىم. يېقىملىق ۋە زىرىپ ئانام بىلەن بىللە جايناماز نىڭ ئۈستىدە تۇردۇم.

ئانام «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولىنى دولىسىغىچە كۆتىرىپ نامازغا باشلىغاندا، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. ئانام قانداق قىلسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقىدىم. ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ بولغاندىن





كېيىن، ئانام ماڭا قاراپ تاتلىق تەبەسسۇم بىلەن كۈلگىنىچە:

- بالام، سەن ئايال كىشى ئەمەسقۇ؟! ئايال كىشى قولىنى مۈرىسىگىچە كۆتىرىدۇ. سەن ئەر كىشى. ئەرلەر قوللىرىنى قۇلىقىغىچە كۆتىرىدۇ. ـ دېدى.

ئىسسىق قوللىرى بىلەن مېنىڭ كىچىك قولۇمنى تۇتۇپ قۇلىقىمغىچە كۆتىرىپ:

- مانا مۇشۇنداق! ـ دەپ ئەرلەرنىڭ نامازغا باشلىغاندىكى تەكبىرىنى ئۆگەتتى.

مەنمۇ تەكبىرنى ئانامنىڭ ئۆگەتكىنىدەك ئېيتىپ نامىزىمنى تاماملىدىم. نامازدىن كېيىن دۇئا قىلماقچى بولغىنىمدا:

-ئانا، قانداق دۇئا قىلىمەن؟ - دەپ سورىدىم.

ماڭا ئىشارەت قىلدى. دۇئاسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن تا بۈگۈنگىچە ئوقۇپ كېلىۋاتقان بۇ دۇئانى ئۆگەتتى:

- «ئاللاھىم! مۇسۇلمان بولغانلىقىم ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن... ۋەتىنىمىزنى دۈشمەنلەرگە قارشى قوغدىشىڭنى تىلەيمەن... قىيىنچىلىقتا قالغان، ئاغرىپ قالغان، پالاكەتكە يولۇققان، كەمبەغەللىك، پېقىرچىلىقتا قالغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ساق-سالامەت ۋە تىنچ-ئامان بولىشىنى سەندىن تىلەيمەن...» دېگىن. ئۆزەڭ ئۈچۈن ياخشى بىر ئادەم بولىشىڭ ۋە شەيتاننىڭ ھىلىسىگە ئالدانماسلىقىڭ ئۈچۈن دۇئا قىل!...

نامازدىن كېيىن ئانام جايىنامازنى يىغىشتۇرغاچ، مېنىڭ ئۇخلايدىغان ياكى ئۇخلىمايدىغانلىقىمنى سورىدى. ئۇيقۇم بارمىدى؟ بۇنى بىلمەيتتىم... جاۋاب بەرمىدىم.

- ئۇنداقتا، ماڭ! بېرىپ كىتاۋىڭنى ئېلىپ كەل! دەرسىڭنى ئاڭلاپ باقاي.

- ماقۇل!

كارىدۇردىن تېزلا ئۆتۈپ، ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىدە ئېچىغلىق تۇرغان كىتابىمنى ئېلىپ، ئانامنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كەلدىم. ھېچقانداق خاتالىقىم چىقمىدى. ئانام كەچتە ئۇخلايدىغان چېغىمدا دائىم:

- كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى دەرسىڭنى ئۈچ قېتىم ئوقۇ بالام. ئۇخلىغاندا پەرىشتىلەر ئۇنى ساڭا ئۆگىتىدۇ. ـ دەيتتى.

ئۇ پەرىشتىلەر بۇ كېچىمۇ ماڭا دەرس ئۆگەتكەن ئىدى.مېھرىبان ئانام شەپقەتلىك قوللىرى بىلەن چېچىمنى سىلىغاچ «ئاپىرىن!» دېگەندىن كېيىن:

- مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغقىچە يەنە خېلى ۋاقىت بار. ـ دەپ مېنى كارىۋىتىمغا ياتقۇزدى.

ئۇيقۇم كەلمەيۋاتاتتى. ئانامغا قارايتتىم. يېشىل رومال ئارتقان ئانام ئاستا بېرىپ قۇرئانى-كەرىمنى قولىغا ئالدى. دەرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. روھىمغا شېئىر كەبى ئىز تاشلىغان بۇ گۈزەل ئاۋازنى ئاڭلىغاچ، يېشىل رومال ئاستىدىكى چىرايلىق ۋە پاكىز چېھرىسىنى تاماشا قىلغاچ، ئاستا-ئاستا سىلكىنىۋاتقان بېشىنىڭ ئاللاھقا يالۋۇرىۋاتقان يېنىك رىتىمىغا قارىغاچ مۈگدەۋاتاتتىم. ئانامنى بىر پەرىشتىگە ئوخشىتاتتىم. قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئانامنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان پەرىشتىلەرنى خىيال قىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ كۆرۈنمەس قاناتلىرىنىڭ ئانام باياتتىن سىلىغان چېچىمغا تەگكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

- ئۆمەر سەيپىدىن

## ناماز دېگەن نېمە؟

يەر يۈزىدە ياشايدىغان ھەر قانداق جانلىق مەۋجۇدات ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن رەببىمىزگە ئىبادەت قىلماقتا، تەسبىھ ئېيتماقتا. ناماز بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىبادەت ۋە تەسبىھلىرىنى ئىخچاملىغان بەرىكەتلىك بىر ئىبادەتتۇر. ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى «دىنىنىڭ تۈۋرۈكى» دەپ ئاتىغان.

«دۇئا قىلىش»، «ياخشى دۇئا» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ناماز «مۆمىنىنىڭ مېراجى»دۇر. يەنى، مۆمىنىنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشىدۇر. ناماز ئارقىلىق بىز ھەر كۈنى بەش قېتىم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىمىز. سەممىي ھالدا ئۇنىڭ قۇلى (بەندىسى) ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ، ھەر زامان ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئەسلەيمىز.

ناماز ئاللاھقا تەشەككۈرىمىزنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ بىزگە بەرگەن نېمەتلەر ئۈچۈن ناماز ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا شۈكۈر، ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتىمىزنى كۆرسىتىمىز. چۈنكى ناماز ھۆرمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

ناماز ئاللاھقا دۇئا قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش ۋە گۇناھلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

قىسقىسى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، قەلبىنىڭ نۇرى، مەڭگۈ ھاياتىمىزنىڭ جان تومۇرىدۇر. بىزنى جىسمانىي جەھەتتە پاكىزلىغاندەك، مەڭگۈ جەھەتتىمۇ جانلىق، روھلۇق قىلىدىغان ئەڭ گۈزەل ئىبادەتتۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ناماز كىشىنىڭ قەلبىدە بىر نۇردۇر. خالىغانلار ئۇنىڭ بىلەن نۇرلانغاي، قەلبىدىكى نۇرنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقاي.»

(تىرمىزى: «دەئاۋات»، 85)

# نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇيمىز؟

ناماز بىزنى ياراتقان ئاللاھقا بولغان قۇللۇق ۋەزىپىمىزدۇر. ياراتقۇچىمىز ئۇلۇغ ئاللاھقا بېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭغا سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇيمىز.

رەببىمىز بىزگە سان-ساناقسىز نېمەتلەرنى بەرگەن. ئۇ نېمەتلەر ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىشىمىز كېرەك. نامازنى ئاللاھ بىزگە بەرگەن نېمەتلەرگە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز.

ھەر نېمەتنىڭ شۈكرىسى ئۇنىڭ ئۆز خىلىدىن بولىدۇ. كەمبەغەللەرگە زاكات بەرسەك، ئاللاھ بىزگە بەرگەن مال ۋە بايلىقنىڭ شۈكرى قىلغان بولىمىز. روزا تۇتساق، ساغلام بەدەن ۋە خىلمۇ-خىل يېمەكلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىمىز. ناماز ئوقۇساق، بىزنى ئىنسان قىلىپ ياراتقان ئۇلۇغ رەببىمىزگە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە تەشەككۈر ئېيتقان، بەدىنىمىزنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغان بولىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر بىر بوغۇم ۋە سۆڭەكلەرنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر سەدىقە لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تەسبىھ سەدىقىدۇر. ھەر ھەمدۇ-سانا سەدىقىدۇر. ھەر تەھلىل «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» سۆزىنى تەكرارلاش سەدىقىدۇر. ياماتلىقنى توسۇش سەدىقىدۇر. بەدىنىڭ چاشگاھ ۋاقتىدا (ئەتىگەندىن چۈشكىچە بولغان ۋاقىتتا) ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامىزى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە يېتەر.» (مۇسلىم: «مۇسافىرىن»، 84) دېيىش ئارقىلىق نامازنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسەتكەن.

بىز سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ تەۋسىيىسىگە رىئايە قىلىپ، نامىزىمىزنى داۋاملىق ئوقۇشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىمىزنى كۆرسىتىشىمىز، ساغلام بەدەندىن ئىبارەت چوڭ نېمەتتىن باشلاپ بەرگەن بارلىق نېمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىمىز لازىم.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«مېنى ئەسلەش ئۈچۈن ناماز ئوقۇ!»

(تاھا سۈرىسى 14-ئايەت)

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار.»

(ھەج سۈرىسى 77-ئايەت)



# ناماز ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز

ئوقۇغان نامىزىمىزنىڭ بەدىنىمىز، روھىمىز ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا نۇرغۇن پايدىسى بار. بۇ پايدىلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

## ناماز بىزگە ئاللاھنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئەسلىتىدۇ

ئۇلۇغ رەببىمىز «قەلبىمىزنىڭ ئاللاھنى ئەسلەش ئارقىلىقلا خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەن. چۈنكى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگەن رەببىمىزنى ئەسلەش، ئۇنىڭ ئىسمىنى يادىمىزدا تۇتۇش سىقىلغان روھىمىزنى راھەتلىتىدۇ، قەلبىمىزگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، كۆڭلىمىزگە ھۇزۇر بېرىدۇ.

ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ناماز ئوقۇشتۇر. ئوقۇغان ھەر رەكئەتلىك نامىزىمىز بىزگە ئاللاھنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭا ناماز ئاللاھ بىزگە بەرگەن بۈيۈك نېمەتتۇر. بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەر پۇرسەتتە ناماز ئۇچۇن ئالدىرىغان. نامازدا ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ئېرىشكەن ھۇزۇر ۋە بەختىيارلىقنى «ناماز مېنىڭ خۇشاللىقىمدۇر» دېگەن سۆزىدە ئىپادىلىگەن.

## ناماز بىزگە ئاخىرەت ۋە ھېساب كۈنىنى ئەسلىتىدۇ

بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان نۇرغۇن نەرسە بار. ئاخىرەتنى ئۇنتۇغان، ھېسابقا تارتىلىدىغانلىقىنى ئويلىمايدىغان ئىنسانلار شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرخىل يامان ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. شۇڭا ئىنسانلارغا ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغان بىر نەرسە لازىم.

تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇلغان نامازلىرىمىز بىزگە ھەركۈنى بەش قېتىم ئاللاھنى، ئاخىرەت ۋە ھېساب كۈنىنى ئەسلىتىدۇ. ئاخىرەت ۋە ھېساب كۈنىنى ئويلىغانسىرى يامانلىقتىن ۋە ئەسكى ئىشلاردىن يىراقلىشىمىز، باشقىلارنىڭ مېلىغا ۋە جېنىغا زىيان سالمايمىز، خەقنىڭ ھەققىنى يېمەيمىز.

> ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:
>
> «ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»
>
> (بەقەرە سۈرىسى 153-ئايەت)

> ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:
>
> «بىلىڭلاركى، دىللار پەقەت ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.»
>
> (رەئد سۈرىسى 28-ئايەت)

> ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:
>
> «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر.»
>
> (ھۇد سۈرىسى 114-ئايەت)

> ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:
>
> «ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.»
>
> (ئەنكەبۇت سۈرىسى 45-ئايەت)

## ناماز بىزنى گۇناھتىن پاكىزلايدۇ

ناماز رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغان پەيتىمىزدۇر. ناماز ئوقۇغاندا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىققانلىقىمىزنى بىلىمىز. گۇناھ بولىدىغان بىر ئىشنى قىلماقچى بولغىنىمىزدا، ناماز ئوقۇغاندا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدىغانلىقىمىزنى ئەسلەپ، گۇناھ ئىش قىلىشتىن ۋاز كېچىمىز. شۇنداق قىلىپ، قەلبىمىزنى يامان نىيەت، ناچار خىياللاردىن، تىلىمىز ۋە قولىمىزنى يامان ئىشلاردىن پاكىزلىغان بولىمىز.

## ناماز بىزنى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ

ناماز پەيتى بىزنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىمىز ۋە گۇناھلىرىمىزنى ھېس قىلىپ، تەۋبە قىلىشىمىز ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەتتۇر. ناماز ئارقىلىق رەببىمىزدىن ئەپۇ ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز. كۈندە بەش قېتىم رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ، قىلغان ھەر ئىشىمىزدىن ئۇنىڭ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزگە دىققەت قىلىدىغان بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم بولىمىز.

## ناماز كۈنلىرىمىزنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ

نامىزىمىزنى داۋاملىق ئوقۇغان چېغىمىزدا ھەر كۈنلۈك ۋاقتىمىزنى ناماز ۋاقتىغا ئاساسەن تەڭشەيمىز. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بامدات نامىزى ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرىمىز ۋە ئىشىمىزنى سەھەردە باشلايمىز. نۇرغۇن كىشىلەر تېخى ئۇخلاپ ياتقان چاغدا بىز ئىشىمىزدىن خېلى بىر قىسمىنى قىلىپ بولىمىز. شۇنداق قىلىپ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئاللاھىم! ئۈممىتىمنىڭ سەھەر ۋاقىتلىرىنى بەرىكەتلىك قىل!» دېگەن دۇئاسىدىن نېسىۋىمىزنى ئالىمىز.

كۈننىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقتىدا ئوقۇغان پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدا ئاللاھنى ئەسلەيمىز، روھىمىزنى ئارام ئالدۇرىمىز. ناماز ئارىلىقلىرىدا ئارام ئېلىپ، پىسخىك جەھەتتە راھەتلەپ، خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئېنېرگىيە توپلايمىز. خىزمىتىمىزنىمۇ دەم ئالغاچ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئىش ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

ناماز شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇش بىلەن شۇ كۈننىڭ ھېساۋاتىنى قىلىپ، بەندىلىك ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلغانىنىڭ ھۇزۇرى ئىچىدە ئۇخلاشقا ياتىمىز.

## ناماز بىزنى پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرىدۇ

ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئالغان ۋاقتىمىزدا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ تېز كىر بولىدىغان ئەزالىرىمىزنى يۇيۇپ پاكىزلايمىز. بەدىنىمىزنىڭ، كىيىم-كېچەكلىرىمىز ۋە ناماز ئوقۇيدىغان يەرنىڭ پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىلىمىز. كۈندە بىر نەچچە قېتىم تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق قولىمىز، يۈزىمىز ۋە پۇتىمىزنى پاكىزلايمىز. بۇلار بىزنى پاكىزلىققا ئادەتلەندۈرىدۇ.



بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوستلىرىدىن:

- سىلەردىن بىرەيلەننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر دەريا بولسا، ئۇ ھەر كۈنى بۇ دەريادا بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ساھابىلەر:

- ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق كىر قالمايدۇ. — دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز:
- بەش ۋاخ ناماز مانا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ ئۆچۈرۈۋېتىپ يوق قىلىدۇ. — دېدى.

(بۇخارى: «مەۋاقىت»، 6؛ مۇسلىم: «مەساجىت»، 283)

# ناماز كىملەرگە پەرزدۇر؟

بەش ۋاخ ناماز مىراج كېچىسىدە پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەتتۇر. ئەقلى-ھۇشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشى پەرزدۇر.

ناماز ئوقۇشنى ئاللاھ كەسكىن ئەمىر قىلغان. بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بىلەن بىرلىكتە ھورۇنلۇق قىلىپ ناماز ئوقۇمىغانلار چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.

دىنىمىز بالىلارنىڭ كىچىك چاغدىن باشلاپلا نامازغا ئادەتلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بالىلارغا يەتتە ياشقا كەلگەندە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىشنى تەۋسىيە قىلغان. بالىلار ئون ياشقا كەلگەندىن كېيىن نامازنى داۋاملىق ئوقۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«قىيامەت كۈنى بەندىلەر ھېساب بېرىدىغان تۇنجى ئەمەل ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىدۇر. ئەگەر نامازلىرى جايىدا بولسا، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، پايدا تاپىدۇ. ئەگەر نامىزى جايىدا بولمىسا، ھېساب بېرەلمەي زىيان تارتىدۇ...»

(تىرمىزى: «مەۋاقىت»، 188)

## نامازنىڭ تۈرلىرى

نامازلار ئادەتتە ئۈچكە بۆلىنىدۇ: پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەت

**ناماز تۈرلىرى**

- پەرز نامازلار
- ۋاجىپ نامازلار
- سۈننەت نامازلار

### ئا. پەرز نامازلار

پەرز نامازلار ئۈچ تۈرلۈكتۇر:

**1. بەش ۋاخ ناماز**

**1) بامدات نامىزى:** ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئىككى رەكئەت پەرز، جەمئىي تۆت رەكئەتتۇر.

ئالدى بىلەن ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت پەرزى ئوقۇلىدۇ.

**2) پېشىن نامىزى:** ئون رەكئەتتۇر. ئاۋۋال تۆت رەكئەت ئالدىنقى سۈننەت، ئاندىن تۆت رەكئەت پەرز، ئاندىن ئىككى رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.»

(نىسا سۈرىسى 103ـئايەت)

**3) ئەسىر نامىزى:** سەككىز رەكئەتتۇر. ئالدى بىلەن تۆت رەكئەت سۈننەت، ئاندىن تۆت رەكئەت پەرزى ئوقۇلىدۇ.

**4) نامازشام:** بەش رەكئەتتۇر. ئالدى بىلەن ئۈچ رەكئەت پەرز، ئاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

**5) خۇپتەن نامىزى:** ئون رەكئەتتۇر. ئالدى بىلەن تۆت رەكئەت دەسلەپكى سۈننەت، ئاندىن تۆت رەكئەت پەرز، ئاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ئاخىرقى سۈننەت ئوقۇلىدۇ. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزى ئوقۇلىدۇ، بۇ ناماز ۋاجىپتۇر.

## بەش ۋاخ نامازنىڭ رەكئەت سانى

| | دەسلەپكى سۈننەت | پەرز | سۈننەت | ئاخىرقى سۈننەت | ۋىتىر | جەمئى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| **بامدات** | 2 | 2 | - | - | - | 4 |
| **پېشىن** | 4 | 4 | - | 2 | - | 10 |
| **ئەسىر** | 4 | 4 | - | - | - | 8 |
| **ناماز شام** | | 3 | 2 | - | - | 5 |
| **خۇپتەن** | 4 | 4 | - | 2 | 3 | 10+3 |
| | | | | | | 40 |

**2. جۈمە نامىزى:** جۈمە كۈنى پېشىن ۋاقتىدا پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىدا ئوقۇلىدۇ.

**3. جىنازا نامىزى (مېيىت نامىزى):** قازا قىلغان مۇسۇلمان ئۈچۈن دۇئا ۋە ياخشى تىلەكتىن ئىبارەتتۇر. رۇكۇ ۋە سەجدىسى يوق. پەرزى-كۇپايىدۇر.



## ب. ۋاجىپ نامازلار

**1) ھېيت نامىزى:** ھېيت نامىزى ئىككى رەكئەتتۇر، جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلىدۇ.

**2) ۋىتىر نامىزى:** ئۈچ رەكئەتتۇر. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان ۋىتىر نامىزىنىڭ قازاسىنى ئوقۇشمۇ ۋاجىپتۇر.




## ت. سۈننەت نامازلار

سۈننەت نامازلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز ۋە ۋاجىپ نامازلاردىن سىرت ئوقۇغان نامازلاردۇر.

پەرز نامازلارغا باغلىق ياكى باغلىق ئەمەسلىگى جەھەتتە ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

**1. پەرز نامازلارغا باغلىق بولغانلار:** بۇلار پەرز نامازلاردىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلار

**ئا) بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننىتى:** بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلار (مەسىلەن: بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى).

**ب) جۈمە نامىزىنىڭ سۈننىتى:** جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈننەت ناماز (جۈمە نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتى ۋە ئاخىرقى سۈننىتى)

**2. پەرز نامازلارغا باغلىق بولمىغان سۈننەت نامازلار:** بۇلار خالىغان بىر پەرز نامازنىڭ سۈننىتى، دەسلەپكى سۈننىتى ياكى ئاخىرقى سۈننىتى ئەمەس، بەلكى پەرز نامازلارغا باغلىق بولمىغان ھالدا مۇستەقىل ئوقۇلىدىغان نامازلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان بۇ خىل نامازلاردىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:

**1)تەراۋىھ (تىراۋۇ) نامىزى:** رامىزاندا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ۋە ۋىتىر نامىزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان يىگىرمە رەكئەت ناماز.

**2) تەھەججۇد نامىزى (كېچە نامىزى):** خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئىككى رەكئەتتىن ئون رەكئەتكىچە بولغان ئارلىقتا ئوقۇلىدىغان ناماز.

**3) قۇشلۇق (چاشگاھ ۋاقتى) نامىزى:** كۈن چىقىپ تەخمىنەن بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ۋە چىڭقى چۈش مەزگىلىدىن بىر سائەت ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئىككى رەكئەتتىن سەككىز رەكئەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلىدىغان نامازدۇر.

**4) ئەۋۋابىن نامىزى:** نامازشامدىن كېيىن ئىككى رەكئەتتىن ئالتە رەكئەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلىدىغان ناماز.

**5) تەھىييەتۇل-مەسجىد:** بىر مەسجىدكە، جامىگە كىرگەندە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى مەسجىدكە، جامىگە سالام بېرىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت ناماز.

## سۈننەت نامازلار

- پەرز نامازلارغا باغلىق بولغانلار
  - بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننىتى
  - جۈمە نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى
- پەرز نامازلارغا باغلىق بولمىغانلار (نەپلە نامازلار)
  - تەراۋىھ نامىزى
  - تەھەججۇد نامىزى
  - قۇشلۇق نامىزى
  - ئەۋۋابىن نامىزى
  - تەھىييەتۇل-مەسجىد نامىزى

### «كۆپ ناماز ئوقۇپ ماڭا ياردەم قىل!»

ساھابە كىرامدىن ئەبۇ فىراس لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان رەبىئا ئىبنى كائاب پەيغەمبىرىمىزگە كۆپ خىزمەت قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىدىن بەك مەمنۇن ئىدى. پەيغەمبىرىمىزگە خىزمەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن بۇ ساھابە بىر خاتىرىسىدە مۇنداق دېگەن:

«بىر كېچە ۋاقتى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تاھارەت سۈيى تەييارلاپ بەرگەن ئىدىم. بۇ سەۋەپتىن ماڭا:

- رەبىئا! مەندىن خالىغان بىر نەرسە تىلە!

– دېدى. مەن:

- ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئويلىنىپ بېقىپ ساڭا ئېيتاي. – دېدىم. ئاندىن كۆڭلۈمدە: «دۇنيا نېمەتلىرى ۋاقىتلىقتۇر، كېلىپ كېتىدۇ. ماڭا يەتكۈدەك رىزىقمۇ ئايىغىمغا كېلىۋاتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن ئاخىرەت ھاياتىمغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەرسە تىلەي. چۈنكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋىسى يۈكسەكتۇر.» دەپ ئويلىدىم. كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە پەيغەمبىرىمىز:

- نېمىنى قارار قىلدىڭ رەبىئا؟ - دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

- ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، جەننەتتە سەن بىلەن بىرگە بولۇشۇمنى تىلەيمەن. ئاللاھنىڭ مېنى جەھەننەمدىن قۇتۇلدۇرۇشى ئۈچۈن ماڭا شاپائەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن. – دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- باشقا بىر نەرسە تىلىمەمسەن؟ - دېدى. مەن:

- مېنىڭ تىلىگىم مۇشۇلاردىن ئىبارەت. – دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنداق بولسا، كۆپ ناماز ئوقۇپ، سەجدە قىلىپ، ئۆزەڭ ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىل! – دېدى.» (مۇسلىم: «سالات»، 226)

# نامازنىڭ پەرزلىرى

نامازنىڭ ئون ئىككى پەرزى بار. بۇ پەرزلەردىن ئالتىسى نامازنىڭ سىرتىدا، ئالتىسى نامازنىڭ ئىچىدىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە خالىغان بىرى كام قالسا، ناماز مەقبۇل بولمايدۇ. بۇلار قىسقىچە تۆۋەندىكىچە:

## ئا. نامازنىڭ سىرتىدىكى پەرزلەر

نامازنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان پەرزلەردۇر. بىزنى جىسمانىي ھەم روھى جەھەتتە نامازغا ھازىرلايدىغان بۇ پەرزلەر «نامازنىڭ شەرتلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

1. **ھادەستىن تاھارەت:** كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەنىۋى كىرلەردىن پاكىزلىنىشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش، بۇلار مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، يەنى سۇ يوق چاغدا تەيەممۇم قىلىشتۇر.

2. **نىجاسەتتىن تاھارەت:** بەدەننى، كىيىم-كېچەكلەرنى ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان يەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان كىرلەردىن تازىلاشتۇر.

3. **سەترى ئەۋرەت:** يۆگەشكە تېگىشلىك ئەزالارنى يۆگەش. ئەرلەر تىزىنىڭ ئۈستىدىن كىندىكىگىچە بولغان يەرلىرىنى يۆگىشى، ئاياللار پۇت-قول ۋە يۈزىدىن باشقا بارلىق يەرلىرىنى يۆگىشى كېرەك.

4. **ۋاقىت:** ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشىدۇر. پەرز ۋە ۋاجىپ بولغان ھەر نامازنىڭ بىر ۋاقتى باردۇر. نامازلار بۇ ۋاقىتتا ئوقۇلىشى كېرەك. ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلغان ناماز ئىناۋەتسىزدۇر. نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇماي، كېيىنگە قالدۇرۇش بولسا، ئېغىر گۇناھتۇر.

5. **ئىستىقبالى قىبلە:** ناماز ئوقۇشقا باشلىغاندا كەبىگە ئالدىنى قىلىش. ناماز ئەسناسىدا كۆكسىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراتقان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ.

6. **نىيەت:** ئوقۇلىدىغان ناماز ئۈچۈن نىيەت قىلىشتۇر. جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدىغان نامازدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشقا نىيەت قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى شەرتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن نامازنى باشلىساق بولىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل قايسى؟ - دەپ سورىدىم.

پەيغەمبىرىمىز:

- ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز. ــ دېدى.
- ئاندىن كېيىن قايسى؟ - دېدىم.
- ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش. ــ دەپ جاۋاب بەردى.
- ئاندىن كېيىن قايسى؟ - دەپ سورىدىم.
- ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش. ــ دەپ جاۋاب بەردى.»

(بۇخارى: «مەۋاقىت»، 5)



«ناماز ئوقۇش ئۈچۈن يۈزىمىزنىڭ يۆنۈلۈشى كەبىگە قاراپ تۇرغاندا قەلبىمىزنىڭ يۆنۈلۈشىمۇ ئاللاھقا قاراپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى كۆڭلىمىزنىڭ قىبلىسى ئاللاھتۇر.»

-جالالىددىن رۇمى

### ب. نامازنىڭ ئىچىدىكى پەرزلەر

ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرزلەردۇر. بۇلار «نامازنىڭ رۇكۇنلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**1. ئىفتىتاھ تەكبىرى:** نامازنى باشلىغاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىش.

2. **قىيام:** ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۆرە تۇرۇش.

**3. قىرائەت:** نامازدا ئۆرە تۇرغاندا ئەڭ ئاز ئۈچ ئايەت ئۇزۇنلۇقىدا قۇرئانى-كەرىمدىن سۈرە ئوقۇش.

**4. رۇكۇ:** نامازدا قۇرئان ئايىتى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قول پۇتنىڭ تىزىغا تەككۈدەك شەكىلدە ئالدىغا ئېگىلىش.

**5. سەجدە:** رۇكۇدىن كېيىن پېشانىسى ۋە بۇرنىنى قول-پۇت ۋە تىزى بىلەن بىرلىكتە يەردە قويۇش.

**6. قەئدەئى ئاخىرە:** نامازنىڭ ئاخىرقى رەكئەتىدە «ئەتتەھىييات» دۇئاسىدا ئولتۇرۇش.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى سەجدە پەيتىدۇر.»

(مۇسلىم: «سالات»، 215)

## ئەزان

### ئەزان ۋە مۇئەززىن دېگەن نىمە؟

ئەزان ناماز ۋاقتلىرىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان چاقىرىقتۇر. ئەزان ئوقۇغۇچى مۇئەززىن دەپ ئاتىلىدۇ.

### ئەزان قاچان، قانداق ئوقۇلىدۇ؟

ئەزان ناماز ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن مەسجىد ياكى جامەنىڭ مۇنارىدا يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ. ئەزان بىلەن مۇسۇلمانلار كۈندە بەش ۋاقىت نامازغا چاقىرىلىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسانلار ئەزان ئوقۇشنىڭ ۋە نامازدا بىرىنچى سەپتە تۇرۇشنىڭ قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، بۇلارنى قىلىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا مەجبۇر بولسىمۇ، چەك تاشلاشقا ئالدىرىغان بولاتتى.»

(بۇخارى: «ئەزان»، 9؛ مۇسلىم: «سالات»، 129)

### ئەزان ئوقۇۋاتقاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا جىم تۇرۇپ، ئەزاننى ئاڭلايمىز. مۇئەززىن ئېيتقان سۆزلەرنى تەكرارلايمىز. ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن «ئەزان دۇئاسى»نى ئوقۇيمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدا مۇئەززىننىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلاڭلار.»

(بۇخارى: «ئەزان»، 7)

## ئەزاننىڭ ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسى

| | | |
|---|---|---|
| اللهُ أَكْبَرُ | ئاللاھۇ ئەكبەر (4 قېتىم) | ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر. |
| أَشْهَدُ أَنْ لاٰ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ | ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ (2 قېتىم) | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. |
| أَشْهَدُ أَنْ مُحَمَّداً رَسُولُ اللهِ | ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ (2 قېتىم) | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. |
| حَيَّ عَلَى الصَّلاٰةِ | ھەييە ئەلەس-سالاھ (2 قېتىم) | نامازغا كېلىڭلار! |
| حَيَّ عَلَى الْفَلاٰحِ | ھەييە ئەلەل-فەلاھ (2 قېتىم) | نىجاتلىققا كېلىڭلار! |
| اللهُ أَكْبَرُ | ئاللاھۇ ئەكبەر (2 قېتىم) | ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر. |
| لاٰ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ | لا ئىلاھە ئىللەللاھ (1 قېتىم) | ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. |



بارلىق ئەزانلاردا يۇقىرقى سۆزلەر تەكرارلىنىدۇ. پەقەت بامدات نامىزىنىڭ ئەزىنىدا «ھەييە ئەلەل-فەلاھ» سۆزىدىن كېيىن ئىككى قېتىم «ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەن-نەۋم» (ناماز ئۇيقۇدىن ياخشىدۇر) دېگەن سۆز قوشۇلىدۇ.

### ئەزان بىزگە نېمىنى خاتىرىلىتىدۇ؟

ئەزان بىزگە ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ناماز مۇسۇلمانلارغا ئائىت بىر ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر يەردە ئەزان ئوقۇلغانلىقى شۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر كۈندە بەش قېتىم ئوقۇلغان ئەزان بىزگە تەۋھىد ئېتىقادىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىر ئىكەنلىكى ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى قەلبىمىز ۋە روھىمىزغا سىڭدۈرىدۇ. يارىتىلىشىمىزدىكى مەقسەتنى ۋە نىجاتلىقنى ئېرىشىشىمىزنىڭ پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

**ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدا:**

اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ
وَالصَّلَاةِ الْقَائِمَةِ آتِ سَيِّدَنَا مُحَمَّدً الْوَسِيلَةَ
وَالْفَضِيلَةَ وَالدَّرَجَةَ الرَّفِيعَةَ
وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِى وَعَدْتَهُ
اِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ

«كىمكى «مۇشۇ كەمچىلىكسىز چاقىرىق ۋە ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ رەببى بولغان ئاللاھىم! مۇھەممەدنى ۋەسىلىگە يەتكۈز ۋە ئۇنىڭغا پەزىلەتنى بەر! ئۇنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان ماقامى-مەھمۇد (مەدھىيىلىنىدىغان ماقام)غا يەتكۈزگىن! شۈبھىسىزكى، سەن ۋەدەڭگە ئەمەل قىلىسەن.» دەپ دۇئا قىلسا، دۇئا قىلغۇچىغا قىيامەت كۈنى شاپائىتىم ۋاجىپ بولۇر.» دېگەن ئىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

(بۇخارى: «ئەزان»، 8)

## قامەت

### قامەت دېگەن نېمە؟

قامەت نامازنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان، ناماز ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشقا قىلىنغان چاقىرىقتۇر.

### قامەتنى كىم، قاچان ئوقۇيدۇ؟

جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندا مۇئەززىن قامەت (نامازغا چاقىرىش) سۆزلىرىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇيدۇ. يالغۇز ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئەر كىشى قامەتنى ئۆزى ئاڭلىيالىغۇچىلىك ئاۋازدا ئوقۇيدۇ. ئاياللار قامەت ئوقۇمايدۇ.

قامەت سۆزلىرى ئەزان سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. قامەتتە پەقەتلا «ھەييە ئەلەل-فەلاھ» سۆزىدىن كېيىن «ناماز باشلاندى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «قاد قامەتىس-سالاھ» سۆزى ئىككى قېتىم ئوقۇلىدۇ. ئەزان ئاستا-ئاستا، سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. ئەمما قامەت سۆزلەر ئارىسىدا توختىماستىن تېز-تېز ئوقۇلىدۇ.

**قامەتنىڭ سۆزلىرى تۆۋەندىكىچە:**

- ئاللاھۇ ئەكبەر (تۆت قېتىم)
- ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ (2 قېتىم)
- ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللاھ (2 قېتىم)
- ھەييە ئەلەس-سالاھ (2 قېتىم)
- ھەييە ئەلەل-فەلاھ (2 قېتىم)
- قەد قامەتىس-سالاھ (2 قېتىم)
- ئاللاھۇ ئەكبەر ( 2 قېتىم)
- لا ئىلاھە ئىللەللاھ (1 قېتىم)

# نامازنى قانداق ئوقۇيمىز؟

ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئالىمىز. يۈگەشكە تېگىشلىك يەرلىرىمىزنى يۈگەيمىز. پاكىز بىر يەر ياكى جايناماز ئۈستىدە قىبلە تەرەپكە ئالدىمىزنى قىلىمىز. ئاندىن قايسى نامازنىڭ ۋاقتى بولسا، شۇ نامازغا نىيەت قىلىمىز. مەسىلەن: «نىيەت قىلدىم، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە...» دېگەندەك.

## 1-رەكئەت

**1 (ئەرلەر)**

باش بارمىقىمىز قولىقىمىزنىڭ يۇمشىقىغا تەككۈدەك شەكىلدە قولىمىزنى ئېگىز كۆتىرىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىمىز.



**1 (ئاياللار)**

قولىمىزنى مۈرىمىزگىچە كۆتىرىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىمىز.





(لوقمان ھېكىم ئوغلىغا مۇنداق تەۋسىيە قىلدى):
«ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل-ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن. چۈنكى بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.»
(لوقمان سۈرىسى 17-ئايەت)

### 2 (ئەرلەر)

ئوڭ قولىمىزنىڭ كىچىك ۋە باش بارمىقى بىلەن سول بىلىكىمىزنى تۇتىمىز. مۇشۇ خىل ھالەتتە قولىمىزنى كىندىكىمىزنىڭ ئەتراپىدا تۇتىمىز. بۇ ھالەتتە ئالدى بىلەن «سۇبھانەكە» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز. ئاندىن كېيىن «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم» دەپ باشلاپ فاتىھە سۈرىسىنى، ئاندىن قۇرئاندىن بىز بىلىدىغان خالىغان بىر سۈرىنى ئوقۇيمىز.



### 2 (ئاياللار)

ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىدە كۆكسىمىزدە قويىمىز. مۇشۇ ھالەتتە «سۇبھانەكە» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز. ئاندىن «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم» بىلەن باشلاپ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقىغاندىن كېيىن ئۆزىمىز بىلىدىغان سۈرىلەردىن خالىغان بىرىنى ئوقۇيمىز.





### 3 (ئەرلەر)

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ ئېگىلىمىز. بارماقلىرىمىز بىلەن تىزىمىزنى تۇتىمىز. دۈمبىمىز ئالدىغا تۈز ئېگىلىدۇ. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دەيمىز.



### 3 (ئاياللار)

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ ئېگىلىمىز. بارماقلىرىمىز بىلەن تىزىمىزنى تۇتىمىز. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دەيمىز.



**4 (ئەرلەر)**

«سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېگەچ ئۆرە تۇرىمىز. قول باغلىمايمىز (قولىمىز ئىككى يېنىمىزدا تۇرىدۇ). ئۆرە تۇرغاندا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دەيمىز.

**4 (ئاياللار)**

«سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېگەچ ئۆرە تۇرىمىز. قول باغلىمايمىز. ئۆرە تۇرغاندا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دەيمىز.

**5 (ئەرلەر)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ سەجدىگە ئېڭىشىمىز. سەجدىدە پېشانىمىز بىلەن بۇرنىمىزنى بىرلىكتە يەرگە تەككۈزۈشكە دىققەت قىلىمىز. جەينىكىمىز يېنىمىزدىن ئۇزاق، يەرگە تەگمىگەن ھالدا تۇرىدۇ. پۇتىمىز بارمىقىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ ۋە پۇتىمىزنىڭ بارمىقىنىڭ ئۇچى قىبلە تەرەپكە قارايدۇ. سەجدىدە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.

**5 (ئاياللار)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ سەجدىگە ئېڭىشىمىز. سەجدىدەقولىمىزيېنىمىزغايېقىن،جەينەكلىرىمىز يەرگە تېگىدۇ. پۇتىمىز بارمىقىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ ۋە پۇتىمىزنىڭ بارمىقىنىڭ ئۇچى قىبلە تەرەپكە قارايدۇ. سەجدىدە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.





**6 (ئەرلەر)**

ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىمىزنى سەجدىدىن كۆتىرىپ، ئازىراق ۋاقىت يۆكىنىپ ئولتۇرىمىز. سول پۇتىمىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىمىزنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە ئۇدۇل قىلىپ تىك تۇتىمىز. قولىمىزنى بارماقلىرىمىزنى ئاچمىغان ھالدا تىزىمىزنىڭ ئۈستىدە قويىمىز.

**6 (ئاياللار)**

ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىمىزنى سەجدىدىن كۆتىرىپ، ئازىراق ۋاقىت يۆكىنىپ ئولتۇرىمىز. پۇتىمىزنى ئوڭ تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزۇپ ئۈستىدە ئولتۇرىمىز. قولىمىزنى بارماقلىرىمىزنى ئاچمىغان ھالدا تىزىمىزنىڭ ئۈستىدە قويىمىز.

**7 (ئەرلەر)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ تەكرار سەجدىگە ئېگىلىمىز. ئالدىنقى سەجدىدىكىگە ئوخشاش يەنە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.

**7 (ئاياللار)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ تەكرار سەجدىگە ئېگىلىمىز. ئالدىنقى سەجدىدىكىگە ئوخشاش يەنە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.

**8 (ئەرلەر)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئورنىمىزدىن ئۆرە تۇرىمىز.

**8 (ئاياللار)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئورنىمىزدىن ئۆرە تۇرىمىز.

## 2 ـ رەكئەت

**9 (ئەرلەر)**

قول باغلاپ تۇرىمىز. «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاپ فاتىھە سۈرىسىنى ۋە ئۆزىمىز بىلىدىغان بىر سۈرىنى ئوقۇيمىز.

**9 (ئاياللار)**

ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىدە كۆكسىمىزدە قويىمىز. «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاپ فاتىھە سۈرىسىنى ۋە ئۆزىمىز بىلىدىغان بىر سۈرىنى ئوقۇيمىز.

**10 (ئەرلەر)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ رۇكۇغا ئېگىلىمىز. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دەيمىز.

**10 (ئاياللار)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ رۇكۇغا ئېگىلىمىز. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دەيمىز.

**11 (ئەرلەر)**

«سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېگەچ ئۆرە تۇرىمىز. قول باغلىمايمىز (قول ئىككى يېنىمىزدا تۇرىدۇ.) بىردەم ئۆرە تۇرىمىز ۋە بۇ ئەسنادا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دەيمىز.

**11 (ئاياللار)**

«سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېگەچ ئۆرە تۇرىمىز. قول باغلىمايمىز (قول ئىككى يېنىمىزدا تۇرىدۇ.) بىردەم ئۆرە تۇرىمىز ۋە بۇ ئەسنادا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دەيمىز.

**12 (ئەرلەر)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ سەجدىگە ئېڭىشىمىز. سەجدىدە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.

**13 (ئەرلەر)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىمىزنى سەجدىدىن كۆتۈرىمىز، بىردەم ئولتۇرىمىز.

**14 (ئەرلەر)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ تەكرار سەجدىگە بارىمىز. ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاش يەنە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.

**15 (ئەرلەر)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرىمىز. ئولتۇرغاندا «ئەتتەھىيياتۇ»، «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا»، «ئاللاھۇممە بارىك ئەلا»، «رەببەنا ئاتىنا» ۋە «رەببەناغفىرلى» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز.

**12 (ئاياللار)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ سەجدىگە ئېڭىشىمىز. سەجدىدە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.

**13 (ئاياللار)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىمىزنى سەجدىدىن كۆتۈرىمىز، بىردەم ئولتۇرىمىز.

**14 (ئاياللار)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ تەكرار سەجدىگە بارىمىز. ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاش يەنە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.

**15 (ئاياللار)**

«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئولتۇرىمىز. ئولتۇرغاندا «ئەتتەھىيياتۇ»، «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا»، «ئاللاھۇممە بارىك ئەلا»، «رەببەنا ئاتىنا» ۋە «رەببەناغفىرلى» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز.





**16 (ئەرلەر)**

دۇئالارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بېشىمىزنى ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە قارىتىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەيمىز. ئاندىن سول تەرەپكە قارىتىپ، يەنە مۇشۇ سۆزنى تەكرارلاپ ئېيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئىككى رەكئەتلىك ناماز تاماملانغان بولىدۇ.



**16 (ئاياللار)**

دۇئالارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بېشىمىزنى ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە قارىتىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەيمىز. ئاندىن سول تەرەپكە قارىتىپ، يەنە مۇشۇ سۆزنى تەكرارلاپ ئېيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئىككى رەكئەتلىك ناماز تاماملانغان بولىدۇ.







**ئاللاھ دوستلىرىدىن ھاتەمى ئەسامدىن كىشلەر نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:**

«ناماز ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئەستايىدىل تاھارەت ئالىمەن. ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە بېرىپ ئولتۇرىمەن. پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىمەن. ئاندىن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرىمەن. كەبىنى ئىككى قېشىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سىراتنى ئىككى پۇتۇمنىڭ ئاستىغا، جەننەتنى ئوڭ تەرىپىمگە، جەھەننەمنى سول تەرىپىمگە ئېلىپ، ئەزرائىل بېشىمنىڭ ئۈستىدە جېنىمنى ئېلىش ئۈچۈن قاراپ تۇرىۋاتقاندەك، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نامىزىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىندەك قورقۇش بىلەن ئۈمىد ئارىسىدىكى بىر كەيپىيات ئىچىدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا تۇرىمەن. دىققەت بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، مەنىسىنى چۈشەنگەن ھالەتتە قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇيمەن. كەمتەرلىك بىلەن رۇكۇغا ئېگىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سەجدىگە ئېگىشىمەن. نامىزىمنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇيمەن. ئاندىن نامىزىمنىڭ مەقبۇل بولغان ياكى بولمىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن.»

# نامازلارنىڭ ئوقۇلۇشى

| بامدات نامىزى | 1ـ رەكئەت | 2ـ رەكئەت | | |
|---|---|---|---|---|
| بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى (2 رەكئەت) | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام | | |
| بامدات نامىزىنىڭ پەرزى (2 رەكئەت) | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام | | |

| پېشىن نامىزى | 1ـ رەكئەت | 2ـ رەكئەت | 3ـ رەكئەت | 4ـ رەكئەت |
|---|---|---|---|---|
| پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىنقى سۈننىتى (4 رەكئەت) | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| **پىشىن نامىزىنىڭ پەرزى (4 رەكئەت)** | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام |
| **پىشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتى (2 رەكئەت)** | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام | | |

| ئەسىر نامىزى | 1ـ رەكئەت | 2ـ رەكئەت | 3ـ رەكئەت | 4ـ رەكئەت |
|---|---|---|---|---|
| **ئەسىر نامىزىنىڭ ئالدىنقى سۈننىتى (4 رەكئەت)** | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا | ❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام |
| **ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزى (4 رەكئەت)** | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام |

| ناماز شام | 1ـ رەكئەت | 2ـ رەكئەت | 3ـ رەكئەت | |
|---|---|---|---|---|
| ناماز شامنىڭ پەرزى (3 رەكئەت) | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام | |
| ناماز شامنىڭ سۈننىتى (2 رەكئەت) | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام | | |

| خۇپتەن نامىزى | 1ـ رەكئەت | 2ـ رەكئەت | 3ـ رەكئەت | 4ـ رەكئەت |
|---|---|---|---|---|
| خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىنقى سۈننىتى (4 رەكئەت) | ❋ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا | ❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>ـئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| **خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزى (4 رەكئەت)** | ✽ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>✽سۇبھانەكە<br>✽ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽ قۇرئاندىن ئايەت<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە | ✽بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽قۇرئاندىن ئايەت<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە<br>✽ئەتتەھىيياتۇ | ✽بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە | ✽بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە<br>✽ئەتتەھىيياتۇ<br>-ئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>-ئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>-ئاللاھۇممە رەببەنا<br>✽سالام |
| **خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتى (2 رەكئەت)** | ✽ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>✽سۇبھانەكە<br>✽ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽ قۇرئاندىن ئايەت<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە | ✽بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە<br>✽ئەتتەھىيياتۇ<br>-ئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>-ئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>-ئاللاھۇممە رەببەنا<br>✽سالام | | |

| ۋىتىر نامىزى | 1- رەكئەت | 2- رەكئەت | 3- رەكئەت | |
|---|---|---|---|---|
| **ۋىتىر نامىزى (3 رەكئەت)** | ✽ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى<br>✽سۇبھانەكە<br>✽ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽ قۇرئاندىن ئايەت<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە | ✽بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽قۇرئاندىن ئايەت<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە<br>✽ئەتتەھىيياتۇ | ✽بىسمىللاھ<br>✽فاتىھە سۈرىسى<br>✽قۇرئاندىن ئايەت<br>✽تەكبىر ئوقۇش<br>✽ دۇئايى قۇنۇت<br>✽رۇكۇ<br>✽سەجدە<br>✽ئەتتەھىيياتۇ<br>-ئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>-ئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>-ئاللاھۇممە رەببەنا<br>✽سالام | |

# نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە تەسبىھلەر

**ھەر نامازدىن كېيىن:**

اَللّٰهُمَّ أَنْتَ السَّلاٰمُ وَمِنْكَ السَّلاٰمُ تَبَارَكْتَ يَا ذَاالْجَلاَلِ وَالْاِكْرَامِ

ئوقۇلىشى: **«ئاللاھۇممە ئەنتەس-سەلامۇ ۋە مىنكەس-سەلام، تەبارەكتە يا زەل-جەلالى ۋەل-ئىكرام»** دەيمىز.

**ئەڭ ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىپ:**

سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ للهِ وَلاٰ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ وَلاٰ حَوْلَ وَلاٰ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ الْعَلِىِّ الْعَظِيمِ

ئوقۇلىشى: **«سۇبھانەللاھى ۋەل-ھەمدۇ لىللاھى ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر ۋە لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل-ئەلىييىل-ئەزىم»** دەيمىز.

«ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم» بىلەن باشلاپ **«ئايەتەل-كۇرسى»**نى ئوقۇيمىز.

33 قېتىم سُبْحَانَ اللهِ **«سۇبھانەللاھ»**، 33 قېتىم اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ **«ئەلھەمدۇلىللاھ»**، 33 قېتىم اَللّٰهُ أَكْبَرُ **«ئاللاھۇ ئەكبەر»** دېگەندىن كېيىن،

لاٰ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاٰ شَرِيكَ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰي كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ
سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَلِيِّ الاَعْلَي الْوَهَّابِ

ئوقۇلىشى: **«لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھ. لەھۇل-مۇلكۇ ۋە لەھۇل-ھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر». «سۇبھانە رەببىيەل-ئەلىييىل ئەئلەل-ۋەھھاب»** دەپ، قولىمىزنى كۆتىرىپ ئاللاھقا دۇئا قىلىمىز. دۇئادىن كېيىن قولىمىز بىلەن يۈزىمىزنى سىلاپ ناماز تەسبىھىمىزنى تاماملايمىز.

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن ئوقۇغان ياكى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان دۇئالارنى ئوقۇغاچ مۇنداق دۇئا قىلساق بولىدۇ:

- ئاللاھىم! يالغۇز ساڭىلا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن. ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھەمىشە كۆرۈپ، كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەقەت سەن!

- ساڭا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! سەن ھەق ۋە راستسەن! سەن ۋەدە قىلغان ئىش ھەق ۋە راستتۇر. سۆزۈڭ ھەق ۋە راستتۇر. سېنىڭ دەرگاھىڭغا بارىدىغانلىقىمىز ھەق ۋە راستتۇر. جەننەت ھەق ۋە راستتۇر. جەھەننەم ھەق ۋە راستتۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر. پەيغەمبەرلەر ھەق ۋە راستتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق ۋە راستتۇر.

- ئاللاھىم! سېنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىڭغا بويسۇنۇپ، ئۆزەمنى يالغۇز ساڭىلا تاپشۇردۇم.



يالغۇز ساڭىلا ئىشەندىم. يالغۇز ساڭىلا ئىمان ئېيتتىم. يۈزۈمنى، كۆڭلۈمنى يالغۇز سېنىڭ تەرىپىڭگە قاراتتىم.

- ئاللاھىم! بىلىپ بىلمەي قىلىپ سالغان بارلىق گۇناھلىرىمنى، ھەددىمنى ئاشقان قىلمىشلىرىمنى، سەن مەندىن ئوبدان بىلىدىغان كەمچىلىكلىرىمنى ئەپۇ قىل!

- ئاللاھىم! رەسمىي ياكى چاخچاق قىلىپ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمنى ئەپۇ قىل!

- ئاللاھىم! سېنى زىكىر قىلىشىم، نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىم، ساڭا تەئدىل-ئەركان بىلەن ئىبادەت قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىل!

- ئاللاھىم! بارلىق ئىشلىرىمنىڭ بېشى بولغان دىنىم ھەققىدە خاتالىق سادىر قىلىپ سېلىشتىن مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىمنى ئوڭۇشلۇق قىل! قايتىپ بارىدىغان ئاخىرەتتە مېنى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرگىن! ماڭا ياردەم قىلغىن! ھاياتىم بويىچە تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىش قىلىشىمغا ئىمكان بەرگىن!

- ئاللاھىم! ئىناق-ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان ھەر قانداق ئىشتىن، تىلى باشقا، دىلى باشقا بولۇپ قېلىشتىن ۋە ھەر خىل يامان ئادەتلەردىن مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا!

- ئاللاھىم! ماڭا توغرا يولنى كۆرسەت! ئەخلاقىمنى ۋە ئىچىمنى پاكىز قىل! ئەخلاقىمنى گۈزەللەشتۈرگىن! مېنى ھارامدىن يىراق قىلغىن!

- ئاللاھىم! يامان خۇيلۇق بولۇپ قېلىشتىن، ناچار ئىش قىلىپ سېلىشتىن، خاتا ئېتىقادلارغا كىرىپ قېلىشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

- ئاللاھىم! پېقىرلىقتىن، ئازغۇنلۇقتىن، خارلىق-بىچارىلىقتىن، باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشتىن ۋە زۇلۇمغا ئۇچراشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

- ئەي بىزنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى رەببىم! بىزگە دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغىن. بىزنى جەھەننەم ئازابىدىن ساقلىغىن.

- ئەي بىزنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى رەببىم! قىيامەتتىكى سوئال-سوراق كۈنىدە مېنى، ئاتا-ئانامنى ۋە بارلىق مۆمىنلەرنى ئەپۇ قىل!

ئامىين!



بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

- مۇئاز، ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى، سېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن! – دېدى. مۇئازمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن! – دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

- مۇئاز، ھەر نامازدىن كېيىن بۇ دۇئانى چوقۇم ئوقۇشۇڭنى تەۋسىيە قىلىمەن:

اللهُمَّ اَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَ شُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ

مەنىسى: «ئاللاھىم! سېنى زىكىر قىلىشىم، نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىم، ساڭا تەئدىل-ئەركان بىلەن ئىبادەت قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىل!»

(ئەبۇ داۋۇد: «ۋىتىر»، 26)

## نامازنىڭ ۋاجىپلىرى ☺☺☺

ۋاجىپلەر ئادا قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ۋە نامازنى تاماملايدىغان ئىشلاردۇر. ۋاجىپلەرنى خاتالىشىپ ياكى ئۇنتۇپ ئادا قىلالمىغان ياكى كېچىكتۈرگەن ۋاقتىمىزدا سەھۋى سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك. نامازنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

- ☺ نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش.
- ☺ فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن قۇرئاندىن خالىغان ئايەت ئوقۇش.
- ☺ فاتىھە سۈرىسىنى خالىغان ئايەتتىن ئىلگىرى ئوقۇش.
- ☺ سەجدىدە پىشانە بىلەن بىرلىكتە بۇرۇننىمۇ يەرگە تەككۈزۈش.
- ☺ ئۈچ ۋە تۆت رەكئەتلىك نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئولتۇرۇش.
- ☺ تەئدىل-ئەركانغا رىئايە قىلىش (تەئدىل-ئەركان: نامازنىڭ رۈكۈنلىرىنىڭ ھەربىرىنى جايىدا ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نامازدا ئالدىراپ كەتمەسلىك، ئورنىدىن تۇرۇش، ئېگىلىش ۋە ئولتۇرىدىغان يەرلەردە ھەرىكەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: رۈكۇدىن كېيىن رۇس تۇرمىغان ۋە «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېگۈدەك ۋاقىت ئۆرە تۇرمايلا سەجدىگە ئېڭىشكەن كىشى تەئدىل-ئەركانغا رىئايە قىلمىغان بولىدۇ.)
- ☺ ئىككىنچى رەكئەتتە ۋە ئاخىرقى رەكئەتتە ئولتۇرغاندا «ئەتتەھىيياتۇ» دۇئاسىنى ئوقۇش.
- ☺ ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت تەكبىرى ئېيتىش ۋە «دۇئايى قۇنۇت» ئوقۇش.
- ☺ نامازنىڭ ئاخىرىدا ئوڭ-سول ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش.
- ☺ نامازدا خاتالاشقاندا سەھۋى سەجدىسى قىلىش.
- ☺ ئىمامنىڭ بامدات، نامازشام ۋە خۇپتەن نامىزىدا تېگىشلىك يەرلەردە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشى.
- ☺ ئىمامنىڭ پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىدا تېگىشلىك يەرلەردە ئاۋاز چىقارماي ئىچىدە ئوقۇشى.

### نامىزىڭنى يېڭىۋاشتىن قايتا ئوقۇ!

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مەسجىدكە كىرىپ، بىر بۇرجەككە بېرىپ ئولتۇردى. ساھابىلەرمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. دەل مۇشۇ چاغدا بىرەيلەن كىرىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ كىشى نامازدا دىققەت قىلماي ئالدىراپ ئوقۇدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ تۇراتتى. بۇ كىشى نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى. ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالغان پەيغەمبىرىمىز: «بېرىپ نامىزىڭنى يېڭىۋاشتىن قايتا ئوقۇ! چۈنكى سەن ناماز ئوقۇغاندەك بولمىدىڭ.» دېدى.

ئادەم كەينىگە يېنىپ بېرىپ، ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاش ناماز ئوقۇدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبىرىمىز يەنە: «ئارقاڭغا قايتىپ نامىزىڭنى قايتا ئوقۇ! چۈنكى سەن ناماز ئوقۇغاندەك بولمىدىڭ.» دېدى. بۇ ئەھۋال

ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىرىدا بۇ كىشى: «سېنى ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن باشقا خىلىنى بىلمەيمەن. ماڭا توغرىسىنى ئۆگەتكىن!» دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئۆگەتتى:

«ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئۆرە تۇرغان ۋاقتىڭدا تەكبىر ئېيتقىن. ئاندىن قۇرئاندىن سەن بىلىدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇغىن. ئاندىن رۇكۇ قىلغىن. بارلىق ئورگانلىرىڭ تامامەن ھەرىكەتسىز قالغۇچە شۇ ھالەتتە تۇر! (ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەندىن) كېيىن بېشىڭنى كۆتەر، ئۆرە تۇرغاندا تىك تۇر. ئاندىن سەجدە قىلغىن. بارلىق ئەزالىرىڭ تامامەن ھەرىكەتسىز قالغۇچە سەجدىدە تۇر. (ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەندىن) كېيىن بېشىڭنى كۆتەر. بارلىق ئەزالىرىڭ تامامەن ھەرىكەتسىز قالغۇچە ئولتۇر. نامازنىڭ ھەممە رەكئەتلىرىدە مۇشۇنداق قىل.»

(بۇخارى: «ئەزان»، 95)

## نامازنىڭ سۈننەتلىرى ☺☺

☺ بەش ۋاخ ناماز ۋە جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش ۋە پەرز نامازدىن ئىلگىرى قامەت كەلتۈرۈش.

☺ تۇنجى تەكبىردىن كېيىن ئېچىدە «سۇبھانەكە» دۇئاسىنى ئوقۇش.

☺ فاتىھەدىن ئىلگىرى بىرىنچى رەكئەتتە «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىم، بىسمىللاھىر-راھمانىرراھىم»، باشقا رەكئەتتە «بىسمىللاھىر-راھمانىرراھىم» دېيىش.

☺ فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن ئاۋاز چىقارماي «ئامىين» دېيىش.

☺ رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئوقۇلغان تەسبىھلەرنى ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىم تەكرار ئېيتىش.

☺ رۇكۇدا «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم»، سەجدىدە «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىش.

☺ قىيام (ئۆرە تۇرۇش)، رۇكۇ، سەجدە قاتارلىق رۇكۇنلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا تەكبىر ئېيتىش («ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش).

☺ رۇكۇدىن تۇرۇۋاتقاندا «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ»، تىك تۇرغاندا «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دېيىش.

☺ ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا»، «ئاللاھۇممە بارىك ئەلا»، «ئاللاھۇممە رەببەنا» دۇئاسىنى ئوقۇش.



## نامازدىكى ئەدەب

«ئەدەب» كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «ئاداب» گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىش-ھەرىكەتلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. نامازنىڭ ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىش نامازنى ھۇزۇر ئىچىدە ئوقۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. نامازنىڭ ئەدەبلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

- ☺ ئۆرە تۇرغاندا سەجدە يېرىگە، رۇكۇدا تۇرغاندا پۇتقا، ئولتۇرغاندا تىزغا، سالام بەرگەندە مۆرىگە قاراش.
- ☺ رۇكۇ ۋە سەجدىدىكى تەسبىھلەرنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇش.
- ☺ نامازدا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىق.

بىر ئىسلام ئالىمىدىن كىشىلەر سورىدى: «بىر بەندە قانداق قىلغاندا نامازنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلالايدۇ؟» ئالىم مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

1. ھالال لوقما يېيىش،
2. تاھارەت ئېلىۋاتقاندا غەپلەتتىن ئۇزاق تۇرۇپ، نامازغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇش ۋە بۇ خىل روھىي ھالەتنى ناماز جەريانىدىمۇ يادىدا تۇتۇش،
3. ناماز سىرتىدىمۇ ئاللاھنى ھەرگىز ئۇنۇتماي، ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت بىزنى كۆرۈپ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش ئارقىلىق.



## نامازنىڭ مەكرۇھلىرى ☹☹

ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، نامازلىرىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئوقۇشىمىز لازىم. پەرزلەرنى تاماملىغۇچى سۈپەتىدىكى ۋاجىپ ۋە سۈننەتلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. نامازدا ۋاجىپ ۋە سۈننەتلەرنى تەرك قىلىش دىنىمىزدە ياخشى ئىش ھېسابلانماستىن، مەكرۇھ ھېسابلانغان. ئادەتتە بىر ۋاجىپ ياكى سۈننەتنى تەرك قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن مەكرۇھلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

- ☹ ناماز جەريانىدا بەدىنى ياكى كىيىمىنىڭ بىرەر يېرىنى تۇتۇپ ئويناپ ئولتۇرۇش.
- ☹ چوڭ ياكى كىچىك تەرەتنى قىستاپ تۇرغان ھالدا ناماز ئوقۇش.
- ☹ ئالدىدىكى سەپ ئارىسىدا بوش يەر تۇرسا، ئۇيەردە تۇرماي، ئارقىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇش.
- ☹ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئالدىدىن بىرەيلەننىڭ ئۆتۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار بولغان ئەھۋالدا ئالدىدا بىرەر نەرسىنى دالدا قىلىپ قويۇپ قويماسلىق.
- ☹ رۇكۇدا ۋە سەجدىدە ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغان تەسبىھلەرنى ئۈچ قېتىمدىن ئاز ئوقۇش.
- ☹ نامازدا فاتىھەدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى قۇرئانى-كەرىمدىكى رەت تەرتىۋى بويىچە ئوقۇش كېرەك. مەسىلەن: نامازدا كەۋسەر سۈرىسى بىلەن ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا بىرىنچى رەكئەتتە كەۋسەر سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇيمىز. بۇنىڭغا دىققەت قىلماسلىق مەكرۇھ بولىدۇ.
- ☹ ئىنسان يۈزىگە قاراپ ناماز ئوقۇش.

## كىم نامازغا كەلدى؟

بىر رامىزان كۈنى خەلىپە ھارۇن رەشىد بەھلۇل دانا ھەزرەتلىرىگە مۇنداق دېدى:

- ناماز شام ۋاقتىدا جامىگە بېرىپ، ناماز ئوقۇغان جامائەتنىڭ ھەممىسىنى ئىپتارغا چاقىرىپ كەلگىن.

ناماز شام ۋاقتى بولغاندا ئەزان ئوقۇلدى. جامىدە بىر سەپتىن ئارتۇق جامائەت بار ئىدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بەھلۇل دانا ھەزرەتلىرى تۆت-بەش كىشىنى ئېلىپ ئوردىغا كەلدى. خەلىپە ھارۇن رەشىد ھەيران بولۇپ:

- ئاران مۇشۇنچىلىك كىشىمۇ؟ مەن سىلەرگە شام نامىزىنى ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىشقىلارنى تاپىلىغان ئىدىم. سىلەر شۇنچە كۆپ جامائەتنىڭ ئارىسىدىن ئاران مۇشۇنچىلىكلا كىشىنى ئېلىپ كەپسىلەر. - دېدى. بەھلۇل دانا:

- سۇلتانىم! سىلى ماڭا جامىگە كەلگەنلەرنى ئەمەس، ناماز ئوقۇغانلارنى ئىپتارغا چاقىرىپ كېلىشىمنى بۇيرىغان ئىدىلە. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن جامىنىڭ ئىشىكىدە تۇردۇم ۋە چىقىۋاتقان ھەر كىشىدىن ئىمامنىڭ نامازدا قايسى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى سورىدىم. جامائەتنىڭ ئىچىدىكى كۆپ سانلىق كىشى ئىمامنىڭ قايسى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى دەپ بېرەلمىدى. پەقەت مەن بىلەن كەلگەن مۇشۇ كىشىلەرلا توغرا جاۋاب بېرەلىدى. جامىگە كەلگەن كىشى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەمما نامازنى جايىدا، توغرا ئوقۇغانلار پەقەت مۇشۇ دوستلىرىم ئىكەن. مەن سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن بۇ كىشىلەرنى ئوردىغا ئېلىپ كەلدىم.- دېدى.



## نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇيلى

ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھۇزۇرلىنىدىغان بىر ئىشنى قىلغان ۋاقتىمىزدا تامامەن شۇ ئىشنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىمىز. بەزىدە شۇنچىلىك مەشغۇل بولىمىزكى، بىزنى چاقىرسا تۇيمايمىز، ئەتراپىمىزدىكى ئىشلار خىيالىمىزغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ. تەئدىل-ئەركان دېگىنىمىز نامازدا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى بىلىشىمىز، باشقا ئىشلارنى ئويلىماسلىقىمىز ۋە پۈتۈن دىققىتىمىزنى نامازغا مەركەزلەشتۈرىشىمىز دېگەنلىكتۇر.

ئۆزىمىز ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بىرەيلەننىڭ يېنىدىن ئايرىلىشنى ياكى ئۇنىڭ بىزدىن ئايرىلىشنى خالىمايمىز. سائەتلەرچە بىللە ئولتۇرساقمۇ ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ «ۋاقىت نېمانداق تېز ئۆتۈپ كېتىدىغاندۇ» دەپ ئەپسۇسلىنىمىز.

يېقىن ئاغىنىمىز بىلەن بىللە ئولتۇرغان ياكى پاراڭلىشىۋاتقان چاغدا باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش نېمىدېگەن قاملاشمىغان بىر ئىش-ھە! خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ناماز ئوقۇۋاتقاندىمۇ ئاللاھنىڭ

ھۇزۇرىدا باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش توغرا ئەمەس. نامىزىمىز خىزمەت، مەكتەپ، ئائىلە ۋە دوستلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئويلايدىغان ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى پىلانلايدىغان بىر ۋاقىتقا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. يۈزىمىزنى قىبلىگە ئۇدۇل قىلغىنىمىزدەك قەلبىمىزنىمۇ ئاللاھقا ئۇدۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئوقۇۋاتقان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ياكى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئويلاپ ھۆرمەت بىلەن تۇرۇشىمىز كېرەك. رەببىمىز بىلەن بولغان بىر پەيتتە، ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندا، تىلىمىز ئۇنىڭغا دۇئا قىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلىۋاتقان بىر پەيتتە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولالمايمىز. كېيىن ئاللاھ: «بەندەم، مەن سەن بىلەن بىللە ئىدىم. سەن كىم بىلەن بىللە ئىدىڭ؟» دېسە نېمە دەيمىز؟

ئۇنداق بولسا، ئوقۇماقچى بولغان ھەر ۋاخ نامىزىمىزنى ئىككى دوستنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتى، بەندىنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغان بىر ۋاقتى دەپ بىلىشىمىز كېرەك. نامىزىمىزنى تىزراق ئوقۇپ بولۇپ قۇتۇلىدىغان بىر يۈك دەپ ئەمەس، بەلكى رەببىمىزگە سۆيگىمىزنى ئىزھار قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغان بىر پەيت دەپ بىلگەن ۋاقتىمىزدا تەئدىل-ئەركانىغا رىئايە قىلغان بولىمىز.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«نامىزىنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇغان مۆمىنلەر ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشتى.»

(مۇئمىنۇن سۈرىسى 1-2-ئايەتلەر)

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلاردىن) باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر. ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ.»

(بەقەرە سۈرىسى 45-46-ئايەتلەر)

نامازغا تۇرغاندا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى تەپەككۇر قىلىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارىمىز. ياراتقۇچىنىڭ ھۇزۇرىدا قول باغلاپ ھۆرمەت بىلەن تۇرىمىز. سۈرىلەرنى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا ئاللاھنىڭ بىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئويلايمىز. رەببىمىزنىڭ بۈيۈكلىگىنى ئەسكە ئېلىپ رۇكۇغا ئېگىلىمىز. يەنە ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن بارلىق ۋۇجۇدىمىز بىلەن سەجدىگە ئېگىشىپ پىشانىمىزنى يەرگە قويىمىز. رەببىمىزگە ئەڭ يېقىن ۋاقىتنىڭ سەجدە پەيتى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ: «ئۇلۇغ رەببىم، ساڭا تەسبىھ ئېيتىمەن.» دەيمىز. يارىتىلىشىمىزدىكى مەقسەتنىڭ ئاللاھقا قۇللۇق ئىكەنلىكىنى، ھەممە نەرسىمىزنى ئاللاھ ئۈچۈن پىدا قىلىشىمىزنى ئويلايمىز. باشقا رەكئەتلەردىمۇ مۇشۇ خىل روھىي ھالەتتە بولىمىز. ئاخىرىدا بويىنىنى قىسقان بىر غېرىپتەك ئولتۇرۇپ «ئەتتەھىيياتۇ»، «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا»، «ئاللاھۇممە بارىك ئەلا»، «ئاللاھۇممە رەببەنا» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز. بىزنى رەببىمىزگە يېقىنلاشتۇرغان بىر ئىبادەتنى قىلىشنىڭ خوشلۇقىدا ئوڭ-سول تەرىپىمىزدىكى ئىنسانلار ۋە پەرىشتىلەرگە سالام بەرگەچ نامازنى تاماملايمىز.

## نامازنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار

- ناماز ئوقۇۋاتقاندا تاھارەتنىڭ سۇنۇپ كېتىشى،
- نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرىنىڭ كام قىلىشى،
- نامازدا بىرەر نەرسە يەپ-ئىچىش،
- نامازدا گەپ قىلىش، سالام بېرىش ياكى سالامنى ئىلىك ئېلىش،
- دۇنياغا ئائىت بىر ئىش تۈپەيلى يىغلاش ياكى «ئاھ!» دەپ ئۇھ تارتىش، (ئاللاھتىن قورقۇپ ياكى ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت تۈپەيلى يىغلاش نامازنى بۇزمايدۇ.)
- ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۆزىمىزگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈش، (نامازدا يېنىمىزدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە ئاۋاز چىقىرىپ كۈلسەك، تاھارىتىمىز سۇنۇپ كېتىدۇ.)
- ناماز ئوقۇۋاتقاندا مەيدىمىزنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قارىتىش،
- سىرتتىن قارىغان كىشىگە ناماز ئوقۇماۋاتقاندەك كۆرۈنگەن ھالدا باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش،
- قۇرئاننى مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە خاتا ئوقۇش،
- بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا كۈننىڭ چىقىشى.

### ئويۇننى بۇزۇشنى خالىمىدىم



پىشىن ياكى ئەسىر نامىزى ۋاقتى ئىدى. نەۋرىسى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننى ھاپاش قىلىپ كۆتىرىۋالغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىردى. مېھرابقا چىقتى. ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننى يەرگە قويدى. تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردى. ساھابىلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپ تۇردى. پەيغەمبىرىمىز نامازدا سەجدىدە باشقا نامازدىكىدىن ئۇزاق تۇردى. بۇ ئەسنادا نەۋرىلىرىدىن بىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك دۈمبىسىدە ئويناۋاتاتتى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ساھابى-كىراملار:

- «ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەجدىدىن بىرىدە ئۇزۇن ۋاقىت بېشىڭنى كۆتۈرمەي تۇرىۋىدىڭ، بىز ساڭا ۋەھيى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدۇق.» دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

- **«ئۇنداق بولمىدى. لېكىن ناماز ئوقۇۋاتسام نەۋرەم ئۈستۈمگە چىقىۋالدى. ئۇ ئۈستۈمدىن چۈشكىچە ساقلاپ تۇردۇم. ئالدىراپ ئۇنىڭ ئويۇننى بۇزۇشنى خالىمىدىم.»**

(نەسائى: «تەدبىق»، 82)

# جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى

## ئىمام ۋە جامائەت دېگەن نېمە؟

ئەڭ ئاز بىر كىشىگە ياكى بىر توپ كىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ناماز ئوقۇغان كىشى ئىمام، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىلەر جامائەت دېيىلىدۇ.

## جامى نېمە ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ ئۆيى» دەپ ئاتىلىدۇ؟

جامى ۋە مەسجىدلەر مۇسۇلمانلار بىر يەرگە كېلىپ توپلانغان ۋە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان يەرلەردۇر. بۇ يەرلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا سەجدە قىلىنغانلىقى، ئىبادەت قىلىنغانلىقى، ناماز ئوقۇلغانلىقى ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ ئۆيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكى نېمە؟

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزنى ھەمىشە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇيتتى. بىزگىمۇ نامازنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇغان نامازنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامازغا قارىغاندا يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق ساۋابى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. سەۋەبسىز ھالدا جامائەتتىن ئايرىلىشنى توغرا تاپمىغان ئىدى. جامائەت بىلەن بىرلىكتە بولۇشنى مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ گۈزەل ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىغان ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز يەنە كامىل تاھارەت ئېلىپ ناماز ئۈچۈن جامەگە ماڭغان كىشىلەرنىڭ باسقان ھەربىر قەدىمى بىلەن بىر گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقى ۋە بىر ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇشخەۋەر بەرگەن.

## نامازلىرىمىزنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشىمىز؟

نامازنىڭ جامائەت بىلەن بىللە (كوللېكتىپ) ئوقۇلۇشى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت ۋە ھەمكارلىشىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان مۇسۇلمانلار بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىدۇ. قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتا ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ.

جامەدىكى تەبلىغ، خۇتبە ۋە سۆھبەتلەردە دىنىمىزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئۆگىنەلەيمىز. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملىرىمىزنى ئاشۇرالايمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېيدۇ:

«جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇلغان نامازنىڭكىدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇقتۇر.»

(بۇخارى: «ئەزان»، 30)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېيدۇ:

«بىر كىشى ئۆيىدە كامىل تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ پەرزلىرىدىن بىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسجىدكە قاراپ يولغا چىققان بولسا، باسقان بىر قەدىمى ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ، يەنە بىر قەدىمى ئۇنى بىر دەرىجە يۈكسەلدۈرىدۇ.»

(مۇسلىم: «مەساجىد»، 282)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېيدۇ:

«شۈبھىسىزكى، نامازدا ئەڭ كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدىغان كىشىلەر يىراق يەرلەردىن كەلگەن كىشىلەردۇر. نامازنى ئىمام بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش ئۈچۈن ساقلىغان كىشىنىڭ ساۋابى نامازنى يالغۇز ئوقۇپ بولۇپ ئۇخلىغان كىشىنىڭكىدىن ئارتۇقتۇر.»

(بۇخارى: «ئەزان»، 31)

جامەلەردە بىر يەرگە يىغىلىپ بىرلىكتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيمىز. پەرىشتىلەر ئەتراپىمىزغا كېلىدۇ. بىزگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ياغىدۇ. رەببىمىز جامائەت بولۇپ (كوللېكتىپ) قىلىنغان ئىبادەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. جامائەتنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئىبادەتلىرىمىزدىكى كەمچىلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىدۇ.

## جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغاندا سەپ قانداق بولۇشى كېرەك؟

سەپتە ئەرلەر ئالدىدا، باللار ئوتتۇرىدا، ئاياللار كەينىدە تۇرىدۇ.

جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغاندا سەپ رەتلىك، زىچ بولۇشى، سەپ ئارىسىدا بوش يەر قالماسلىقى كېرەك. ئالدى تەرەپتە بوش يەر بولسا، ئارقىدا يېڭى سەپكە تىزىلىش توغرا ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

**«سەپكە رەتلىك تىزىلىڭلار، بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە تۇرغاندەك. ئاراڭلاردا بوش يەر قالمىسۇن. سەپنى رەتلەش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن تۇتۇپ تارتقان قېرىنداشلىرىڭلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىڭلار. شەيتان كىرىۋالغۇدەك بوش يەر قويماڭلار. ئاللاھ سەپتە بىر بىرىگە يېقىن تۇرغانلارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدۇ. سەپتە بىر بىرىدىن ئۇزاق تۇرغانلارغا (ئارىدا بوش يەر قويغانلارغا) ئاللاھ نېمەت بەرمەس.»** (ئەبۇ داۋۇد: «سالات»، 93) دېگەن ۋە سەپتە رەتلىك تۇرۇشنىڭ نامازنى تاماملىغۇچى بىر ئامىل ئىكەنلىكىنى خاتىرلاتقان ئىدى. شەخسەن ئۆزى ساھابىلەرنىڭ سېپىنى تۈزەپ: **«ئالدى-كېيىن، رەتسىز، قالايمىقان تۇرماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، قەلبىڭلارمۇ بىر بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ قالىدۇ.»** (ئەبۇ داۋۇد: «سالات»، 93) دېگەن ئىدى.

## نامازنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش پەرز، باشقا نامازلارنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش بولسا «سۈننەتى-مۇئەككەدە»دۇر. سەۋەبسىز ھالدا جامائەتتىن ئايرىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

## جامى ۋە مەسجىدتىكى ئەدەب

جامەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى نوقتىلارغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:

- جامەگە تاھارەت ئېلىپ ئوڭ پۇتىمىزدا دەسسەپ كىرىشىمىز كېرەك.
- جامەدىن سول پۇتىمىزدا دەسسەپ چىقىشىمىز كېرەك.
- پۇتىمىز ۋە پايپىقىمىز مەينەت ھالدا جامەدىكى گىلەم ياكى پالاس قاتارلىق نەرسىلەرگە دەسسىمەسلىكىمىز لازىم.
- پىياز، سامساق يەپ، تاماكا چېكىپ ئاغزىمىزنى بەدبۇي پۇرىتىپ جامەگە بېرىپ، جامائەتنى بىئارام قىلماسلىق كېرەك.
- سەۋەبسىز ھالدا جامەدە پۇتنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرۇش، ۋاقىراپ-جاقىراش، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىش، قۇرۇق پاراڭ سېلىش قاتارلىق ئەدەبسىز قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.
- جامەدە قۇرئان ئوقۇلۇۋاتقان ياكى تەبلىغ قىلىنىۋاتقان بولسا، دىققەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاش.
- جامەگە كېچىكىپ كەلگەندە بوش يەردە ئولتۇرۇش، ئالدى تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن جامائەتنى قىستىماسلىق كېرەك.



## جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندا ئىمام ناماز ئوقۇشقا ۋە ئۆزىگە ئىقتىدا قىلغۇچى جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ ناماز ئوقۇتۇشقا نىيەت قىلىدۇ. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغانلارمۇ ھەم ئوقۇلىدىغان نامازغا، ھەمدە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشقا نىيەت قىلىدۇ.

مىسال ئۈچۈن پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى جامائەت بىلەن قانداق ئوقۇيدىغانلىقىمىزغا قاراپ باقايلى:

1) ئاۋۋال «نىيەت قىلدىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا، ئىقتىدا قىلدىم ئىمامغا» دەپ نىيەت قىلىمىز.

2) ئىمام ئۈنلۈك ئاۋازدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەندە، بىزمۇ ئىچىمىزدە ئۆزىمىز ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا تەكبىر ئوقۇپ نامازنى باشلايمىز. (ئىمام ئېيتقان باشقا تەكبىرلەرنىمۇ («ئاللاھۇ ئەكبەر») ئىچىمىزدە تەكرارلايمىز.

3) تەكبىردىن كېيىن قول باغلاپ، ئىچىمىزدە «سۇبھانەكە»نى ئوقۇپ جىم تۇرىمىز. باشقا رەكئەتلەردە ئۆرە تۇرغاندا ئوقۇمايمىز. (ئىمام ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇغان نامازلاردا فاتىھە سۈرىسى تاماملانغاندىن كېيىن ئىچىمىزدە «ئامىين» دەيمىز.)

4) رۇكۇغا ئېگىلگەندە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دەيمىز. ئىمام «سەمى ئاللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېگەچ ئۆرە تۇرغاندا، بىزمۇ ئۆرە تۇرغاچ «رەببەنا لەكەل ھەمدۇ» دەيمىز.

5) سەجدىدىمۇ ئۈچ قېتىمدىن «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دەيمىز.

6) ئولتۇرغاندا ئىمام بىلەن بىرلىكتە بىزمۇ «ئەتتەھىيياتۇ»، «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا»، «ئاللاھۇممە بارىك ئەلا»، «ئاللاھۇممە رەببەنا ئاتىنا، رەببەناغفىرلى» دۇئالىرىنى ئوقۇيمىز ۋە ئىمام بىلەن بىرلىكتە سالام بېرىمىز.

جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغاندا ئىمامغا ئەگىشىمىز، ئىمامدىن ئىلگىرى ھەرىكەت قىلمايمىز.

## جامائەتكە ئۈلگۈرەلمىگەندە نامازلىرىمىزنى قانداق تولۇقلايمىز؟

جامائەتكە ئۈلگۈرەلمىگەندە يېتىشەلمىگەن رەكئەتلەرنى ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن تولۇقلايمىز. ئىمام رۇكۇدىن ئۆرە تۇرۇشتىن ئىلگىرى يېتىشكەن رەكئەتلەرنى ئوقۇغان ھېسابلىنىمىز. ئۇ رەكئەتنى قايتا ئوقۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

جامائەتكە ئىككىنچى رەكئەتتە ئۈلگۈرۈپ كەلگەن بولساق، ئاخىرقى رەكئەتتە «ئەتتەھىيياتۇ» قاتارلىق دۇئالارنى ئوقۇپ، ئىمامنىڭ سالام بېرىشىگە ساقلايمىز. ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۈلگۈرەلمىگەن بىرىنچى رەكئەتنى تۆۋەندىكىدەك تولۇقلايمىز:



| 1ـ رەكئەت |
| --- |
| ❋سۇبھانەكە |
| ❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ |
| ❋فاتىھە سۈرىسى |
| ❋ قۇرئاندىن ئايەت |
| ❋رۇكۇ |
| ❋سەجدە |
| ❋ئەتتەھىيياتۇ |
| ـئاللاھۇممە سەللى ئەلا |
| ـئاللاھۇممە بارىك ئەلا |
| ـئاللاھۇممە رەببەنا |
| ❋سالام |

جامائەتكە ئۈچىنچى رەكئەتتە ئۈلگۈرۈپ كەلگەن بولساق، ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ يېتىشەلمىگەن دەسلەپكى ئىككى رەكئەتنى تۆۋەندىكىچە تولۇقلايمىز:



| 1- رەكئەت | 2- رەكئەت |
|---|---|
| ❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>-ئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>-ئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>-ئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام |

جامائەتكە تۆتىنچى رەكئەتتە ئۇلگۇرۇپ كەلگەن بولساق، ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يېتىشەلمىگەن ئۈچ رەكئەت نامازنى تۆۋەندىكىدەك تولۇقلايمىز:

| 1- رەكئەت | 2- رەكئەت | 3- رەكئەت |
|---|---|---|
| ❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>-ئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>-ئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>-ئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام |



شام نامىزىدا ئۈچىنچى رەكئەتكە ئۇلگۇرۇپ كەلگەن بولساق، جامائەت سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، كەم قالغان ئىككى رەكئەتنى (بىرىنچى، ئىككىنچى رەكئەتنى) تۆۋەندىكىدەك تاماملايمىز:

| 1- رەكئەت | 2- رەكئەت |
|---|---|
| ❋سۇبھانەكە<br>❋ئەئۇزۇ بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋ قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ | ❋بىسمىللاھ<br>❋فاتىھە سۈرىسى<br>❋قۇرئاندىن ئايەت<br>❋رۇكۇ<br>❋سەجدە<br>❋ئەتتەھىيياتۇ<br>-ئاللاھۇممە سەللى ئەلا<br>-ئاللاھۇممە بارىك ئەلا<br>-ئاللاھۇممە رەببەنا<br>❋سالام |

جامائەتكە ھەر قانداق بىر نامازنىڭ ئاخىرقى رەكئەتنىڭ رۇكۇسىدىن كېيىن ئۇلگۇرۇپ كەلسەك، ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، بارلىق رەكئەتلەرنى يالغۇز ئوقۇپ نامىزىمىزنى تاماملايمىز.

# جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان بەزى نامازلار

## 1. جۈمە نامىزى

جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈنىدۇر. ئۇلار جۈمە كۈنى جامەدە بىر بىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئۆزئارا ھال-ئەھۋال سورىشىدۇ، مۇڭدىشىدۇ، بىر بىرىگە ياردەملىشىدۇ.

### جۈمە نامىزى قانچە رەكئەت؟ قاچان ئوقۇلىدۇ؟

دىنىمىز مۇسۇلمانلارغا ناماز ۋاقتى كەلگەندە ئىشلىرىنى توختىتىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇشى كېرەكلىكىنى ئەمىر قىلغان.

جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن بىر ئىمام ۋە ئەڭ ئاز ئۈچ كىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر جامائەت بولۇشى كېرەك.

جۈمە نامىزى ئون رەكئەت بولۇپ، پېشىن نامىزى ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ كۈنلۈك پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. بىرەر سەۋەپ تۈپەيلى جۈمە نامىزى ئوقۇيالمىغانلار پېشىن نامىزى ئوقۇيدۇ.

### جۈمە نامىزى كىملەرگە پەرزدۇر؟

جۈمە نامىزى پەقەتلا بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان ئەركەكلەرگە پەرزدۇر.

### جۈمە نامىزى كىملەرگە پەرز ئەمەس؟

ئاياللار، باللار، كېسەللەر، كېسەلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايدىغانلار، يولۇچىلار، ئەركىنلىگى يوقلار، ئەمالار، ئورنىدىن تۇرالمايدىغانلار ۋە پۇتى يوقلارغا پەرز ئەمەس. شۇنداق تۇرۇغلۇق بۇ كىشىلەر جۈمە نامىزى ئوقۇسا، نامىزى قوبۇل بولىدۇ ۋە پېشىن نامىزى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

### جۈمە نامىزىنىڭ مەقبۇل بولىشىدىكى شەرتلەر قايسىلار؟

1. جۈمە نامىزى پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلۇشى كېرەك.
2. نامازدىن ئىلگىرى خۇتبە ئوقۇش كېرەك.
3. جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان يەرگە ھەممەيلەن كىرەلەيدىغان (ئاممىۋى) بولىشى كېرەك.
4. ئىمامدىن سىرت ئەڭ ئاز ئۈچ كىشىلىك بىر جامائەت بولىشى كېرەك.

> ئالاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:
>
> «ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.»
>
> (جۈمە سۈرىسى 9-ئايەت)

> ئالاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:
>
> «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.»
>
> (جۈمە سۈرىسى 10-ئايەت)

> سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:
>
> «چوڭ گۇناھلاردىن يىراق تۇرغاندا، بەش ۋاخ ناماز ناماز ئارىلىقلىرىدا قىلىنغان كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ؛ جۈمە نامىزى بولسا، ئىككى جۈمە نامىزى ئارىسىدا قىلىنغان كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ.»
>
> (مۇسلىم: «تاھارەت»، 14)

### جۈمە نامىزىنى قانداق ئوقۇيمىز؟

- جۈمەنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇيمىز.
- بۇ ناماز پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشايدۇ.
- سۈننەتتىن كېيىن خاتىپ مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇرىدۇ.
- مۇئەززىن ئەزان ئوقۇيدۇ.
- ئەزاندىن كېيىن خاتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيدۇ. ئوقۇش ۋە ئاڭلاش پەرز بولغان بۇ جۈمە خۇتبىسىنى جىمجىت ھالدا ئاڭلايمىز.
- خۇتبىدىن كېيىن مۇئەززىن كەلتۈرگەن قامەت بىلەن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، جۈمە نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى ئوقۇيمىز.
- ئاندىن كېيىن ئۆزىمىز جۈمەنىڭ ئاخىرقى تۆت رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇيمىز. بۇ نامازمۇ پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشايدۇ.
- كېيىن خالىساق، يەنە ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇساقمۇ بولىدۇ.

## 2. ھېيت نامىزى

يىلدا ئىككى قېتىم ھېيتىمىز بار. بۇلاردىن بىرى روزا ھېيت، يەنە بىرى قۇربان ھېيتتۇر. بۇ ھېيتلاردا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزى ئوقۇيمىز.

### ھېيت نامىزى كىملەرگە ۋاجىپتۇر؟

جۈمە نامىزى پەرز بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ھېيت نامىزى ئوقۇشمۇ ۋاجىپ بولىدۇ.

### ھېيت نامىزى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

ھېيت نامىزى ھېيت كۈنى ئەتىگەندە كۈن چىقىپ 40ـ45 مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. (تۈركىيەدە مۇشۇنداق ئوقۇلىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە كۈن چىقىپ ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا ئوقۇلىدىغان ئىشلارمۇ بار.)

### ھېيت نامىزىنى قانداق ئوقۇيمىز؟

ھېيت نامىزى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلىدۇ. ئەزان ۋە قامەت ئوقۇلمايدۇ. نىيەت قىلىپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىمىز. ئاندىن نامىزىمىزنى مۇنداق ئوقۇيمىز:

**بىرىنچى رەكئەت:** «سۇبھانەكە» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز. ئىمام بىلەن بىرلىكتە قولىمىزنى قولىقىمىزغىچە كۆتىرىپ، خۇددى نامازغا باشلاش تەكبىرى ئوقۇغاندەكلا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىمىز. ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن قول باغلايمىز. فاتىھە ۋە قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇۋاتقان ئىمامنى ئاڭلىغاچ، رۇكۇ ۋە سەجدە بىلەن بىرىنچى رەكئەتنى تاماملايمىز.

**ئىككىنچى رەكئەت:** فاتىھە ۋە سۈرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىمام بىلەن بىرلىكتە يەنە قولىمىزنى كۆتىرىپ ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىمىز. تۆتىنچى تەكبىردە رۇكۇغا ئېگىلىمىز. رۇكۇ، سەجدە ۋە «ئەتتەھىيياتۇ»دا ئولتۇرۇشتىن كېيىن نامىزىمىزنى تاماملايمىز.



### ھېيت نامىزى خۇتبىسى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

ھېيت نامىزى خۇتبىسى نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. بۇ خۇتبىنىڭ ئوقۇلۇشى سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر سۈننىتىدۇر.

بۇ خۇتبىلەردە خاتىپلەر ئادەتتە بۇ كۈننىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە تەبلىغ قىلىدۇ. خۇتبە ۋە دۇئالار تۈگىگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. قېيدىشىپ قالغانلار ئىتتىپاقلىشىدۇ.

### تەشرىق تەكبىرىنىڭ سۆزى ۋە مەنىسى نېمە؟

**تەشرىق تەكبىرىنىڭ سۆزلىرى:**

اَللّٰهُ أَكْبَرُ اَللّٰهُ أَكْبَرُ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ
اَللّٰهُ أَكْبَرُ وَلِلّٰهِ الْحَمْدُ

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھەمدۇ»

**تەشرىق تەكبىرىنىڭ مەنىسى:** «ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر. بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقىلا خاستۇر.»

### تەشرىق تەكبىرى دېگەن نېمە؟ قاچان ئوقۇلىدۇ؟

قۇربان ھېيت كۈنى نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلغان تەكبىر «تەشرىق تەكبىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەفە كۈنى بامدات نامىزىدا باشلىنىپ، ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەسىر نامىزىدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ تەكبىرلەرنى ئوقۇش ۋاجىپتۇر. يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا بولسۇن، ياكى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا بولسۇن، بۇ تەكبىرلەرنى ئوقۇشىمىز كېرەك.

## 3. جىنازا نامىزى (مېيىت نامىزى)

جىنازا نامىزى ۋاپات بولغان مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز ئۈچۈن قىلىنغان بىر دۇئادۇر. ئادەتتە جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بۇ نامازنى يالغۇز كىشىمۇ ئوقۇيالايدۇ.

### جىنازا نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جىنازا نامىزى ئوقۇش «پەرزى-كۇپايە»دۇر. مۇسۇلمانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ نامازنى ئوقۇسا، ساۋابقا ئېرىشىدۇ، باشقىلارمۇ مەسئۇلىيەتتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەمما بىر مۇسۇلماننىڭ جىنازا نامىزىنى ھېچكىم ئوقۇمىسا، پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەت تەرك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، شۇ رايوندا ياشايدىغان بارلىق مۇسۇلمانلار مەسئۇل ۋە گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ.

### جىنازا نامىزى قانداق ئوقۇلىدۇ؟

جىنازا نامىزى رۇكۇ ۋە سەجدىسى بولمىغان بىر نامازدۇر. بىر نىيەت ۋە تۆت تەكبىر بىلەن ئوقۇلىدۇ.

جىنازا قويۇلغان يەرنىڭ ئالدىدا سەپكە تىزىلىپ «ئاللاھ ئۈچۈن نامازغا، مېيىت ئۈچۈن دۇئاغا، ئىقتىدا قىلدىم ئىمامغا» دەپ نىيەت قىلىمىز. قولىمىزنى كۆتۈرۈپ باشلاش تەكبىرى ئوقۇيمىز. باشلاش تەكبىرىدىن كېيىن قول باغلاپ «سۇبھانەكە» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز.

قول كۆتۈرمەيلا ئىككىنچى تەكبىرنى ئېيتىپ «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا»، «ئاللاھۇممە بارىك ئەلا» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز. يەنە قول كۆتۈرمەيلا ئۈچىنچى تەكبىرنى ئېيتىپ، ئەگەر بىلسەك جىنازا دۇئاسىنى، ئەگەر بىلمىسەك، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيمىز. تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن ئوڭ-سول تەرەپكە سالام قىلىپ نامازنى تاماملايمىز.

جىنازا نامىزىدىن كېيىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ھال سورايمىز. ئۇلارنىڭ ئېغىر، مۇسىبەت كۈنلىرىدە تەسەللىي بېرىمىز، دىن قېرىنداشلىق مېھرىمىزنى يەتكۈزىمىز.

سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«كىم بىر جىنازا نامىزى ئوقۇسا، بىر قىرات؛ مېيىت كۆمۈلگىچە ساقلاپ تۇرسا، ئىككى قىرات ساۋابقا ئېرىشىدۇ.»

- ئىككى قىرات دېگەن قانچىلىك؟ - دەپ سوراشتى.

- «ئىككى چوڭ تاغچىلىك!» — دەپ جاۋاب بەردى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

(بۇخارى: «جەنائىز»، 59)

### 4. تىراۋىۋ (تەراۋىھ) نامىزى

تەراۋىھ نامىزى رامىزان ئېيىدا ئوقۇلىدىغان يىگىرمە رەكئەتلىك بىر نامازدۇر. بۇ نامازنى ئوقۇش ھەم ئاياللارغا، ھەم ئەرلەرگە «سۈننەتى-مۇئەككەدە»دۇر. بىرەر سەۋەپ تۈپەيلى روزا تۇتالمىغانلارنىڭمۇ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇشى سۈننەتتۇر.

#### تەراۋىھ نامىزىنى يالغۇز ئوقۇغىلى بولامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەراۋىھ نامىزىنى بەزىدە يالغۇز، بەزىدە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغان بولۇپ، ئوقۇمىغان كۈنلىرى پەقەت يوق ئىدى. پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر زامانىدا تەراۋىھ نامىزى ھەمىشە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلۇشقا باشلىغان ۋە كۈنىمىزگىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن.

تەراۋىھ نامىزىنى جامىدە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغانىدەك، ئۆيدە يالغۇز ئوقۇغىلى بولىدۇ. ئەمما جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغاندا ساۋابى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

#### تەراۋىھ نامىزىنى قاچان، قانداق ئوقۇيمىز؟

تەراۋىھ نامىزىنى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، ۋىتىر نامىزىدىن ئىلگىرى ئوقۇيمىز. يىگىرمە رەكئەت ئوقۇغاندا كۆپ ساۋاب بولىدۇ. ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇسىمۇ ياكى تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇغاندا نامىزىمىزنى ئەسىر ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىنقى تۆت رەكئەتلىك سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇيمىز.



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«كىمكى رامىزاننىڭ خاسىيىتىگە ئىشىنىپ ۋە ساۋابىنى ئاللاھتىن تىلەپ تىراۋىۋ (تەراۋىھ) نامىزى ئوقۇسا، ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»

(مۇسلىم: «مۇسافىرىين»، 174)

## كېسەل كىشىنىڭ نامىزى

#### ئاغرىپ قالغان چېغىمىزدا نامىزىمىزنى قانداق ئوقۇيمىز؟

مۇقەددەس دىنىمىز ئىبادەتلىرىمىزنىڭ توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۆرە تۇرالمايدىغان دەرىجىدە كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇساق بولىدۇ. ئولتۇرۇشقىمۇ مادارىمىز يەتمىسە، يېتىپ ئىما-ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇساق بولىدۇ. ئىما-ئىشارەت نامازدىكى رۇكۇ ۋە سەجدىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن بېشىمىزنى ئېگىشتۇر.

#### ئاغرىپ قالغاندا ئىما-ئىشارەت بىلەنمۇ ناماز ئوقۇيالمىساق قانداق قىلىمىز؟

ئىما-ئىشارەت قىلىشقىمۇ كۈچىمىز يەتمىسە، نامىزىمىزنى كېيىن ئوقۇش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويىمىز. ئوقۇيالمىغان قازا نامازلارنى كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن تولۇقلاپ ئوقۇيمىز.

## سەپەر نامىزى

### قانداق شارائىتتا يولۇچى ھېسابلىنىمىز؟

بىز ياشاۋاتقان شەھەر، ناھىيە ياكى يېزىدىن 90 كىلومېتىرلىق ئۇزاقلىقتىكى بىر يەرگە ئون بەش كۈندىن ئاز ۋاقىت تۇرۇش ئۈچۈن بارغان چېغىمىزدا يولۇچى ھېسابلىنىمىز.

### يولۇچىلىق قاچان باشلىنىپ، قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟

يۇرتىمىزدىن يولغا چىققاندا باشلىنىپ، قايتىپ كەلگەن چېغىمىزدا ئاخىرلىشىدۇ.

### يولۇچى نامىزىنى قانداق ئوقۇيدۇ؟

سەپەردە بەزى قىيىنچىلىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنىمىز يولۇچىلارغا قولايلىقلار تۇغدۇرۇپ بەرگەن. تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلار (پېشىن، ئەسىر، خۇپتەن) قىسقارتىلىپ، ئىككى رەكئەت قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. ئۈچ ۋە ئىككى رەكئەتلىك پەرزلەر (بامدات ۋە نامازشام) شۇ پېتى ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ۋاقتىمىز بولمىسا، سۈننەتلەرنى ئوقۇمىساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر ۋاقتىمىز بولسا، سۈننەت نامازلارنى قىسقارتماي ئوقۇيمىز. (سۈننەت نامازلارنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.)

### سەپەردە جامائەت بىلەن بىللە ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟

سەپەردە يولۇچى ئەمەس (مۇقىم) بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان چېغىمىزدا پەرزلەرنى قىسقارتمايمىز. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ تۆت رەكئەت پەرزنى تۆت رەكئەت ئوقۇيمىز.

### يولۇچى كىشى نامازدا ئىمام بولسا، يولۇچى ئەمەس كىشىلەر نامىزىنى قانداق ئوقۇيدۇ؟

يولۇچى كىشى جامائەتكە ئىمام بولسا، نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە سالام بېرىدۇ. جامائەتنىڭ ئىچىدىكى يولۇچى بولمىغان كىشىلەر نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇپ تاماملايدۇ.



## قازا نامىزى

### قازا نامىزى دېگەن نېمە؟

نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش «ئادا»؛ ۋاقتىدا ئوقۇيالماي، كېيىن ئوقۇش «قازا» دەپ ئاتىلىدۇ.

### نامازنى قازا قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش قانداق پەرز بولغان بولسا، ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان قازا نامازلارنى كېيىن تولۇقلاپ ئوقۇشمۇ شۇنچىلىك پەرزدۇر. سەۋەبسىز نامازنى قازا قىلىش چوڭ گۇناھتۇر.

### قازا نامازلار قانداق ئوقۇلىدۇ؟

شۇ كۈنكى بامدات نامىزى ۋاقتىدا ئوقۇلمىغان بولسا، چۈشقى چۈش مەزگىلىگىچە (قۇياش تىك بولغىچە) بولغان ئارىلىقتا سۈننىتى بىلەن بىرلىكتە قازاسىنى ئوقۇغىلى بولىدۇ. ئىلگىرىكى كۈنلەردىكى ئوقۇلماي قالغان بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ قازاسى ئوقۇلمايدۇ. قازا نامازنىڭ پەقەت پەرزى ئوقۇلىدۇ، سۈننىتى ئوقۇلمايدۇ.

### قازا نامازلارنى ئوقۇغاندا قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟

قازا نامازلارنى ئوقۇغاندا نىيەت قىلغاندا، مەسىلەن: بۈگۈنكى بامدات نامىزى قازا بولغان بولسا، «نىيەت قىلدىم بۈگۈن ۋاقتىدا ئوقۇيالماي قالغان بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى ئوقۇشقا،»

دەپ نىيەت قىلىمىز. نامىزىمىزنىڭ قايسى كۈنى ئوقۇلماي قالغىنىنى ئېسىمىزگە ئالالمىساق، «نىيەت قىلدىم ۋاقتىدا ئوقۇيالماي قالغان ئاخىرقى بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى ئوقۇشقا» دەپ نىيەت قىلىمىز.

### قايسى ۋاقىتلاردا قازا نامىزى ئوقۇغىلى بولىدۇ؟

ناماز ئوقۇغىلى بولمايدىغان ئۈچ ۋاقىت (كۈن چىقىۋاتقان، كۈن تىكلەشكەن، كۈن پېتىۋاتقان ۋاقىت)تىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەر زامان قازا نامىزى ئوقۇغىلى بولىدۇ.

## شەيتان بىزنى نامازدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ

ناماز ئۇلۇغ بىر ئىبادەتتۇر. ئەلۋەتتە، بۇ ئىبادەتتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن شەيتان بىكار تۇرماي دائىم بىزگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ناماز ۋاقتى كېلىپ نامازغا تۇرماقچى بولغىنىمىزدا شەيتان بىزگە: «تېخى ۋاقىت بار. ئەمدىلا ئىش قىلىۋاتىسەن. ھازىرچە ئىشىڭنى قىل. نامازنى بىر دەمدىن كېيىن ئوقۇساڭمۇ بولىدۇ. ھېرىپ كېتىپسەن. ئۇيقۇغا قانمىدىڭ. يەنە بىردەم ئۇخلا...» دېگەندەك ۋەسۋەسىلەر بىلەن نامازغا تۇرۇشىمىزغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نامازنى كېچىكتۈرۈشىمىز ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋېتىشىمىزدىن ئىبارەت شەيتاننىڭ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بەزىدە ئىنسانلار ئارقىلىق بىزنى نامازدىن توسىدۇ. ئىنسانلار بىلەن ئولتۇرغان چېغىمىزدا: «تېخى ۋاقىت بار. بۇ گەپ تۈگىسۇن. يەنە بىر دەم سۆزلە. نامازنى دوستلىرىڭ كەتكەندىن كېيىن ئوقىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ...» دېگەندەك خىياللار نامازنى كېچىكتۈرۈشىمىز ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋېتىشىمىزگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا «نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن!» دەپ دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ناماز ئوقىساق، شەيتاننى مەغلۇپ قىلغان بولىمىز.

شەيتان ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئازدۇرۇش مېتودىدىن بىرسى بىزنى نامازنى تىز-تىز ئوقۇشقا ئالدىرىتىشتۇر. «سېنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشىڭ بار. نامىزىڭنى تېزراق ئوقۇپ تۈگەت!» دەپ بىزنى ئالدىرىتىدۇ. قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى ناماز جەريانىدا ئەقلىمىزگە كەلتۈرۈپ، خۇددى ھېچ ۋاقتىمىز يوقتەك، نامازنى تېزلىكتە تۈگىتىشىمىزنى ئىستەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، نامازدا تەئدىل-ئەركانغا رىئايە قىلىشىمىز، رۇكۇ ۋە سەجدىنى تولۇق ئادا قىلىشىمىزغا توسقۇن بولىدۇ. ھالبۇكى، ناماز ئوقۇغان ۋاقتىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىكار ئۆتكۈزىۋەتكەن شۇنچىلىك كۆپ ۋاقتىمىز باركى، قىلىدىغان ئىشلار بۇ چاغدا ئېسىمىزگە كەلمەيدۇ...

شەيتان بىزنى نامازدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەقلىمىز، خىيالىمىزغا كەلمىگۈدەك باشقا ھىلە مىكىرلەرنى قوللىنىدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى، نامرات بىچارىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، نامازنى تاشلاشنى ئېيتىدۇ: «ناماز سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئەمەس. ناماز ئاللاھ مول رىزىق ئېھسان قىلغان بايلار ئۈچۈندۇر.» كېسەل كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ناماز ئوقۇما! چۈنكى ئاللاھتائالا: «كېسەللەرگە قىيىنچىلىق يوق» دەپ ئەمىر قىلدى. ساقايغان چېغىڭدا كۆپلەپ ئوقارسەن» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى نامازدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىشىغا ئاساسەن بىرەر باھانە تېپىپ چىقىپ، نامازدىن توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

شەيتاننىڭ بۇ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى دائىم تاھارەت بىلەن يۈرۈش ۋە ۋاقتى كەلگەن ھامان ناماز ئوقۇشتۇر.

# سەھۋى سەجدىسى

## سەھۋى سەجدىسى دېگەن نېمە؟

سەھۋى سەجدىسى ئۇنتۇش ياكى خاتالىشىش سەجدىسى دېگەنلىكتۇر.

نامازدا خاتالىشىپ ياكى ئۇنتۇپ، نامازنى بۇزمايدىغان دەرىجىدە بىر سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويساق، سەھۋى سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك. بۇ سەھۋى سەجدىسى ئارقىلىق كەمچىلىكىمىزنى تولۇقلىغان بولىمىز.

## قايسى ئەھۋاللاردا سەھۋى سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك؟

1. ناماز ئېچىدىكى پەرزلەردىن بىرىنى ئۇنتۇپ كېچىكتۈرگەن ۋاقتىمىزدا سەھۋى سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك. (بۇ پەرزلەردىن بىرىنى ئادا قىلمىغان چېغىمىزدا، مەسىلەن: رۇكۇ قىلمىساق، نامىزىمىز بوزۇلىدۇ. نامازنى قايتا ئوقۇشىمىز كېرەك بولىدۇ.)
2. نامازنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرىنى ئۇنتۇپ تەرك قىلساق ياكى كېچىكتۈرسەك، سەھۋى سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك.

## سەھۋى سەجدىسى قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئەھۋاللار

❋ تۆت رەكئەتلىك بىر نامازنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە ئولتۇرۇلمايدۇ. ئەگەر ئولتۇرۇپ «ئەتتەھىيياتۇ» دۇئاسىنى ئوقۇغان بولساق، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەھۋى سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ خىل ئەھۋالدا قىيام (ئۆرە تۇرۇش) پەرزىنى كېچىكتۈرگەن ھېسابلىنىمىز.

❋ نامازدا سۈرىنى فاتىھەدىن ئىلگىرى ئوقۇغان چېغىمىزدا سەھۋى سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى فاتىھە سۈرىسىنى باشقا ئايەتتىن ئىلگىرى ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

❋ فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن باشقا سۈرە ئوقۇشنى ئۇنتۇپ رۇكۇغا ئېڭىشكەن بولساق، رۇس تۇرۇپ سۈرە ئوقۇمايمىز. رۇكۇ ۋە سەجدە شەكلىدە نامىزىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. نامازنىڭ ئاخىرىدا سەھۋى سەجدىسى قىلىمىز. چۈنكى فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن سۈرە ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

❋ ۋىتىر نامىزى ئوقۇۋاتقاندا ئەگەر «دۇئايى قۇنۇت»نى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، رۇكۇغا ئېڭىشكەن بولساق، قايتا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ «دۇئايى قۇنۇت» ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىپ «دۇئايى قۇنۇت» ئوقۇمايمىز. نامازغا رۇكۇ ۋە سەجدىدە داۋام قىلىۋېرىپ، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەھۋى سەجدىسى قىلىمىز. چۈنكى «دۇئايى قۇنۇت» ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

❋ ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ ئورنىمىزدىن تۇرغان بولساق، قايتىپ ئولتۇرمايمىز. نامازغا ئۈچىنچى رەكئەتتىن داۋام قىلىمىز. نامازنىڭ ئاخىرىدا سەھۋى سەجدىسى قىلىمىز. چۈنكى ھەم بىرىنچى ئولتۇرۇش ھەمدە «ئەتتەھىيياتۇ» ئوقۇش ۋاجىپتۇر.

## نامازدا بىردىن كۆپ سەۋەنلىك سادىر قىلساق، قانچە قېتىم سەھۋى سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك؟

سەھۋى سەجدىسى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر قانچە سەۋەنلىك تۈپەيلى بىر قېتىم سەھۋى سەجدىسى قىلىش كۇپايە.

## سەھۋى سەجدىسىنى قانداق قىلىمىز؟

نامىزىمىزنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا «ئەتتەھىيياتۇ» دۇئاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئوڭغا، ئاندىن سولغا سالام بېرىمىز. ئارقىدىنلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ سەجدە قىلىمىز. ئىككى قېتىم سەجدە قىلىمىز. ئاخىرقى ئولتۇرۇشتىكى دۇئالارنى يېڭىۋاشتىن ئوقۇپ سالام بېرىمىز.



# تىلاۋەت سەجدىسى

### تىلاۋەت سەجدىسى دېگەن نېمە؟

قۇرئانى-كەرىمدە بەزى ئايەتلەر بار بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ئوقۇلغان ۋاقىتتا سەجدە قىلىش كېرەك. بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا قىلىنغان سەجدە «تىلاۋەت سەجدىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

### قۇرئانى-كەرىمدە قانچە سەجدە ئايىتى بار؟

قۇرئانى-كەرىمدە 14 سەجدە ئايىتى بار.

### تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان كىشىنىڭ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشى ۋاجىپتۇر. ئۇندىن باشقا سەجدە ئايىتىنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقىغان ياكى ئىشىتكەن كىشىمۇ سەجدە قىلىشى كېرەك.

### ناماز جەريانىدا تىلاۋەت سەجدىسىنى قانداق قىلىمىز؟

ناماز جەريانىدا سەجدە ئايىتى ئوقۇلغاندا ئىككى خىل ئەھۋال بار:

1. نامازدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن توختىساق ياكى ئوقۇشقا داۋام قىلغاندىمۇ ئۈچ ئايەتتىن كۆپ ئوقىمىساق، رۇكۇغا ئېگىلىپ، ئاندىن سەجدە قىلىمىز. بۇ ناماز سەجدىسى بىلەن تىلاۋەت سەجدىسىنىمۇ ئادا قىلغان بولىمىز.
2. سەجدە ئايىتىدىن كېيىن ئوقۇشقا داۋام قىلساق ۋە ئۈچ ئايەتتىن ئارتۇق قۇرئان ئايىتى ئوقۇساق، سەجدە ئايىتىدىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ ئۇدۇل سەجدىگە ئېگىلىمىز. سەجدىدە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەندىن كېيىن تەكرار تەكبىر ئېيتىپ («ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ) ئورنىمىزدىن ئۆرە تۇرۇپ، سەجدە ئايىتىدىن كېيىنكى ئايەتلەرنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

### ناماز سىرتىدا تىلاۋەت سەجدىسىنى قانداق قىلىمىز؟

ناماز سىرتىدا سەجدە ئايەتلىرىدىن بىرەرسىنى ئوقىغان ۋاقتىمىزدا (تاھارەت بار ھالدا) قىبلە تەرەپكە ئالدىمىزنى قىلىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ سەجدىگە ئېگىلىمىز. سەجدىدە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەندىن كېيىن تەكرار «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەچ سەجدىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئورنىمىزدىن تۇرىمىز ۋە «غۇفرانەكە رەببەنا ۋە ئىلەيكەل-مەسىر» دەيمىز.



# ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان ۋاقىتلار

## ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان ۋاقىتلار بارمۇ؟

ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان ئۈچ ۋاقىت بار. بۇ ۋاقىتلاردا ھېچقانداق ناماز (پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، نەپلە، مېيىت ۋە قازا ناماز) ئوقۇلمايدۇ، تىلاۋەت سەجدىسى قىلىنمايدۇ.

1. **كۈن چىقىۋاتقاندا:** كۈن چىقىشتىن ئېتىبارەن تەخمىنەن 45 مىنۇت ئەتراپىدىكى بىر ۋاقىت. (ئەگەر بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا كۈن چىقسا، نامىزىمىز بۇزۇلىدۇ، كېيىن قازاسىنى ئوقۇشىمىز كېرەك بولىدۇ.)
2. **كۈن تىكلەشكەندە:** پېشىن نامىزىدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 45 مىنۇت ئەتراپىدىكى بىر ۋاقىت.
3. **كۈن پېتىۋاتقاندا:** قۇياشنىڭ سارغىيىشى ۋە پېتىشى ئارىسىدىكى تەخمىنەن 45 مىنۇت ئەتراپىدىكى بىر ۋاقىت. (بۇ ۋاقىتتا پەقەتلا شۇ كۈنكى ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا بولىدۇ.)

## پەقەتلا نەپلى ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان ۋاقىتلار بارمۇ؟

ئىككى ۋاقىت بار: بۇ ۋاقىتتا پەرز، ۋاجىپ، جىنازا ۋە قازا نامىزى ئوقۇغىلى بولىدۇ. تىلاۋەت سەجدىسى قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ۋاقىتتا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

1. **بامدات نامىزى ۋاقتىدا:** تاڭ ئاتقاندىن كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا شۇ كۈنكى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن باشقا ھەرقانداق نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر.
2. **ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن:** ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر.



# نامازلىرىم

چوڭ ئانىسىنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىغا كىردى:

- ئوغلۇم، مۇشۇ چاققىچە ناماز ئوقىمىغان بارمۇ؟

چوڭ ئانىسى يەتمىش ياشقا كىرگەن ئىدى. ئەمما ئەزان ئوقۇلغان هامان ئورنىدىن چاقچاپ تۇرۇپ، يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن تاهارەت ئېلىپ نامىزىنى ئوقۇيتتى. ئوغۇل بولسا، هەمىشە نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، نامازنى ۋاقتى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئاران-ئاران ئالدىراپ-سالدىراپ ئوقۇپ تۆگىتەتتى. خىيالدا بۇلارنى ئويلىغاچ ئورنىدىن تۇرۇپ، سائەتكە قارىدى. خۇپتەن نامىزى ۋاقتىغا يەنە 15 مىنۇت ۋاقت قالغان ئىدى.

پۇشايمان ئىلكىدە بېشىنى ئىككى تەرەپكە چايقىغاچ: «يەنە كېچىكتىم نامازغا» دېدى ئۆز ئۆزىگە. تېزلىكتە تاهارەت ئېلىپ، يۈز-كۆزىنى سۈرتمەيلا ئۆزىنى هوجرىسىغا ئاتتى. ئۆزىنى زورلاپ يۈرۈپ تېز-تېز نامىزىنى ئوقىدى. نامازدىن كېيىن تەسۋى سىيرىگەچ چوڭ ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدى.

- بۇ تۇرقۇمنى كۆرسە، ئاچچىق-چۇچۇك گەپ قىلاتتى ماڭا يەنە. ـ دېدى.

ئوغۇل چوڭ ئانىسىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. بۇ مۇبارەك موماي نامىزىنى شۇنچىلىك بېرىلىپ ئوقۇيتتىكى، ئوغۇل ئۇنىڭغا قاراپ هەيرانۇ-هەس بولۇپ قالاتتى. موماي نامازدا شۇنچىلىك ئىخلاس بىلەن تۇراتتىكى، ئاللاھتىن ئەيمىنىپ يۈزىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئوغۇل ئۆزىنى چوڭ ئانىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ هەقىقەتەن قاملاشمىغان بىر ئىش قىلغانلىقىنى هېس قىلىپ، كۆڭلى بىئارام بولدى. بۈگۈن ئاخشامغىچە قاتتىق هېرىپ كەتكەن ئىدى. خۇددى ئۈستىنى بىر تۈگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك ئېغىر ئىدى بەدىنى. دۇئا قىلغاندا بېشىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن تۇتۇپ سەجدىگە قويدى. نامازدىن كېيىن بىردەم مۇشۇنداق يېتىپ تەپەككۇر قىلىشنى ياقتۇراتتى. كۆزلىرى يۇمۇلدى.



- نېمانچە هېرىپ كەتكەندىمەن. ـ دېدى. مۈگدەك باستى شۇ ياتقانچە...

قىيامەت بولغان ئىدى.

مەهشەردە هەممە يەر ئىنتايىن قىستا-قىستاڭ ئىدى.

هەر تەرەپ ئادەملەر بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن ئىدى. بەزىلەر تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، جىمجىت هالدا ئەتراپقا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. بەزىلەر ئوڭ سول تەرەپكە چېپىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. بەزىلەر تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى ئالقىنى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ نېمىندۇر ساقلاۋاتاتتى.

يۈرىكى خۇددى كۆكرەك قەپىزىنى تېشىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تېز-تېز سوقۇشقا باشلىدى، چىپ-چىپ سوغۇق تەرلەر ئاقتى.

هايات ۋاقتىدا قىيامەت، مەهشەردىكى سوئال-سوراق ۋە تارازا هەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئۇقۇم، ئاتالغۇلار ئۇنىڭ دىققىتىنى بەك تارتمىغان ئىدى. مەهشەر مەيدانىدىكى بۇ تىترەش، قورقۇش ۋە ساقلاشنىڭ بۇنچىلىك دەهشەتلىك بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

سوئال-سوراق داۋاملىشىۋاتاتتى.

بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئىسمى چاقىرىلدى. هەيران بولۇپ ئوڭ-سولغا قارىدى.

- مېنىڭ ئىسمىمنى ئوقۇۋاتامسىلەر؟ - دېدى لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ.

قىستىلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر يول ئېچىلغان ئىدى.

ئىككى كىشى ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ مەهشەر كۈنىدىكى خىزمەتچى پەرىشتىلەر ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

قىستاڭچىلىقتىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تەمتىرىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. مەركىزىي بىر يەرگە كەلدى. پەرىشتىلەر ئىككى تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ بېشى يەرگە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

پۈتۈن ھاياتى بىر كىنوغا ئوخشاش ئۆتتى كۆز ئالدىدىن.

- كۆپ شۈكرى! ـ دېدى ئۆز ئۆزىگە ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- دۇنياغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچقاندىن باشلاپ، ھەر دائىم ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلغان ئىنسانلارنى كۆردۈم. دادام كىشىلەرگە تەبلىغ قىلاتتى. مال-دۇنياسىنى ئىسلام ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى. ئانام ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتەتتى، داستىخانلارنىڭ بىرىنى يىغىپ، يەنە بىرىنى ئاچاتتى. كۈنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتەتتى. مەنمۇ مۇشۇ يولدا ماڭدىم. ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىشقا تىرىشتىم. ئۇلارغا ئاللاھ ھەققىدە سۆزلىدىم. ناماز ئوقۇدۇم. روزا تۇتتۇم. پەرز قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلدىم. ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇردۇم.

كىرپىكلىرىدىن كۆز ياشلىرى تامچىلاشقا باشلىدى: «رەببىمنى ياخشى كۆرىمەن. ھېچ بولمىغاندىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن.» دېدى.

يەنە بىر تەرەپتىن «رەببىم ئۈچۈن قانچىلىك قىلسام ئاز، جەننەتكە كىرىشىمگە يەتمەسلىكى مۇمكىن.» دەپ ئويلاۋاتاتتى.

بىردىنبىر سېغىنىدىغىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىدى.

ھېساب خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى.

چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن ئىدى. قەددى پۈكۈلۈپ، لاغىلداپ دىر-دىر تىترەۋاتاتتى.

كۆزلىرى تارازىغا تىكىلگەن بولۇپ، ئەمەللەر تارتىلغاندىن كېيىنكى نەتىجىنى ساقلاۋاتاتتى. ئاخىرىدا بىر ھۆكۈم چىقاتتى.

مەسئۇل پەرىشتىلەر قولىدا بىر قەغەزنى تۇتۇپ، مەھشەر مەيدانىدا يىغلىپ تۇرغان خالايىق تەرەپكە كەلدى.

ئالدى بىلەن ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ئوقىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئوغۇلنىڭ پۇتلىرى يەردە تۇرالماي قالدى، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ھاياجاندا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ھۆكۈمنى ئاڭلاش تەقەززالىقىدا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇردى.



مەھشەردىكى قىستا-قىستاڭ خالايىق «ئاھ!» دېدى.

ئوغۇلنىڭ قۇلىقى خاتا ئاڭلاۋاتامدۇ-يا؟!

ئۇنىڭ ئىسمى جەھەننەمگە كىرىدىغانلارنىڭ قاتارىدا ئىدى.

تىزىنىڭ ئۇستىدە يىغلىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالغان ئىدى. «بۇ مۇمكىن ئەمەس!!!» دەپ ۋاقىرىدى. ئوڭ سول تەرەپكە تىپىرلىدى.

- مەن قانداقسىگە جەھەننەمگە كىرەي؟ ھاياتىم بويىچە خىزمەت ئەھلى بىلەن بىر سەپتە تۇردۇم. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىدىم. ھەر دائىم رەببىمنىڭ ئىسمىنى سۆزلىدىم. — دەيتتى.

كۆزلىرى چەكچىيىپ، لاغىلداپ تىترەپ بەدىنىدىن تەر قۇيۇلاتتى.

مەسئۇل ئىككى پەرىشتە ئۇنى بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى قىستاڭچىلىقتىن ئۆتۈپ، ئوت يالقۇنى ئېگىزگە ئۆرلەپ تۇرغان جەھەننەمگە ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ قاتتىق تىپىرلايتتى.

ئەجىبا مەدەت يوقمۇ؟

ياردەم قىلغۇدەك بىرەيلەن چىقماسمۇ؟!

يالۋۇرۇش ئارىلاش تەلەپپۇزدا كەكەچلەپ ئاغزىنى ئاچتى:

- خىزمەتلىرىم... تۇتقان روزىلىرىم... ئوقۇغان قۇرئانلىرىم... نامىزىم... ھېچقايسىسى مېنى قۇتۇلدۇرالماسمۇ؟ - دەيتتى.

جان-جەھلى بىلەن توۋلاپ يالۋۇراتتى.

جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇنى سۆرەپ مېڭىۋەردى. جەھەننەمنىڭ ئوتلىرىغا يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى. بېشىنى بۇراپ ئارقىغا قارىدى. ئاخىرقى قېتىم تىپىرلاۋاتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئېقىپ تۇرغان دەريا سۈيىدە كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنغان ئىنسان قانداق پاكىزلانغان بولسا، كۈندە ئوقۇلغان بەش ۋاخ نامازمۇ ئىنساننى گۇناھلىرىدىن شۇنداق پاكلايدۇ.» دېگەن ئىدى.

- مېنىڭ نامازلىرىم ئەمدى مېنى قۇتقۇزماسمۇ؟ - دەپ ئويلاۋاتاتتى.

- نامازلىرىم... نامازلىرىم...نامازلىرىم، - دەپ ۋاقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

مەسئۇل پەرىشتىلەر توختىمىدى. مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. جەھەننەمنىڭ بېشىغا كەلدى. جەھەننەم ئوتىنىڭ ھارارىتى يۈزىنى كۆيدۈردى. ئاخىرقى بىر قېتىم ئارقىغا قارىدى. يىغلاپ كۆز ياشلىرى قالمىغان ئىدى. ئۈمىدىمۇ قالمىدى. بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئىككى پۇتكىنىپ قالدى.

بىلىكىدىن چىڭ تۇتقانلار ئۇنى قويىۋەتتى. جەھەننەم پەرىشتىلىرىدىن بىرى ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. ۋۇجۇدى ھاۋادا لەيلەپ جەھەننەم ئوتىغا چۈشۈۋاتاتتى. دەل بىر ئىككى مېتىر چۈشۈپ بولغاندا، بىر قول ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.

بېشىنى كۆتىرىپ، يۇقىرىغا قارىدى.

ئۇزۇن، ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇنى جەھەننەمگە چۈشۈشتىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. بوۋاي ئۇنى ئۇستىگە تارتتى. ئۇ ئۇستىدىكى چاڭ-تۇزاڭلارنى قېقىشتۇرغاچ بوۋاينىڭ يۈزىگە قارىدى:

- سىز كىم؟ - دېدى. بوۋاي كۈلۈمسىرەپ:

- مەن سېنىڭ نامازلىرىڭ. — دېدى.

- نېمىشقا بۇنچىلىك كېچىكىپ كەلدىڭىز؟ ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئاران ئۈلگۈردىڭىز. تۇلا ئويلاپ كەتكەن ئىدىم سىزنى. — دېدى. بوۋاي كۈلۈمسىرەپ بېشىنى چايقىدى:



- سەن ھەممىشە مېنى ئاخىرقى ۋاقىتلارغا ئاران يېتىشتۈرەتتىڭ. ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟ - دېدى.

ئوغۇل سەجدىدىن بېشىنى كۆتەردى. بەدىنىدىن چىلىق-چىلىق تەر ئېقىپ تۇراتتى.

سىرتتىكى ئاۋازغا قۇلاق سالدى.

خۇپتەن نامىزىغا ئەزان ئوقۇلۇۋاتاتتى.

ئوقتەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىشقا ماڭدى، خۇپتەن نامىزى ئۈچۈن.

-ئابدۇللاھ دەمىر

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئاللاھتائالاغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ئىتائەتنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن «ناماز كۆزۈمنىڭ نۇرى» دەپ ئاتىغان ۋە نامازنى ۋاقتىدا تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ناماز ۋاقتى كىرىشى بىلەنلا ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى، نامازنى كېچىكتۈرۈشنى ياقتۇرمايتتى. **«نامازنىڭ دەسلەپكى ۋاقتلىرىدا ئاللاھنىڭ رىزاسى، ئاخىرقى ۋاقتلىرىدا ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى بار»** دېگەن ئىدى. (تىرمىزى: «سالات»، 13) بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ نامازنى ۋاقتى كىرىشى بىلەنلا ئوقۇغان بەندىلەردىن رازى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، نامازغا سەل قاراپ ئاخىرقى ۋاقتىدا ئوقۇغانلارنى ئاللاھنىڭ يەنىلا مېھرى-شەپقىتى بىلەن ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ۋاقتى كىرىشى بىلەنلا ھەممە ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، ئاللاھقا يۈزلىنەتتى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازغا تۇرۇشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

**«رەسۇلۇللاھ بىز بىلەن پاراڭلىشاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتۇق. ئەمما ناماز ۋاقتى كىرىشى بىلەنلا ئۇ خۇددى بىزنى تونىمايدىغاندەك بىر ھالەتكە كېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنەتتى...»** («فەزائىلى ئەئمال»، 303)

پەرز نامازلاردىن سىرت ۋاقىت تاپسىلا نەپلە ناماز ئوقۇيتتى. بىر ئىش تۈپەيلى خۇشال بولسا، شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن نامازغا تۇراتتى. بىر ئىش تۈپەيلى كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، يەنە نامازغا تۇراتتى.

بىر قېتىم پۈتى ئىششىپ كەتكۈچە ناماز ئوقۇغان ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭغا: «ئى رەسۇلەللاھ! سىزنىڭ ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا، نېمە قىلىسىز ئۆزىڭىزنى بۇنچە ھارغۇزۇپ؟!» دېگەندە، **«ئەي ئائىشە! ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدىغان بىر بەندە بولمايمەنمۇ؟»** دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغان چاغدىمۇ نامازنى تاشلىمىغان ئىدى. كېسىلى ئېغىرلىشىپ، بەدىنى ئاجىزلىشىپ قالغان بولسىمۇ، پېشىن ۋە ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا ئىككى كىشىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ مەسجىدكە كېلىپ، جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان ئىدى. ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۈممىتىگە ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى تەكرار تەكىتلەپ، مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى: **«نامازنى ھەرگىز تاشلىماڭلار! نامازنى ھەرگىز تاشلىماڭلار! مالاي-چۆرىلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار!»** (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 123، 124)

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن! بىز سەندىن رىزىق تەلەپ قىلمايمىز، بىز ساڭا رىزىق بېرىمىز. ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.»

(تاھا سۈرىسى 132-ئايەت)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«نامازغا تۇرغاندا خۇددى ھاياتىڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى نامىزىڭنى ئوقۇۋاتقاندەك دىققەت بىلەن ئوقۇ! كېيىن سېنى پۇشايمانغا قويىدىغان گەپنى قىلما!»

(ئىبنى ماجە: «زۇھد»، 15)



ھاياتىنى ئىسلامنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە تەبلىغ قىلىش ۋە ساھابىلىرىنى ئىلاھىي تەربىيە بىلەن يېتىشتۈرۈشكە بېغىشلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزۇر مەنبەسى نامازنى ھەممە كىشىنىڭ ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ئوقۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. مۇئتە ئۇرۇشىغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە يولغا چىقىش ئالدىدا پەيغەمبىرىمىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مەن يادلىۋالىدىغان ۋە ئېسىمدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان بىر ئىشنى تەۋسىيە قىل!- دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- سەن ئەتە ئادەملىرى ئاللاھقا بەك ئاز سەجدە قىلىدىغان بىر دۆلەتكە بارىسەن. ئۇ يەردە كۆپ سەجدە قىل! كۆپ ناماز ئوقۇ! – دېدى. («ۋاقىدى»، 2-جىلد، 758)

# جامى ۋە مەسجىدلەر

## مەسجىد ۋە جامى دېگەن نېمە؟

«سەجدە قىلىنىدىغان يەر» مەنىسىدىكى مەسجىدلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان مۇقەددەس ماكانلاردۇر. تۈركىيەدە ئادەتتە بىر قەدەر ئاز كىشىنى سىغدۇرالايدىغان كىچىكرەك ماكان «مەسجىد»؛ بىر قەدەر كۆپ كىشىنى سىغدۇرالايدىغان مۇستەقىل ۋە چوڭ بىنالار «جامى» دېيىلىدۇ. باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدە «جامى» ۋە «مەسجىد» كەلىمىسى ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسجىد ۋە جامىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىدىغان يەر مەنىسىدە «ئىبادەتخانا» (مابەد) دېمۇ ئاتىلىدۇ.

دىنىمىزدە ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ماكانىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. ھەر يەردە ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىكى جامىلەر ۋە ئۇنىڭ ئېگىز قوببىسى (مۇنارى) شۇ رايوننىڭ مۇسۇلمانلارغا ئائىت ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جامى ۋە مەسجىدلەردە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇش ۋە كوللىكتىپ ئىبادەت قىلىش يالغۇز ئىبادەت قىلىشقا قارىغاندا ئېخىمۇ ئەۋزەل ۋە كۆپ ساۋابتۇر. جامىلەر بىزنىڭ كۆندە بەش قېتىم ئۆزئارا كۆرۈشىدىغان ۋە ھەر جۈمە كۈنى مۇتلەق ھالدا بىر يەرگە يىغىلىدىغان مۇقەددەس ماكانىمىزدۇر.

## ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەتخانا نەدە؟

قۇرئانى-كەرىمدە ئاللاھقا ئىبادەت ئۈچۈن بىنا قىلىنغان تۇنجى يەرنىڭ كەبە ئىكەنلىگى بىلدۈرۈلگەن. ئىسلام تارىخى كىتابلىرىدا كەبىنىڭ ئۇلىنى تۇنجى قېتىم سالغان كىشىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىگى نەقىل قىلىنغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممۇ شۇ ئۇلنىڭ ئۈستىگە كەبىنى يېڭىۋاشتىن بىنا قىلغان. يەر يۈزىدە ئىككىنچى قېتىم بىنا قىلىنغان مەسجىد بولسا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇددۇستا بىنا قىلغان مەسجىدى ئەقسا (ئەقسا مەسجىدى)دۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامى سالدۇرغانمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چاغلىرىدا مەسجىد سۈپىتىدە كەبىدە ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى. مۇشرىكلار جەۋرى-زۇلۇمنى كۈچەيتكەن ۋاقىتلاردا «دارۇل ئەرقام» دەپ ئاتالغان يەردە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇپ، ئىسلام دىنىنى ئۆگىنەتتى. ئۇ زامانلاردا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئوخشاش ئۆيلىرىنى مەسجىد قىلغان ساھابىلەرمۇ بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا «قۇبا» دېگەن يەردە بىر مەسجىد سېلىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇستى ئۇچۇق ھالدا كىچىك بىر مەسجىد سېلىندى. مەدىنىگە كەلگەندە قىلغان تۇنجى ئىشىمۇ سېتىۋېلىنغان بوش يەرگە پەيغەمبەر مەسجىدى دەپ ئاتالغان «مەسجىدى نەبەۋى»نى بىنا قىلىش بولدى. بۇ مەسجىدنى سېلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىۋاستە قول تىقىپ ئىشلەپ، مۆرىسىدە خىش (كېسەك) توشىغان ئىدى. كۈنىمىزدە مەدىنە-مۇنەۋۋەر شەھىرىدىكى مەسجىدى نەبەۋى ئۇشبۇ مۇقەددەس مەسجىدنىڭ كېڭەيتىلگەندىن كېيىنكى كۆرۈنىشىدۇر.

## جامى ۋە مەسجىدلەر نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟

بىر يەردە جامى ياكى مەسجىدنىڭ بارلىقى شۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتىدۇر. مەسجىدلەر ئاللاھقا ئاتالغان يەرلەردۇر. بۇ يەرگە كىرگەن كىشىلەر ھۇزۇرغا ئېرىشىدۇ ۋە خاتىرجەم ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ. ئىلىم ئۆگىنىدۇ ۋە بىر بىرى بىلەن تونۇشىدۇ. ھېچكىم مەسجىد ۋە جامىلەرنى شەخسىي مۈلكى قىلىپ ئىگەللىۋالالمايدۇ. بۇنداق قىلىش چوڭ گۇناھتۇر. بۇنداق قىلغان ئىنسانلار ۋە جامىلەردە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زالىملاردۇر. مەسجىدلەر تەۋھىد ئېتىقادىنىڭ سىمۋولى ۋە كەبەئى-مۇئەززەم (ئۇلۇغ كەبە)نىڭ يەر يۈزىدىكى شۆبىلىرىدۇر. بۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمانلار بارغانلىكى يەرلەر ۋە فەتىھ قىلغان يېڭى دۆلەتلەردە ئېھتىياجقا



ئاساسەن چوڭ-كىچىك، ئاددى-ساددا ياكى كۆركەم، ھەيۋەتلىك جامىلەرنى بىنا قىلغان.

## جامىلەردە پەقەتلا ناماز ئوقۇلامدۇ؟

جامىلەر پەقەتلا ناماز ئوقۇلىدىغان ماكانلار ئەمەس. تارىختىن بۇيان جامىلەر بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ مەركىزى بولغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا تۇنجى قېتىم بىنا قىلىنغان مەسجىدنىڭ يېنىدىلا «سۇففە» ئىسىمدا بىر مەكتەپ ئېچىلغان ۋە ئىلىم مەركىزى بولغان. «سۇففە»نىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى پەيغەمبىرىمىز ئىدى. مەسجىدى نەبەۋى مۇسۇلمانلار بىر يەرگە يىغىلىدىغان، ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتلىرىنى ئاڭلايدىغان، مەسىلىلىرىنى سۆزلىشىپ ھەل قىلىش چارىسىنى مەسلىھەتلىشىدىغان، چەتئەللىك ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان بىر مەركەز بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن كېيىنكى ئەسىرلەردە بىنا قىلىنغان چوڭ جامىلەرنىڭ يېنىدا مەدرىسلەر (مەكتەپلەر، ئالىي مەكتەپلەر)، نامرات يوقسۇللارغا تاماق بېرىدىغان ئۆيلەر، كىتابخانىلار، دوختۇرخانىلار، ھامماملار (مونچىلار) قاتارلىق جەمئىيەتتىكى خەلقنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىغا كېرەكلىك مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنغان ئىدى. جامىلەر ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە ئىلغارلىقنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى ۋە تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان ماكانلار بولغان ئىدى.

## جامەدە قانداق خىزمەتچىلەر بار؟

**ئىمام:** «باشلامچى، يولباشچى، رەھبەر ۋە دۆلەت باشلىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىمام كەلىمىسى ناماز ئوقۇتىدىغان ۋە جامائەتكە دىنىي جەھەتتە رەھبەرلىك قىلىدىغان كىشىگە بېرىلگەن ئىسىمدۇر. جامى ئىمامى پەقەتلا ناماز ئوقۇتۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان يەردە بىلىمى ۋە ئەخلاقى بىلەن ئىنسانلارغا باشلامچى بولىدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە مەسئۇل بولىدىغان كىشىدۇر.

**مۇئەززىن:** ناماز ۋاقتى كەلگەندە ئەزان ئوقۇيدىغان ۋە جامى ئىچىدە مۇئەززىنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىدىغان كىشىدۇر. ئىمام يوق چاغلاردا ئىمامغا ۋاكالىتەن ناماز ئوقۇتىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنى مەنىۋى جەھەتتە تەربىيىلەشكە ئىمام بىلەن بىرلىكتە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ.

**خاتىب:** جۈمە، ھېيت نامىزى، رامىزان ۋە ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنلىرىدە نامازدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن خەلققە تەبلىغ، نەسىھەت قىلغۇچى كىشىدۇر. خەتىبلەر خەلققە خىتاب قىلىدۇ، تەبلىغ قىلىدۇ، ئىلىم ئۆگىتىدۇ. جامەگە كەلگەن مۇسۇلمانلارنى دىنىي جەھەتتە تەربىيىلەيدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەربىيىلەشتە خەتىبلەرنىڭ رولى چوڭدۇر.

**قەييۇم:** ئادەتتە چوڭ جامەلەردە بار. جامەلەرنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك بولۇشىغا مەسئۇل خىزمەتچىلەر.

## جامەدىكى ئاساسلىق قىسىملار قايسىلار؟

**مېھراب:** جامەدە ئىمام جامائەتكە ناماز ئوقۇتقاندا جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان يەر.

**مۇنبەر:** جۈمە ۋە ھېيت كۈنى خۇتبە ئوقۇلىدىغان يەر. قىبلىگە ئالدىمىزنى قىلغاندا مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ. خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن پەشتاق بىلەن چىقىلىدۇ.

**كۇرسى:** (ئورۇندۇق دېگەن مەنىدە) جامى ئىمامى ياكى خەتىبىنىڭ جامائەتكە تەبلىغ قىلغاندا تۇرىدىغان يېرى.

**مۇئەززىن ماھفىلى:** مۇئەززىنلەر ناماز ئوقۇيدىغان ۋە قامەت (قەد قامەتىسسالاھ...) ئوقۇيدىغان يەردۇر. مۇئەززىن ماھفىلى بارلىق جامەلەرنىڭ ھەممىسىدە بولىۋەرمەيدۇ. ئادەتتە چوڭ جامەلەردە بولىدۇ.


مېھراب


مۇنبەر


كۇرسى


مۇئەززىن ماھفىلى

# سوئاللار

## 1. ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. توغرا بولسا «**توغرا**»، خاتا بولسا «**خاتا**» دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە ئىشارەت قىلىڭ.

- بەش ۋاخ ناماز مىراج كېچىسىدە پەرز قىلىنغان. توغرا ☐ خاتا ☐
- بامدات نامىزى 8 رەكئەت بولۇپ، 4 سۈننەت؛ 4 پەرز. توغرا ☐ خاتا ☐
- پېشىن نامىزى 10 رەكئەت بولۇپ، 2 سۈننەت، 4 پەرز، 4 ئاخىرقى سۈننەت. توغرا ☐ خاتا ☐
- خۇپتەن نامىزى 10 رەكئەت بولۇپ، 4 سۈننەت، 4 پەرز، 2 ئاخىرقى سۈننەت. توغرا ☐ خاتا ☐
- ۋىتىر نامىزى ئوقۇش پەرزدۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- ھېيت نامىزى ئوقۇش ۋاجىپتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- بەدەن، كىيىم-كېچەك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان يەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلاش «ھادەستىن تاھارەت» دەپ ئاتىلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐ توغرا ☐ خاتا ☐
- ۋىتىر نامىزى نامازشامدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغاندا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشقا ئايرىم نىيەت قىلىنىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- نامازغا باشلىغاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىش «ئىفتىتاھ تەكبىرى» دېيىلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐

## 2. ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. توغرا بولسا «**توغرا**»، خاتا بولسا «**خاتا**» دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە ئىشارەت قىلىڭ.

- ناماز ۋاقىتلىرىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان چاقىرىق «قامەت» دەپ ئاتىلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
- «دۇئايى قۇنۇت»نى پېشىن نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە ئوقۇيمىز. توغرا ☐ خاتا ☐
- نامازغا نىيەت قىلىش سۈننەتتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
- ئىفتىتاھ (نامازغا باشلاش) تەكبىرىنى ئېيتىش پەرزدۇر. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ دەسلەپكى تەكبىردىن كېيىن «سۇبھانەكە» دۇئاسىنى ئوقۇش پەرزدۇر. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ سەجدە قىلىش سۈننەتتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ نامازدا سەھۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ سالسا، سەھۋى سەجدىسى قىلىش ۋاجىپتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ چوڭ-كىچىك تەرەتنى قىستاپ قالغان ھالدا ناماز ئوقۇش ھارامدۇر. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ نامازدا بىر نەرسە يەپ-ئىچىش مەكرۇھتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ ناماز ئوقۇۋاتقاندا كۆكسىمىزنى قىبلىدىن باشقا بىر تەرەپكە قاراتساق، ناماز بۇزۇلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐

## 3. ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. توغرا بولسا «**توغرا**»، خاتا بولسا «**خاتا**» دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە ئىشارەت قىلىڭ.

❋ جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى خۇتبە ئوقۇش كېرەك. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ يىلدا ئىككى ھېيتىمىز بار: قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان تەكبىر «تەشرىق تەكبىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ سەپەرگە چىققاندا 3 رەكئەتلىك پەرز نامازنى قىسقارتىپ 2 رەكئەت قىلىپ ئوقۇيمىز. توغرا ☐ خاتا ☐

❋ كۈن چىقىۋاتقان، كۈن تىكلەشكەن ۋە كۈن پېتىۋاتقاندا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐

## 1. ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. ناماز ئوقۇش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەردىن قايسىلىرىغا ئېرىشەلەيمىز؟

I. ناماز ئاللاھنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئەسلىشىمىزگە ياردەم قىلىدۇ.

II. ناماز بىزگە ئاخىرەت ۋە ھېساب كۈنىنى خاتىرلىتىدۇ.

III. ناماز ئوقۇش بىلەن تەنھەرىكەت قىلغان بولىمىز.

IV. ناماز بىزنى گۇناھلاردىن تازىلايدۇ.

ئا. I-II-III

ب. I-II-IV

ت. II-III-IV

پ. I-III-IV

2. بەش ۋاخ ناماز قايسى كېچىدە پەرز قىلىنغان؟

ئا. مىراج كېچىسى

ب. قەدىر كېچىسى

ت. مەۋلۇت كېچىسى

پ. بارائەت كېچىسى

3. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى نامازنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك ئەمەس؟

ئا. ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش

ب. ئىشچان بولۇش

ت. بالاغەتكە يېتىش

پ. مۇسۇلمان بولۇش

4. تۆۋەندىكى نامازلاردىن قايسىسى ۋاجىپتۇر؟

ئا. پېشىن نامىزى

ب. ۋىتىر نامىزى

ت. ناماز شام

پ. جۈمە نامىزى

5. تۆۋەندىكى نامازلاردىن قايسىسى سۈننەتتۇر؟

ئا. ھېيت نامىزى

ب. ۋىتىر نامىزى

ت. تىراۋۇ (تەراۋىھ) نامىزى

پ. جىنازا (مېيىت) نامىزى

6. تۆۋەندىكى نامازلاردىن قايسىسى پەرزدۇر؟

ئا. ھېيت نامىزى

ب. جىنازا نامىزى

ت. ۋىتىر نامىزى

پ. تەھەججۇد نامىزى

7. ئالدى بىلەن پەرزى ئوقۇلىدىغان ناماز تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟

ئا. پېشىن

ب. بامدات

ت. ناماز شام

پ. خۇپتەن

8. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى نامازنىڭ سىرتىدىكى پەرز ئەمەس؟

ئا. سەترى-ئەۋرەت

ب. ۋاقىت

ت. نىيەت

پ. قىيام (نامازدا ئۆرە تۇرۇش)

9. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى نامازنىڭ ئىچىدىكى پەرز ئەمەس؟

ئا. قىيام

ب. سالام بېرىش

ت. قىرائەت

پ. رۇكۇ

10. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى نامازنىڭ ئىچىدىكى پەرز؟

ئا. ھادەستىن تاھارەت (مەنىۋى پاكىزلىنىش)

ب. نىجاسەتتىن تاھارەت

ت. سەترى-ئەۋرەت

پ. سەجدە

11. ناماز ۋاقىتلىرىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان چاقىرىقنىڭ ئىسمى نىمە؟

ئا. ئەزان

ب. قامەت

ت. سالات

پ. تەكبىر

12. تۆۋەندىكى سۈننەت نامازلاردىن قايسىسى 4 رەكئەت ئەمەس؟

ئا. پېشىن نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتى

ب. ئەسىر نامىزىنىڭ سۈننىتى

ت. ناماز شامنىڭ سۈننىتى

پ. خۇپتەن نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتى

13. تۆۋەندىكى سۈننەت نامازلاردىن قايسىسى 2 رەكئەت ئەمەس؟

ئا. پېشىن نامىزىنىڭ دەسلەپكى سۈننىتى

ب. پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتى

ت. نامازشامنىڭ سۈننىتى

پ. خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتى

14. تۆۋەندىكى پەرز نامازلاردىن قايسىسى 4 رەكئەت ئەمەس؟

ئا. پېشىن نامىزىنىڭ پەرزى

ب. ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزى

ت. نامازشامنىڭ پەرزى

پ. خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزى

15. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى نامازنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرى؟

ئا. سۇبھانەكە ئوقۇش

ب. «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېيىش

ت. فاتىھە ئوقۇش

پ. «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېيىش

## 2. ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. نامازدىكى ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا تۆۋەندىكى دۇئالاردىن قايسىسى ئوقۇلمايدۇ؟

ئا. ئەتتەھىييات

ب. ئاللاھۇممە رەببەنا

ت. ئاللاھۇممە سەللى ئەلا، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا

پ. دۇئايى قۇنۇت

2. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى نامازنىڭ مەكرۇھلىرىدىن بىرى ئەمەس؟

ئا. ناماز ئەسناسىدا بەدەن ۋە كىيىمنى بىكاردىن بىكار تۇتۇپ ئويناش

ب. رۇكۇ ۋە سەجدىدىكى تەسبىھلەرنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇش

ت. چوڭ-كىچىك تەرىتى قىستاپ تۇرغان ھالەتتە ناماز ئوقۇش

پ. ئادەمنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش

3. تۆۋەندىكى نامازلاردىن قايسىسىنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش شەرت؟

ئا. جۈمە نامىزى

ب. پېشىن نامىزى

ت. ئەسىر نامىزى

پ. ناماز شام

4. ۋاقتىدا ئوقۇيالماي قالغان نامازنى كېيىن تولۇقلاپ ئوقۇش نېمە دېيىلىدۇ؟

ئا. قۇشلۇق (چاشگاھ) نامىزى

ب. قازا نامىزى

ت. كېسەل نامىزى

پ. تەھىييەتۇل-مەسجىد نامىزى

5. تىراۋۇ (تەراۋىھ) نامىزى قايسى ئايدا ئوقۇلىدۇ؟

ئا. رەجەپ ئېيى

ب. شەئبان ئېيى

ت. رامىزان ئېيى

پ. مۇھەررەم ئېيى

6. تۆۋەندىكى نامازلاردىن قايسىسىدا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىنمايدۇ؟

ئا. جىنازا نامىزى

ب. انامىزى

ت. جۈمە نامىزى

پ. ھېيت نامىزى

7. مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى قەيەر ۋە نەدە؟

ئا. كەبە-مەككە

ب. كەبە-مەدىنە

ت. مەسجىدى ئەقسا-قۇددۇس

پ. راۋزا-مەدىنە

8. قامەت قاچان ئوقۇلىدۇ؟

ئا. نامازنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى

ب. ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى

ت. جىنازا نامىزىدىن ئىلگىرى

پ. ۋىتىر نامىزىدىن ئىلگىرى

9. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى نامازنى بۇزمايدۇ؟

ئا. گەپ قىلىش

ب. ئەسنەش

ت. بىرەر نەرسە يەپ ئىچىش

پ. ئۆزى ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە كۈلۈش

10. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پېشىن نامىزى؟

ئا. 10 رەكئەت = 2 دەسلەپكى سۈننەت + 4 پەرز + 4 ئاخىرقى سۈننەت

ب. 10 رەكئەت = 4 دەسلەپكى سۈننەت + 4 پەرز + 2 ئاخىرقى سۈننەت

ت. 10 رەكئەت = 4 دەسلەپكى سۈننەت + 2 پەرز + 4 ئاخىرقى سۈننەت

پ. 8 رەكئەت = 4 دەسلەپكى سۈننەت + 4 پەرز

## 3. ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. پەرزى ئىككى رەكئەتتۇر. پەرزدىن ئىلگىرى خۇتبە ئوقۇلىدۇ. جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلىدۇ. يالغۇز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئەر كىشىلەرگىلا پەرزدۇر.
يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىلەردىن قايسى نامازغا ئائىتتۇر؟

ئا. ھېيت نامىزى
ب. بامدات نامىزى
ت. جىنازا نامىزى
پ. جۈمە نامىزى

2. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ھەم نامازنى ھەمدە تاھارەتنى بۇزىدۇ؟

ئا. نامازدا بەدىنىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە ئۆرۈش
ب. نامازدا بىرەر نەرسە يېيىش
ت. نامازدا گەپ قىلىش
پ. نامازدا يېنىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە كۈلۈش

3. ئەر كىشىلەر يۈگەشكە تېگىشلىك يەرلەر قايسى؟

ئا. مۆرە بىلەن پۇت ئارىسىدىكى يەر
ب. كىندىك بىلەن تىز ئارىلىقىدىكى يەر
ت. كىندىك بىلەن پۇت ئارىسىدىكى يەر
پ. مۆرە بىلەن تىز ئارىسىدىكى يەر

4. ئاياللار يۈگەشكە تېگىشلىك يەرلەر قايسى؟

ئا. يۈز، قول-پۇتتىن باشقا ھەممە يەر
ب. بېشىدىن باشقا ھەممە يېرى
ت. مۆرە بىلەن پۇتنىڭ ئارىسىدىكى يەر
پ. مۆرە بىلەن تىزنىڭ ئارىسىدىكى يەر

5. «دۇئايى-قۇنۇت» قايسى نامازدا ئوقۇلىدۇ؟

ئا. جۈمە نامىزى
ب. تەراۋىھ نامىزى
ت. ۋىتىر نامىزى
پ. جىنازا نامىزى

6. جۈمە نامىزى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئا. ۋاجىپ
ب. پەرزى-ئەيىن
ت. پەرزى-كۇپايە
پ. سۈننەت

7.تەراۋىھ نامىزى قانچە رەكئەت؟

ئا. 18
ب. 10
ت. 20
پ. 13

8. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ھېيت نامىزى ئۈچۈن توغرا ئەمەس؟

ئا. جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلىدۇ، قازاسى يوق.
ب. يىلدا ئىككى قېتىم ئوقۇلىدۇ.
ت. رۇكۇ ۋە سەجدە بولمىغان بىر نامازدۇر.
پ. خۇتبە ئوقۇلىدۇ.

9. جۈمە ۋە ھېيت نامىزىدا خۇتبە ئوقۇلىدىغان يەر نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟

ئا. مۇنبەر
ب. مېھراب
ت. شەرەفە
پ. كۇرسى

10. تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنىڭ ئىككى رەكئەت بولۇپ قىسقارتىلىشى ئۈچۈن سەپەر جەريانىدىكى مۇساپە ئەڭ ئاز قانچە كىلومېتىر بولىشى كېرەك؟

ئا. 9 كىلومېتىر
ب. 90 كىلومېتىر
ت. 190 كىلومېتىر
پ. 900 كىلومېتىر

**1. تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(قىرائەت، تەھەججۇد، سەجدە، ئىستىقبالى قىبلە (قىبلىگە ئالدىنى قىلىش)، سەترى-ئەۋرەت)**

- كېچە ئوقۇلىدىغان نەپلە ناماز ............ نامىزى دېيىلىدۇ.
- نامازدا بەدىنىنىڭ تېگىشلىك يەرلىرىنىڭ يۆگىلىشى .................. دەپ ئاتىلىدۇ.
- ناماز ئوقۇشقا باشلىغاندا كەبە تەرەپكە ئالدىنى قىلىش .................. دەپ ئاتىلىدۇ.
- نامازدا قىيامدا (ئۆرە) تۇرغاندا ئەڭ ئاز ئۈچ ئايەت ئۇزۇنلىقىدا قۇرئانى-كەرىم ئوقۇش ......... دەپ ئاتىلىدۇ.
- رۇكۇدىن كېيىن پىشانە، بۇرۇن، قول، پۇت ۋە تىزنى بىرلىكتە يەرگە قويۇش ......... دەپ ئاتىلىدۇ.

**2. تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**
**(تەشرىق، ئۇلۇغ، تىلاۋەت، گۇناھتۇر، خۇتبە، سەھۋى، ئىما-ئىشارەت، كۇپايىدۇر.)**

- جامىلەرگە تاھارەت بىلەن ......... پۇتىمىزدا دەسسەپ كىرىشىمىز لازىم.
- جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى ............. ئوقۇش لازىم.
- قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان تەكبىر ....... تەكبىرى دېيىلىدۇ.
- جىنازا (مېيىت) نامىزى ئوقۇش پەرزى .........
- ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان بىمارلار يېتىپ تۇرۇپ ............ بىلەن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.
- سەۋەبسىز ھالدا نامىزنى قازا قىلىش چوڭ ........... .
- نامازنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئادا قىلالماي قالساق، ........ سەجدىسى قىلىشىمىز كېرەك.
- قۇرئانى-كەرىمدىكى سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا قىلىدىغان سەجدە «........... سەجدىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

# جاۋابلار

## ئىبادەت

**ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (19-بەتتە)**

1-توغرا 2-خاتا 3-خاتا 4-توغرا 5-توغرا

**ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (19-بەتتە)**

1-پ 2-ب 3-ت 4-پ 5-ت

**بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش (20-بەتتە)**

1-ئىبادىتىم 2-ئىبادەتتۇر. 3-ئىش-ھەرىكەت 4-ئاللاھ 5-شۈكۈر قىلىش

## بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتى

**ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (29-بەتتە)**

1-توغرا 2-خاتا 3-توغرا 4-توغرا 5-توغرا

**ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (29-بەتتە)**

1-ب 2-ئا 3-ئا 4-ت 5-ب

**بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش (30-بەتتە)**

1-مۇكەللەف 2-پەرز 3-پەرزى ئەيىن 4-پەرزى كۇپايە 5-ۋاجىپ 6-سۈننەتى مۇئەككەدە
7-مۇستەھەب 8-مۇباھ 9-ھارام 10-مەكرۇھ

## پاكىزلىق

**ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (43-بەتتە)**

1-توغرا 2-خاتا 3-توغرا 4-خاتا 5-توغرا

**ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (43-بەتتە)**

1-ئا 2-ئا 3-ت 4-پ 5-ئا

**بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش (44-بەتتە)**

1-يېرىمىدۇر. 2-پاكىز 3-پاكىزلانغانلارنى 4-نىجاسەت 5-ھادەستىن

## تاھارەت

**ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (68-بەتتە)**

1-توغرا 2-خاتا 3-توغرا 4-خاتا 5-توغرا

**ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (68-بەتتە)**

1-ت 2-پ 3-ت 4-ب 5-پ

**بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش (69-بەتتە)**

1-ئۈچ قېتىم 2-سۈننەتتۇر. 3-مىسۋاك 4-مەكرۇھتۇر. 5-پەرزدۇر.

**غۇسۇل ۋە تەيەممۇم**

**ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (69-بەتتە)**

1-توغرا 2-توغرا 3-خاتا 4-خاتا 5-خاتا

**ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (70-بەتتە)**

1-ب 2-ئا 3-پ 4-ت 5-ئا

**بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش (70-بەتتە)**

1-ئاغزىمىزنى، بۇرنىمىزنى 2-پەرزدۇر. 3-سۈننەتتۇر. 4-مەكرۇھتۇر. 5-تەيەممۇم

**ناماز**

**1. ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (124-بەتتە)**

1-توغرا 2-خاتا 3-خاتا 4-توغرا 5-خاتا 6-توغرا 7-خاتا 8-خاتا 9-توغرا 10-توغرا

**2. ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (124-بەتتە)**

1-خاتا 2-خاتا 3-خاتا 4-توغرا 5-خاتا 6-خاتا 7-توغرا 8-خاتا 9-خاتا 10-توغرا

**3. ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (125-بەتتە)**

1-توغرا 2-توغرا 3-توغرا 4-خاتا 5-توغرا

**1. ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (126-بەتتە)**

1-ب 2-ئا 3-ب 4-ب 5-ت 6-ب 7-ت 8-پ 9-ب 10-پ 11-ئا 12-ت 13-ئا 14-ت 15-ت

**2. ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (127-بەتتە)**

1-پ 2-ب 3-ئا 4-ب 5-ت 6-ئا 7-ئا 8-ئا 9-ب 10-ب

**3. ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (129-بەتتە)**

1-پ 2-پ 3-ب 4-ئا 5-ت 6-ب 7-ت 8-ت 9-ئا 10-ب

**1. بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش (130-بەتتە)**

1-تەھەججۇد 2-سەترى ئەۋرەت 3-ئىستىقبالى قىبلە 4-قىرائەت 5-سەجدە

**2. بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش (130-بەتتە)**

1-ئوك 2-خۇتبە 3-تەشرىق 4-كۇپايىدۇر. 5-ئىما-ئىشارەت 6-گۇناھتۇر. 7-سەھۋى 8-تىلاۋەت




رەھمەت ۋە ئىبادەت ھاۋاسى

# رامىزان ۋە روزا

- رامىزان ئېيىنىڭ خاسىيىتى
- رامىزان ۋە روزىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار
- روزا ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز
- روزىنىڭ تۈرلىرى
- قازا ۋە كەففارەت روزىسى
- روزىنى سۇندۇرىدىغان ۋە سۇندۇرمايدىغان ئەھۋاللار
- روزا تۇتماسلىق مۇباھ بولىدىغان ئەھۋاللار
- ئاداق روزىسى
- فىدىيە ۋە پىتىر سەدىقىسى
- تىراۋۇ نامىزى، ئېتىكاپ، قەدىر كېچىسى ۋە ھېيت
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ھاياتى




# تۈنجى روزا

بەكرى بىلەن دادىسى چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن ئىدى. بازاردىن ئالغان ئىپتارلىق نەرسىلەرنى كۆتىرىپ بولالماي ھېرىپ كەتكەن ئىدى. يېڭى سېتىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىلىپ ئاشخانا ئۆيگە قويغاندىن كېيىن دادىسى سافاغا، بەكرى يەردىكى گىلەمگە ئۆزىنى ئاتتى. نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەتىگەن بارغان بازاردىن پىشىندىن كېيىن ئاران ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتقان ئىدى. بازاردىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان پوكەيلەردە توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. ئۈزۈم، ياڭاق، بادام، گۈلە-قاقتىن باشلاپ ماتاڭ، ھەسەل، سېرىق ماي، ھەرخىل پېچىنە-پىرەنىك، تاتلىق تۇرۇملار، مېۋە-چېۋىلەر، لەڭپۇڭ، راڭپىزىلار، ... قارىغان كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. بەكرى ھەممىدىن بەك شاكىلاتلارغا قىزىقتى ۋە ئىپتاردا يېيىش ئۈچۈن بىر نەچچە خىل شاكىلات ئالدى.

بەكرىنىڭ ئانىسى بىر قانچە كۈندىن بۇيان رامىزانغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. كىر-قاتلار يۇيۇلۇپ، ئۆيلەر پاك-پاكىز تازىلانغان، خىلمۇ-خىل تاتلىق تۇرۇملار، ھالۋىلار، مۇراببالار، ئۈگرە-چۆپلەر ھازىرلانغان ئىدى. ئەتە باشلىنىدىغان رامىزان ئېيى ئۈچۈن ھەممە نەرسە تەق قىلىپ قويۇلغان ئىدى.

بەكرى ئۇن ياشقا كىرگەن ئىدى. ئەتە تۇنجى قېتىم روزا تۇتماقچى ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكى زامانلاردا «تەكنە روزىسى» تۇتقان ئىدى. تەكنە روزىسى كىچىك بالىلارنىڭ روزىسى بولۇپ، ئەتىگەندە زولۇق تائام يەپ، چۈشتە يەنە چۈشلۈك تاماق يەپ، ئاندىن كەچتە ئىپتار قىلاتتى. ئەمدى بەكرى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇ چوڭلارغا ئوخشاش روزا تۇتماقچى ئىدى.

دادىسى بەكرىگە:

- ئوغلۇم، بۇ ئاخشام تىراۋۇ نامىزى باشلىنىدۇ. خالىساڭ، مەن بىلەن بىللە جامىگە بارغىن. ئەمما تاپشۇرۇقلىرىڭنى كەچكىچە ئىشلەپ تۈگىتىشىڭ كېرەك. – دېدى. بەكرى:

- ماقۇل، دادا. تاپشۇرۇقلىرىمنى ھازىرلا ئىشلەشكە باشلايمەن. – دەپ جاۋاب بەردى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن بەكرى بىلەن دادىسى جامىگە قاراپ ماڭدى. ئانىسى ساندۇقتىن ئېلىپ بەرگەن ئاق تور بۆكنى كىيگەن بەكرى ئۆزىنى خېلى چوڭ‌چۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. جامىدە نامازدىن ئىلگىرى ئىمامنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىدى. خۇپتەن نامىزىغا ئەزان ئوقۇلغاندىن كېيىن ناماز باشلاندى. ئۇزۇن ئوقۇلىدىغان تىراۋۇ نامىزىنى بەكرى زوق-شوخ بىلەن ئوقۇدى. ھەر تۆت رەكئەت نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان سالاتۇسالام (پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت)نى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇدى. نامادىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چاغدا بەكرىنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى ئاللىقاچان كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاچ:

- ئانا، مېنى زوغا چوقۇم ئويغاتقىن. ئويغانمىسام، يۈزۈمگە سوغۇق سۇ سەپسەڭمۇ بولىدۇ. – دېدى. ئانىسى:



- ئويغىنىمەن، بالام. غەم قىلما! ــ دەپ بەكرىنىڭ يوتقىنىنى يېپىپ قويدى.

بەكرى بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. كېچىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ئانىسىنىڭ يۇمشاق قوللىرى ئۇنىڭ ئېڭىكىنى سىلاپ:

- ئويغان، چوڭ ئادەم. زو ۋاقتى ئاز قالدى. ــ دەۋاتاتتى. چالا ئۇيقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالغىلى ماڭغان بەكرى سوغۇق سۇدا يۈزىنى يۇيۇشى بىلەنلا ئۇيقۇسى ئېچىلدى. ئانىسى ھازىرلىغان داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئانىسى بەكرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماق ۋە قاتلىما پىشۇرغان ئىدى. بەكرى ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ:

- جېنىم ئانا! بۇ تەخسىدىكى قاتلىمىنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولالايمەن. ــ دەپ ئانىسىغا رەھمەت ئېيتتى. كۆندۈزى قورسىقىم ئېچىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزىنى زورلاپ يۈرۈپ كۆپ يېدى. دادىسى:

- ئوغلۇم، سۇ ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالما! بىر دەمدىن كېيىن بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇلىدۇ. بۈگۈن نامازشامغىچە بىرەر نەرسە يەپ ئىچەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىسەنغۇ دەيمەن. ــ دەپ ئېسىگە سېلىشى بىلەنلا، كۆندۈزى ئۇسساپ قالماي دەپ، بىر پىيالە سۇنى ئارتۇق ئىچتى. چىشلىرىنى چوتكىلاپ يۇيۇپ بولغان بەكرى ئايۋاندا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقان دادىسىنىڭ قىرائىتىنى تىڭشىدى. بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، چالا قالغان ئۇيقۇسىنى ئۇخلاش ئۈچۈن، كارۋىتىغا بېرىپ ياتتى.

بەكرى ئۇيقىدىن ئويغىنىپ، سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىردى. قاچىدىكى سۇنى ئاغزىغا ئەكىلىشى بىلەنلا، روزا تۇتقانلىقى يادىغا كەلدى. سائەتكە قارىدى. سائەت ئون بولغان ئىدى. بەكرى ئويلاشقا باشلىدى. ئىپتارغىچە سۇ ئىچمەي قانداقمۇ چىدىيالايمەن؟ روزامنى بۇزايمۇ-يا دەپ ئويلىدىيۇ، دەرھال بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتى. ئىچىدە بىر ئاۋاز: «سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ. روزاڭنى سۇندۇرما!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. بەكرى قەتئىي نىيەتكە كەلدى. قانچىلىك تەس بولسا بولسۇن، ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ. زو ۋاقتىدا زولۇق يەپ، روزىغا نىيەت قىلغانلىق ئاللاھقا ۋەدە قىلغانلىق دېگەنلىك ئىدى.

ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولماقچى بولدى. ئويۇنچۇقلىرى بىلەن بىر ئاز ئوينىدى. ئەمما قۇرۇغان لەۋلىرى ئۇنى ئىختىيارسىز ئۈستەل ئۈستىدىكى چەينەككە قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. چۈش ۋاقتىغا يېقىن ئۇسسۇزلۇققا يەنە ئاچلىق كېلىپ قوشۇلدى.

كەچكە يېقىن ئاشخانىدا ئىپتارغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا سولىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئانىسى بەكرىگە:

- نېمە بولدى، بالام؟ روزا سېنى ھالىڭدىن كەتكۈزدىمۇ نېمە؟ - دەپ چاخچاق قىلدى. بەكرى:

- ئانا، قەپەزدە سۇ ئىچكەن قۇچقاچمۇ مېنىڭ ھەۋىسىمنى كەلتۈردى. ئىلگىرى سەن قولۇڭدا تەخسە بىلەن قوشۇق كۆتىرىپ، ئارقامدىن قوغلاپ ماڭا يېگۈزىدىغان ئاشۇ تاماقلار بولغان بولسا، ھازىر ئىشتىھا بىلەن يېگەن بولاتتىم. ــ دېدى. ئانىسى:

- ماڭا قارا، ئوغلۇم! بىر كۈنلۈك روزا ساڭا جىق ئىش ئۆگىتىپتۇ. يېگۈدەك نېنى يوق يوقسۇللارنىڭ ئەھۋالىنى، بىر چىشلەم نان بىلەن بىر يۇتۇم سۇنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، پۈتكۈل نېمەتلەرنى داستىخىنىمىزغا بەرگەن رەببىمىزنىڭ قانچىلىك مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانسەن... كەل، ماڭا ياردەملىشىپ، داستىخانغا ماۋۇ تاماقلارنى تىزىشىپ بەر. داداڭ ئىشتىن كېلىپ بولغۇچە، تاماقلارنى قويۇپ تەق بولۇپ تۇرايلى. - دېدى.

بەكرى تۈنۈگۈنكىچە قاراپمۇ قويمىغان تاماق قاچىلىرىنى خۇددى قىممەتلىك بىر خەزىنىنى كۆتۈرگەنگە ئوخشاش ئاۋايلاپ كۆتىرىپ، داستىخانغا قويدى.

ئىپتار ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىر داستىخانغا جەم بولۇپ، ناماز شامغا ئوقۇلىدىغان ئەزاننى ساقلاپ ئولتۇردى. دادىسى كۈلۈمسىرەپ:

- ئاپىرىن بەكرى! تۇنجى روزىنى ساق تۇتتۇڭ. روزاڭنى مەن سېتىۋالاي. ــ دەپ بىر ھەپتە خەجلەشكە يەتكۈدەك پۇلنى بەكرىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

تېخى ئىپتار قىلماي تۇرۇپلا روزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالغان ئىدى بەكرى. تۈنۈگۈن ئىختىيارى يەپ ئىچكەن نازۇ-نېمەتلەر مانا قولنى ئۇزاتسا يەتكۈدەك يەردە داستىخاندا يېقىن ئىدى. بىر كىم ئۇنى يېيىشتىن توسمىسىمۇ، قورسىقى ئېچىپ داپ چېلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ياراتقۇچىمىزدىن كېلىدىغان ئىجازەتنى كۈتۈپ تىنچ ئولتۇراتتى.

كۈتكەن چاغنىڭ كەلگەنلىكى جامىنىڭ مۇنارىدا يانغان چىراق ۋە ئەزان ئاۋازى ئارقىلىق پۈتۈن شەھەرگە بىلدۈرۈلدى. تۇنجى روزىسىنى ئاچقان بەكرى ناھايىتى خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ تەس بىر سىناقتىن ئۆتكەنلىكى، ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالىغانلىقىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە ئىدى.


قۇرئانى-كەرىم رامىزاندا نازىل
بولۇشقا باشلىغان.
رامىزاندا ئىبادەتلىرىمىزگە ۋە
ياخشىلىقلىرىمىزغا تېخىمۇ كۆپ
ساۋاب بېرىلىدۇ.
رامىزان بىز كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان،
كېچىسى ئىبادەت قىلىدىغان ئايدۇر.
YA ŞEHRİ
RAMAZAN
ئون بىر ئاينىڭ
سۇلتانى رامىزان
مىڭ ئايدىنمۇ بەك خەيرلىك
بولغان «قەدىر كېچىسى» رامىزان
ئېيى ئىچىدىدۇر.
رامىزان رىزقىمىزنى
بەرىكەتلەندۈرىدىغان بىر
ئايدۇر.
رامىزان سەۋر-تاقەت
ئېيىدۇر. بۇ سەۋر-تاقەتنىڭ
مۇكاپاتى جەننەتتۇر.
رامىزان ئېيى ياردەملىشىش
ئېيىدۇر.
رامىزاننىڭ بېشى رەھمەت،
ئوتتۇرىسى مەغپىرەت (ئەپۇ)،
ئاخىرى جەھەننەم ئوتىدىن
قۇتۇلۇشتۇر.
IMAN
ALLAHADIR

## روزا دېگەن نېمە؟

روزا تاڭ ئېتىشتىن كۈن پېتىشقىچە (بامدات ۋاقتىدىن نامازشام ۋاقتىغىچە) يېمەك-ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يىراق تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.



ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى.»

(بەقەرە سۈرىسى 183 ـ ئايەت)

## روزا تۇتۇش كىملەرگە پەرزدۇر؟

- ئەقلى-ھۇشى جايىدا
- بالاغەتكە يەتكەن

ھەر مۇسۇلماننىڭ ← رامىزان ئېيىدا ← روزا تۇتۇشى پەرزدۇر. ☺☺☺☺

بالىلارغا روزا تۇتۇش پەرز ئەمەس. ئەمما سالامەتلىكىگە زىيان سالمىغان ئاساستا روزا تۇتسا بولىدۇ. بۇنداقتا ھەم روزا ئىبادىتىگە ئادەتلىنەلەيمىز ھەمدە چوڭلار بىلەن بىرلىكتە بۇ خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولغان بولىدۇ.



## روزىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

روزىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن

- نىيەت قىلىشىمىز،
- زو ۋاقتىدىن ئېپتار ۋاقتىغىچە روزىمىزنى سۇندۇرىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز

لازىم. ☺☺☺☺

# رامىزانغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇقۇملار



❀ روزا ۋاقتى دۇئالار ئىجاۋەت بولىدىغان بىر ۋاقىتتۇر. زۇلۇق يېسەك، روزىدا بوشاپ ھالىمىزدىن كەتمەيمىز. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز زۇلۇق يېيىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىپ: «زۇلۇق يەڭلار. چۈنكى زۇلۇقتا بەرىكەت ۋە پايدا بار.» دېگەن. (بۇخارى: «سەۋم»، روزا، 20)

روزا ۋاقتى سەھەر ۋاقتىدۇر. ئىلاھىي رەھمەت ۋە بەرىكەت كۆپلەپ ياغىدىغان زاماندۇر.

روزا ۋاقتى ئاللاھقا كۆڭلىنى بەرگەن كىشىلەر ئىبادەت، دۇئا ۋە زىكىر بىلەن ئۆتكۈزىدىغان مۇبارەك ۋاقىتتۇر. روزا ۋاقتى ئورنىدىن تۇرغان مۆمىنلەر گويا مۇنداق دەيدۇ:

**رەببىم! ساڭا كۆپ شۈكۈر قىلىمەنكى، مەنمۇ سېنى بىلىدىغان، سېنى سۆيىدىغان، ساڭا كۆڭۈل بەرگەن بىر بەندىمەن. ساڭا بولغان ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تاتلىق ئۇيقۇمنى بۇزۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئەتە سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن روزا تۇتماقچىمەن. مەندىن رازى بولغىن ئاللاھىم!**







❀ ئىپتار ۋاقتى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بىر كۈن ئاچ ۋە سۇسىز قالغان روزىدار ئەڭ خوشال بولىدىغان ۋاقىتتۇر. ئىپتار ۋاقتىدا شۇ بىر كۈنلۈك روزىنى ساق-سالامەت تۇتالىغانلىقىمىز ئۈچۈن خوشال بولىمىز. ھەقىقىي خۇشاللىقنى بولسا، ئاخىرەتتە روزىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئالغان چاغدا ھېس قىلىمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:
«روزىدارنىڭ ئىككى خۇشال پەيتى بار: بىرى، ئىپتار قىلغان چېغى؛ يەنە بىرى، روزىسىنىڭ ساۋابى بىلەن رەببىنىڭ ھوزۇرىغا بارغان چېغى.»
(بۇخارى: «سەۋم»، 9)

❀ رامىزان ئاخشاملىرى روزىدار ئىنسانلارغا ئىپتارلىق تاماق بېرىش بىزنى كۆپ ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:
«كىمكى بىر روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، روزىدارغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ. روزىدارنىڭ ساۋابىمۇ قىلچە كەملىمەيدۇ.»
(تىرمىزى: «سەۋم»، 82)

❀ روزا ۋاقتىغا ئوخشاش ئىپتار ۋاقتىمۇ دۇئالار ئىجاۋەت بولىدىغان بىر ۋاقىتتۇر. رەببىمىز ئىپتار ۋاقتىدا قىلىنغان سەممىي دۇئالارنى ئىجاۋەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ۋاقىتلارنى ياخشى پۇرسەت بىلىپ، دۇئا قىلىشىمىز لازىم.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:
«ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەتسىز قايتۇرۇلمايدۇ: روزىدار ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئا، ئادالەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ دۇئاسى ۋە مەزلۇمنىڭ دۇئاسى.»
(تىرمىزى: «دەئاۋات»، 128)



### ئىپتار دۇئاسى

ئىپتار ۋاقتىدا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر:

اَللّٰهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَبِكَ آمَنْتُ وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ وَ عَلَي رِزْقِكَ أَفْطَرْتُ وَصَوْمَ الْغَدِ مِنْ شَهْرِ رَمَضَانَ نَوَيْتُ فَاغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ

«ئاللاھۇممە لەكە سۇمتۇ ۋە بىكە ئامەنتۇ ۋە ئەلەيكە تەۋەككەلتۇ ۋە ئەلا رىزقىكە ئەفتارتۇ ۋە ساۋمەل-غادى مىن شەھرى رامازانە نەۋەيتۇ فاغفىرلى ما قاددەمتۇ ۋە ما ئاخخارتۇ.»

«ئاللاھىم! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن روزا تۇتتۇم. ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا ئىشەندىم، سەن بەرگەن رىزىق بىلەن ئىپتار قىلدىم. ئەتىكى رامىزان روزىسىغىمۇ نىيەت قىلدىم. مېنىڭ ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن.»

## بىر روزا تۇتقاندا روزىمۇ بىزنى تۇتىدۇ

### بىز روزىنى قانداق تۇتىمىز؟




### روزا بىزنى قانداق تۇتىدۇ؟

روزا تۇتۇش دېگەنلىك پەقەتلا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاچ ۋە سۇسىز قېلىش دېگەنلىك ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جېدەل-ماجرا، يالغان-ياۋىداق، غەيۋەت-شىكايەت، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش قاتارلىق ھەر خىل پىتنە-پاسات ۋە ناچار ئىشلاردىنمۇ يىراق تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق تۇتۇلغان روزا پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك: «گۇناھتىن ۋە جەھەننەمدىن ئۇتىدىن ساقلايدىغان بىر قالقان» بولالايدۇ.

ئەگەر روزا تۇتۇش ئارقىلىق ھالال يېمەك-ئىچمەكلەردىن يىراق تۇرغان بولساقمۇ، ئەمما ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرمىساق، تۇتقان روزىمىزنىڭ ئاللاھ نەزىرىدە ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«كىمكى يالغان گەپ قىلىشنى ۋە ساختىپەزلىك قىلىشنى توختاتمىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ يېمەك-ئىچمەكتىن يىراق تۇرۇشىغا ئېھتىياج قىلمايدۇ.» (بۇخارى: «سەۋم»، 8)

# روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز

## روزا تۇتۇش ئارقىلىق

- ئۇلۇغ رەببىمىزنى خوش قىلىپ، ئۇنىڭ سۆيگۈسى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىمىز.
- بىزگە ھەر خىل نېمەتلەرنى بەرگۈچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ شۈكۈر قىلىمىز.
- سەۋر-تاقەت قىلىشنى ئۆگىنىمىز.
- ناچار ئىش ۋە گۇناھتىن يىراق تۇرۇش بىلەن جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلىمىز.
- ئاچلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلىمىز.
- سالامەتلىكىمىزنى ئاسرايمىز.

ئاللاھ ئەمر قىلغانلىقى ئۈچۈن روزا تۇتۇپ، يېمەك-ئىچمەكنى تەرك قىلىمىز. بىزنى باشقىلار كۆرمەيدىغان يەردىمۇ پەقەت ئاللاھلا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن روزىمىزنى سۇندۇرمايمىز. **بۇ ھەرىكىتىمىز بىلەن ئۇلۇغ رەببىمىزنى مەمنۇن قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىمىز.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن:



«روزا تۇتقان بەندەم يېيىش-ئىچىشنى مېنىڭ رازىلىقىمغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەرك قىلدى. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزەم بېرىمەن.»

(بۇخارى: «سەۋم»، 4)

كۆپ ھاللاردا، ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز. ئۇلار قولىمىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قەدرىگە يېتىمىز. روزا تۇتقان ۋاقتىمىزدا كۈن بويى ئاچ ۋە سۇسىز قالىمىز. سۇنىڭ ۋە قول ئىلكىمىزدىكى باشقا نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە يېتىمىز. **شۇنىڭ بىلەن، بىزگە ھەر خىل نېمەتلەرنى بەرگۈچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ شۈكۈر قىلىمىز.**

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«مېنى (تائەت-ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار.»

(بەقەرە سۈرىسى، 152 -ئايەت)

ھاياتىمىزدا خىلمۇ-خىل قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈللۈكلەرگە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن سەۋر-تاقەتلىك بولۇشىمىز لازىم. سەۋر-تاقەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم شەرتلەردىن بىرى. روزا تۇتقاندا كۈن بويى ئاچلىق ۋە سۇسىزلىققا چىداپ، **سەۋر-تاقەت قىلىشنى ئۆگىنىمىز.**

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«روزا سەۋر-تاقەتنىڭ يېرىمىدۇر.»

(ئىبنى ماجە: «سىيام» (روزا)، 44)



يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش، جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرۇش، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش قاتارلىق ناچار ئىشلار بىزنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلاردۇر. بۇ گۇناھلاردىن پەقەت نەپسىمىزنى تۇتۇۋېلىش ئارقىلىقلا ساقلىنالايمىز. رامىزان ئېيىدا مەنىۋى جەھەتتە تەربىيىلىنىش ھاۋاسى ئىچىگە كىرىمىز. روزا تۇتقاندا داۋاملىق ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ، نەپسىمىزنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن، ناچار ئىشلار ۋە گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇپ، جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلىمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:



«روزا (ناچار ئىش ۋە گۇناھلاردىن ساقلايدىغان) بىر قالقاندۇر. روزا تۇتقان كۈنلەردە يامان گەپ قىلماڭلار، جېدەللەشمەڭلار. ئەگەر بىرەيلەن تىللىسا ياكى جېدەللەشمەكچى بولسا، «مەن روزا تۇتىۋاتىمەن» دەڭلار.» (بۇخارى: «سەۋم»، 9)

ھاياتىدا ئاچلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بىر كىشى يوقسۇللارنىڭ قىيىنچىلىقىنى، ئاچ-يالىڭاچلىق ئازابىنى ئوبدان ھېس قىلالمايدۇ. «ياغنىڭ ئىچىدىكى بۆرەك» كەبى راھەت مۇھىتتا ياشايدىغانلار يوقسۇللارنىڭ جاپاسىنى كۆڭلىدە سېزەلمەيدۇ. روزا تۇتقان ۋاقتىمىزدا **ئاچلىق ۋە يوقسۇللۇقنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.** يوقسۇللارنىڭ قانداق شارائىتلاردا ياشاۋاتقانلىقىنى ۋە تارتقان جاپالىرىنى ھېس قىلىمىز. مېھرى-شەپقەت تۇيغۇلىرىمىز كۈچلىنىدۇ. نەتىجىدە، پېقىر-ئاجىز، يېتىم-يوقسۇللارغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇپ، ئىلكىمىزدىكى نېمەتلەردىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بەھرىمەن بولىمىز.



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«تۇرمۇش سەۋىيىسى سىلەردىن تۆۋەن ئىنسانلارغا قاراڭلار. سىلەردىن يۇقىرى بولغانلارغا قارىماڭلار. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلىشىڭلار ۋە ئۇنى ئاز كۆرمەسلىكىڭلارغا سەۋەپ بولىدۇ.»

(مۇسلىم: «زۇھد»، 9)

ئاشقازىنىمىز ۋە باشقا ئەزالىرىمىز ئون بىر ئايدىن بېرى كېچە-كۈندۈز ئىشلىمەكتە. ئاشقازان كېسىلى بار كىشىلەرنىڭ پەرھىز تۇتۇپ داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. روزىمۇ بىرخىل پەرھىز ھېسابلىنىدۇ. رامىزاندا ئاشقازىنىمىزدىن باشلاپ، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىمىز ئارام ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىزمۇ سالامەت بولىمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«روزا تۇتساڭلار، سالامەت بولىسىلەر.»

(تابەرانى: «مۇئجەمۇل-ئەۋسات»، 8-جىلد، 174)







## روزا تۈرلىرى

روزىلار تۆتكە بۆلىنىدۇ: پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مەكرۇھ.

### پەرز روزىلار ☺☺☺☺

- رامىزان روزىسى
- رامىزان روزىسىنىڭ قازاسى
- رامىزان روزىسىنىڭ كەففارىتى

### ۋاجىپ روزىلار ☺☺☺

- ئاداق روزىسى
- سۇنغان نەپلە روزىنىڭ قازاسى


روزا تۈرلىرى
پەرز روزىلار
☺☺☺☺
ۋاجىپ روزىلار
☺☺☺
سۈننەت روزىلار
☺☺
مەكرۇھ روزىلار
☹☹
رامىزان روزىسى
رامىزان روزىسىنىڭ قازاسى
رامىزان روزىسىنىڭ كەففارىتى
ئاداق روزىسى
نەپلە روزىنىڭ قازاسى
مۇھەررەم ئېيى روزىسى
شەۋۋال ئېيى روزىسى
دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە روزىسى
قەمەرى ئايلارنىڭ 13-14-15-كۈنلىرى تۇتۇلىدىغان روزا
داۋۇد روزىسى
تەھرىمەن مەكرۇھ روزىلار
☹☹☹
تەنزىھەن مەكرۇھ روزىلار
☹☹
روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى تۇتۇلغان روزا
قۇربان ھېيت كۈنلىرى تۇتۇلغان روزا
پەقەتلا ئاشۇرا كۈنى تۇتۇلغان روزا
پەقەتلا جۈمە كۈنى بىر كۈن تۇتۇلغان روزا
پەقەتلا شەنبە كۈنى بىر كۈن تۇتۇلغان روزا

144

## سۈننەت روزىلار ☺☺

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايلاردىمۇ روزا تۇتاتتى، بۇلارنى دوستلىرىغىمۇ تەۋسىيە قىلغان ئىدى. بۇ روزىلاردىن بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

- مۇھەررەم ئېيىنىڭ 9-10-كۈنى ياكى 10-11-كۈنلىرى تۇتۇلىدىغان روزا
- رامىزاندىن كېيىنكى شەۋۋال ئېيىدا تۇتۇلىدىغان ئالتە كۈن روزا
- دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى تۇتۇلىدىغان روزا
- قەمەرى ئايلارنىڭ 13-14-15-كۈنلىرى تۇتۇلىدىغان روزا
- رامىزاندىن باشقا كۈنلەردە بىر كۈن بىر كۈندىن تۇتۇلىدىغان، يەنى بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن روزا تۇتماي، دەم ئېلىپ تۇتۇلىدىغان روزا (داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسى).



## مەكرۇھ روزىلار ☹☹

مەلۇم بىر سەۋەپ تۈپەيلى تۇتۇش مەكرۇھ ھېسابلانغان روزىلاردۇر. بۇلار ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

1. **تەھرىمەن مەكرۇھ روزىلار☹☹☹**
   - روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى روزا تۇتۇش.
   - قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇش.
2. **تەنزىھەن مەكرۇھ روزىلار ☹☹**
   - پەقەتلا ئاشۇرا كۈنى (مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10-كۈنى) تۇتۇلىدىغان روزا
   - پەقەتلا جۈمە كۈنى ياكى پەقەتلا شەنبە كۈنى تۇتۇلىدىغان روزىلار

(ئاشۇرا، جۈمە ياكى شەنبە كۈنى روزا تۇتماقچى بولغان كىشى بۇ كۈنلەرنىڭ ئالدىدىكى بىر كۈن ياكى كەينىدىكى بىر كۈنىنىمۇ قوشۇپ روزا تۇتسا، تۇتقان روزىسى مەكرۇھ بولمايدۇ.)

# قازا روزىسى

## قازا روزىسى دېگەن نېمە؟

✍ سەھۋەنلىك تۇپەيلى سونۇپ كەتكەن ياكى تۇتالماي قالغان روزىنىڭ كېيىن تولۇقلاپ تۇتۇلۇشى «**قازا روزىسى**» دېيىلىدۇ.

## قازا روزىسى قاچان تۇتۇلىدۇ؟

رامىزان ئېيىدىن كېيىن، روزا تۇتۇش تەھرىمەن مەكرۇھ بولىدىغان كۈنلەردىن باشقا ھەر قانداق بىر كۈندە قازا روزىسى تۇتسا بولىدۇ.



# كەففارەت روزىسى

## كەففارەت روزىسى دېگەن نېمە؟

✍ رامىزان روزىسنى سەۋەبسىز ھالدا قەستەن سۇندۇرغان كىشى سۇندۇرغان روزىسىنىڭ ئورنىغا كەينى-كەينىدىن (كۈن ئۈزۈلمەي) ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى كېرەك. جازا سۈپىتىدە تۇتۇلغان بۇ روزا «**كەففارەت روزىسى**»دېيىلىدۇ.

## كەففارەت روزىسى قانچە كۈن؟




كەففارەت روزىسىنىڭ مۇددىتى ئىككى قەمەرى ئاي، ئادەتتە 60 كۈندۇر. بۇنىڭغا سۇنغان روزىنىڭ قازاسىنى قوشقاندا جەمئى 61 كۈن روزا تۇتۇش كېرەك. شۇڭا خەلق ئارىسىدا كەففارەت روزىسى «**ئاتمىش بىر**» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

# روزىمىزنى سۇندۇرىدىغان ئەھۋاللار

روزىمىزنى سۇندۇرىدىغان ئەھۋاللارنى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تەھلىل قىلىمىز:

## كەففارەت ۋە قازا روزىسى تۇتۇشقا تېگىشلىك ئەھۋاللار

رامىزاندا سەۋەبسىز ھالدا روزا تۇتماسلىق ياكى تۇتقان روزىنى سۇندۇرۇش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. روزىدار ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن روزىمىزنى سۇندۇرساق، قىلغان گۇناھىمىز تۈپەيلى ئاللاھتىن ئەپۇ تىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ جازاسى ئىككى ئاي تولۇق كەففارەت روزىسى تۇتۇش ھەم بىر كۈن قازا روزىسى تۇتۇشتۇر.

- سەۋەبسىز ھالدا يەپ ئىچسە،
- جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا

قازا روزىسى ھەمدە كەففارەت روزىسى تۇتۇشى كېرەك بولىدۇ.





## پەقەتلا قازا روزىسى تۇتسا بولىدىغان ئەھۋاللار

سەھۋەنلىك ياكى مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى روزىمىز سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا تۇتالمىغان روزىنى قازا قىلىمىز. (كېيىن تولۇقلاپ تۇتۇۋالىمىز.)

روزىمىز قازا بولىدىغان بەزى ئەھۋاللار:

- روزا تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قىلىپ، بىرەر نەرسە يەپ ئىچكەندىن كېيىن، روزىسى يادىغا كەلسە ۋە يېيىش ئىچىشنى توختاتمىسا*،
- ئادەتتە غىزا سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەيدىغان ماددىلارنى (قەغەز، تۇپراق...) يەپ سالسا،
- سۆرەي ۋاقتى بولۇپ، تاڭ ئاتقان بولسىمۇ، تېخى ۋاقتى بار دەپ ئويلاپ يېيىشنى داۋاملاشتۇرۇش،
- نامازشام ۋاقتى بولمىغان بولسىمۇ، ئىپتار ۋاقتى بولدى دەپ ئويلاپ، بالدۇر ئىپتار قىلىش،
- چىشنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قالغان نوقۇتچىلىك چوڭلۇقتىكى يېمەكنى يۇتۇپ سېلىش،
- ئېغىز-بۇرۇننى چايقىغاندا، دىمىقىدىن ياكى گېلىدىن سۇ ئۆتۈپ كېتىش،
- ئاغزىغا كىرىپ كەتكەن قار-يامغۇر ياكى مۆلدۈرنى ئىختىيارسىز ھالدا يۇتۇۋېتىش،
- بۇرنى ياكى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە دورا تېمىتىش،
- تەھەررەت ئاستىدا ئىلاجسىز روزىسىنى سۇندۇرۇش،
- رامىزاندىن باشقا چاغلاردا تۇتقان روزىنى قەستەن ياكى مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى سۇندۇرۇش

**قازا روزىسى تۇتۇشنى كېرەك قىلىدۇ.**

*روزا تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قىلىپ، بىرەر نەرسە يەپ سالغان كىشىنىڭ روزىسى سۇنمايدۇ. ئەمما روزا تۇتقانلىقى ئېسىگە كەلگەن ھامان يېيىش ئىچىشنى دەرھال توختىتىشى كېرەك. روزىدار ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن گېلىدىن ئاشقازىنىغا بىرەر نەرسە ئۆتۈپ كەتسە، روزىسى سۇنىدۇ.

# روزىنى سۇندۇرمايدىغان ئەھۋاللار

- روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقان ھالدا بىرەر نەرسە يەپ سېلىش،*
- چىش ئارىسىدا قېپ قالغان نوقۇتتىن كىچىك غىزا قالدۇقىنى يۇتۇش،
- ئاغزىدىكى تۈكۈرۈكىنى يۇتۇش،
- ئېغىزنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن قالغان سۇنى يۇتۇپ سېلىش،
- بۇرۇن ياكى گالغا ئىختىيارسىز چاڭ-توزاڭ ياكى تۇمان كىرىپ كېتىش،
- قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىش،
- ئېھتىلام (ئۇخلىغاندا جۇنۇپ) بولۇش،
- يۇيۇنۇش،
- كۆزگە دورا تېمىتىش،
- گۈل، چېچەك، ئەتىر ۋە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى پۇراش،
- چىش تارتقۇزۇش**،
- ئىختىيارسىز قۇسۇش،
- ئېغىزغا لىق كەلمەيدىغان قۇسۇقنى يۇتۇپ سېلىش،
- يېمەكلىكنى ئېغىزغا ئېلىپ، يۇتماي تەمنى بىلىپ بېقىش***،
- چىش مەلھىمى قوللانماي، چىشنى چوتكىلاپ يۇيۇش،
- قان ئالدۇرۇش

روزىنى سۇندۇرمايدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«روزا تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بىرەر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالغان كىشى روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن. چۈنكى ئۇنىڭغا ئاللاھ يېگۈزگەن ۋە ئىچۈرگەن.»

(بۇخارى: «سەۋم»، 26)



* روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقان ھالدا بىرەر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالغان كىشى روزىسى ئېسىگە كەلگەن ھامان دەرھال يېيىش-ئىچىشنى توختاتسا، روزىسى سۇنمايدۇ. ئاغزىنى چايقىۋېتىپ، روزىسىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. روزىدار ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ يېيىش-ئىچىشنى توختاتمىسا، روزىسى سۇنىدۇ. قازا روزىسىنى كېيىن قايتا تۇتۇشى كېرەك.

** چىش تارتقۇزغاندا ئاغرىق ھېس قىلماسلىق ئۈچۈن چىشقا پۈركەلگەن سۈيۈق دورا روزىنى سۇندۇرمايدۇ. ئەمما ئۇكۇل قىلىپ سېلىنغان مورفىن روزىنى سۇندۇرىدۇ.

*** تاماقنى ئېغىزغا ئېلىپ يۇتماي، تەمنى تېتىپ بېقىش مەكرۇھتۇر.

# قايسى ئەھۋاللاردا روزا تۇتمىسا گۇناھ بولمايدۇ؟

ئىسلام دىنى قولايلىق دىندۇر. ئاللاھتائالا بەندىلىرىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمىغان. روزىمۇ شۇنداقتۇر. رامىزان ئېيىدا سەۋەبسىز روزا تۇتماسلىق گۇناھتۇر. لېكىن بەزى ئەھۋاللاردا رامىزان روزىسى تۇتمىسىمۇ ياكى تۇتۇلغان بىر روزىنى سۇندۇرسىمۇ بولىدۇ. رامىزان ئېيىدىن كېيىنكى مۇۋاپىق ۋاقىتتا بۇ تۇتۇلماي قالغان قازا روزىلار تولۇقلاپ تۇتۇلۇشى كېرەك.

دىنىمىزدە رامىزان روزىسى تۇتۇلمايدىغان ياكى تۇتۇلغان روزىنى سۇندۇرسا بولىدىغان ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

| | | |
|---|---|---|
| 1 | **سەپەردە** | 📖 رامىزاندا ئون بەش كۈندىن ئاز قېلىش شەرتى بىلەن ئەڭ ئاز بولغاندا 90 كىلومېتىر مۇساپىدىكى بىر يەرگە سەپەرگە چىققان كىشى روزا تۇتمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ئەمما تۇتسا تېخىمۇ ساۋاب. |
| 2 | **كېسەللىك** | 📖 كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن ياكى ساقىيالماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان بىمار روزا تۇتمىسا، گۇناھ بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تۇتقان روزىسىنى سۇندۇرسا بولىدۇ.<br>✎ روزا تۇتسا كېسىلىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى دىندار بىر دوختۇردىن ئاڭلىغان بولىشى ياكى دوختۇر بىلەن كۆرۈشەلمىگەن تەقدىردە، بۇنى ئۆزى ئوبدان ھېس قىلغان بولىشى كېرەك. |
| 3 | **قېرىلىق** | 📖 روزا تۇتۇشقا مادارى يەتمەيدىغان ياشانغان كىشىلەر روزا تۇتمىسا، گۇناھ بولمايدۇ.<br>✎ رامىزاندا تۇتالماي قازا قىلغان روزىلارنى رامىزاندىن كېيىن تولۇقلاپ تۇتۇش ئىمكانى يوق ياشانغان كىشىلەر ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر فىدىيە بېرىشى كېرەك. |
| 4 | **ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان مەزگىلى** | 📖 ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان بىر ئايال روزا تۇتسا، ئۆزىنىڭ ياكى بالىسىنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىشىدىن قورقسا، روزا تۇتمىسا گۇناھ بولمايدۇ. |
| 5 | **ئاي كۆرگەن ئاياللار** | 📖 بىر ئايال روزىدار ھالدا ئاي كۆرۈپ قالسا (ھېيىز كەلسە) ياكى بالا تۇغسا، روزىسىنى سۇندۇرسا بولىدۇ. ھېيىز كۆرىۋاتقاندا ۋە تۇغۇتتىن كېيىنكى قىرىق كۈن ئىچىدە روزا تۇتمايدۇ. |
| 6 | **دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا** | 📖 رامىزان ئېيىدا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەسكەر روزا تۇتسا، ئاجىزلىشىپ مەغلۇپ بولىشىدىن ئەندىشە قىلسا، روزا تۇتمىسا گۇناھ بولمايدۇ. |
| 7 | **تەھدىت ئاستىدا ئىلاجسىز قالغاندا** | 📖 ئۆلتۈرۈلۈش ياكى يارىلىنىش تەھدىتى ئاستىدا قالغان كىشى روزا تۇتمىسا ياكى تۇتقان روزىسىنى سۇندۇرسا، گۇناھ بولمايدۇ. |
| 8 | **قاتتىق ئاچلىق ياكى ئۇسسۇزلۇق** | 📖 روزا تۇتقاندا ئاچلىق ياكى ئۇسسۇزلۇق تۈپەيلى ئەقلىي ياكى جىسمانىي جەھەتتە زەخىملىنىشتىن ئەندىشە قىلغان كىشى روزىسىنى سۇندۇرسا بولىدۇ. |

## روزىنىڭ فىدىيەسى

☺☺☺☺

رامىزاندا روزا تۇتۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان ياشانغان كىشىلەر ۋە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلار تۇتالمىغان روزىلىرىنى قازا قىلمايدۇ، (يەنى كېيىن قايتا تۇتمايدۇ.) ئۇنىڭ ئورنىغا روزا تۇتالمىغان ھەر كۈن ئۈچۈن پېقىر، موھتاجلارغا يېمەك-ئىچمەك ياكى نەق پۇل بېرىشى كېرەك. بۇ «فىدىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

فىدىيەنىڭ مىقدارى رامىزاندا بېرىلىدىغان پىتىر سەدىقىسى مىقدارى بىلەن ئوخشاش. بىر كۈنلۈك روزىنىڭ فىدىيىسى بىر كىشىنىڭ ئىككى ۋاقلىق تامىقى ياكى مۇشۇنىڭغا چۈشلۇق نەق پۇلدۇر. بۇ مىقدار فىدىيە بەرگۈچى كىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

## پىتىر سەدىقىسى (فىترە)

☺☺☺

دىنىمىزنىڭ ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن باي ھېسابلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ۋە ئۆزى بېقىشقا مەسئۇل بولغان ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن بەرگەن سەدىقىسى «پىتىر سەدىقىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. رامىزان ئېيىدا بېرىلىشى ۋاجىپ بولغان بۇ سەدىقە «فىترە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

پىتىر سەدىقىسىنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارى بىر كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك تامىقى ياكى بۇ تاماققا چۈشلۇق پۇلدۇر. كۆپ بولسا چېكى يوقتۇر. كۆپ بەرگۈچىلەر تېخىمۇ كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

پىتىر سەدىقىسىنى روزا ھېيتتىن ئىلگىرى بېرىش كېرەك. بۇنداقتا، پېقىر-يوقسۇللارنى خۇشال قىلغان، ئۇلارنىڭ ھېيتتىكى ئېھتىياجلىرىنى قامدىشىغا ياردەم قىلغان بولىمىز.

پىتىر سەدىقىسى بەدىنىمىز ۋە سالامەتلىكىمىزنىڭ سەدىقىسىدۇر. بىزنى ياراتقان، مۇسۇلمان قىلىپ ياشاتقان، بىزنى ساغلام ھالەتتە روزا ھېيتقا يەتكۈزگەن ئۇلۇغ ئاللاھقا شۈكۈر قىلغانلىقىمىزنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

## ئاداق روزىسى

☺☺☺

ئاداق (نەزىر) روزىسى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تۇتۇشنى نىيەت قىلغان (ئاتىغان) روزىدۇر. بۇ روزىنى تۇتۇش ۋاجىپتۇر.

ئاداق روزىسى ئىككى تۈرلۈكتۇر:

### 1. شەرتكە باغلىق ئاداق روزىسى

«ئانام ساقايسا، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۈچ كۈن روزا تۇتىمەن» دېگەندەك قەسەم قىلغان بولساق، ئانىمىز ساقايغان ھامان ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشىمىز كېرەك.

### 2. شەرتكە باغلىق بولمىغان ئاداق روزىسى

«ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتىمەن» دېگەندەك قەسەم ياكى ۋەدە قىلغان بولساق، خالىغان بىر كۈنى روزا تۇتساق، ۋەدىمىزنى ئورۇنلىغان بولىمىز. «ئالدىمىزدىكى ھەپتە دۈشەنبە كۈنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن روزا تۇتىمەن» دەپ ۋاقىت بەلگىلىگەن بولساق، شۇ كۈنى روزا تۇتۇشىمىز كېرەك.

## تەراۋىھ نامىزى ☺☺

❀ تەراۋىھ نامىزى رامىزان ئېيىدا ئوقۇلىدىغان يىگىرمە رەكئەتلىك بىر نامازدۇر. بۇ نامازنى ئوقۇش ئەرلەر ۋە ئاياللارغا سۈننەتى-مۇئەككەدەدۇر.

❀ تەراۋىھ نامىزىنى جامەدە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقىغىلى بولغىنىدەك، ئۆيىمىزدە ئۆزىمىز يالغۇز ئوقۇساقمۇ بولىدۇ. ئەمما جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغاندا ساۋابى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

❀ مەلۇم بىر سەۋەپ تۈپەيلى روزا تۇتالمىغان كىشىلەرنىڭمۇ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇشى سۈننەتتۇر.

## ئېتىكاپ ☺☺

✍ جامى ۋە مەسجىدتە ئىبادەت نىيىتى بىلەن بىر مەزگىل قېلىش **«ئېتىكاپ»** دەپ ئاتىلىدۇ.

❀ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا پەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھەر رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپقا كىرگەن. شۇڭا رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپقا كىرىش سۈننەتتۇر.

❀ ئېتىكاپقا كىرىشتىن ئىلگىرى پاكىز كىيىم كىيىپ، خوشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىمىز. ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ۋاقىتتا قۇرئانى-كەرىم، ھەدىس-شەرىف ۋە دىنىي كىتابلار ئوقۇيمىز. ئاللاھنى زىكىر قىلىپ، نەپلە ناماز ياكى قازا ناماز ئوقۇيمىز، داۋاملىق دۇئا قىلىمىز. تايىنى يوق، قۇرۇق پاراڭ قىلىشتىن يىراق تۇرىمىز. رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقانلىغىمىزنى ھېس قىلىپ، گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزدە دىققەت قىلىمىز.

### تونجى تەراۋىھ نامىزى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا بىر رامىزان ئاخشىمى ئىدى. رامىزان ئېيى چىقىشقا يەنە يەتتە كۈن قالغان ئىدى. بۇ كۈنگە قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى ئىمام بولۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېتەتتى. لېكىن بۇ رامىزان ئاخشىمى تۇنجى قېتىم تەراۋىھ نامىزى ئوقۇتتى. تەراۋىھ نامىزى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى بولغۇچە داۋاملاشتى.

ئەتىسى ئېغىزدىن-ئېغىزغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالدى. لېكىن بۇ ئاخشام تەراۋىھ نامىزى ئوقۇتمىدى.

نىھايەت رامىزان ئېيى ئاخىرلىششقا ئۈچ كۈن ۋاقىت قالغاندا پۈتۈن كېچە داۋاملاشقان بىر تەراۋىھ نامىزىغا يەنە ئىماملىق قىلدى. لېكىن تەراۋىھ نامىزىنى كىشىلەرنىڭ «پەرز ناماز ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەتىسى يەنە ئوقۇمىدى. كۆپچىلىكنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى ئۆيىدە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

تەراۋىھ نامىزىنى جامەدە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش ئادىتى ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە باشلانغان ئىدى.





## قەدىر كېچىسى

☾ رامىزان ئېيى باشقا ئايلارغا قارىغاندا ئالاھىدە بىر ئاي بولغىنىدەك، قەدىر كېچىسىمۇ باشقا كېچىلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە بىر كېچىدۇر. ئاللاھتائالا بۇ كېچە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «**بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق. شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن، (زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ-ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر.**»

☾ قەدىر كېچىسى ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە بەرىكىتى ياغدۇرۇلغان، مۆمىنلەرنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان، دۇئالار ئىجاۋەت بولىدىغان خاسىيەتلىك بىر كېچىدۇر.

☾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈننى ئادەتتىكى چاغلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى بولسا، «مىڭ ئايدىنمۇ بەك قىممەتلىك» بولغان قەدىر كېچىسىنىڭ مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە ئىكەنلىكى ئىدى.

☾ بىزمۇ رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈننى، بولۇپمۇ 27-كېچىسىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم. تەخمىنەن سەكسەن ئۈچ يىللىق بىر ئۆمۈرگە بەدەل ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن قەدىر كېچىسىدە ئۇلۇغ ئىگىمىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىشىشىمىز لازىم. قۇرئانى-كەرىمنىڭ تۇنجى ئايەتلىرى نازىل بولغان، ئىسلام قۇياشى تۇغقان مۇشۇنداق شەرەپلىك بىر كېچىنى

- ⌘ جامىلەردە تەبلىغ ئاڭلاپ،
- ⌘ قۇرئان ئوقۇپ،
- ⌘ ناماز ئوقۇپ،
- ⌘ دۇئا قىلىپ،
- ⌘ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت ئېيتىپ،
- ⌘ گۇناھلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ ئۆتكۈزۈشىمىز ۋە قەدىر كېچىسىنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز لازىم.

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«پەزىلىتىگە ئىشىنىپ ۋە مۇكاپاتىنى ئاللاھتىن تىلەپ قەدىر كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»

(بۇخارى: «ئىمان»، 25)

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزگە: «ئەي رەسۇلۇللاھ! قەدىر كېچىسىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى بىلسەم، ئۇ كېچە قانداق دۇئا قىلىمەن؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتى: «ئاللاھىم! سەن ئەپۇ قىلغۇچىسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن.»

(تىرمىزى: «دەئاۋات»، 84)

**قەدىر كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

اَللّٰهُمَّ اِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّى

ئوقۇلۇشى: ئاللاھۇممە ئىننەكە ئەفۇۋۇن تۇھىببۇل-ئافۋە فەئفۇ ئەننى

مەنىسى: «ئاللاھىم! سەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن.»






# روزا ھېيت

دىنىمىز رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان. شەۋۋال ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن روزا ھېيت دەپ ئېلان قىلغان.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بىر تەرەپتىن رامىزاننىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىغا كۆڭلىمىز يېرىم بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن روزا ھېيت كېلىۋاتقانلىقىنىڭ خۇشاللىقى بار ئىچىمىزدە. رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى رامىزاننى لايىقىدا ئۆتكۈزدىمۇ ياكى ئۆتكۈزەلمىدىمۇ دەپ ئويلىغاچ، كېلەر يىلقى رامىزانغا ساق-سالامەت يەتكۈزۈشنى تىلەپ دۇئا قىلىمىز ۋە ھېيتقا تەييارلىق قىلىمىز. سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ھېيتلىق كىيىملىرىمىزنى كىيىپ، جاملەرگە يۈگۈرۈپ بارىمىز. ھېيت كۈنى ھېيت نامىزى بىلەن باشلىنىدۇ، ئۇلۇغ رەببىمىزگە شۈكۈر قىلىمىز.

ھېيت بىر دەم ئېلىش كۈنى ئەمەس، بەلكى دوست-يارەنلەر بىلەن بىرلىكتە شاتلىق ئىچىدە ياشايدىغان خۇشاللىق كۈنىدۇر. ھېيت كۈنى ئالدى بىلەن ئاتا-ئانىلىرىمىز ۋە چوڭلارغا سالام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئالىمىز. يېقىن-يۇرۇق، دوست ئاغىنە ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنى يوقلايمىز. ئۇچرىغانلىكى مۇسۇلمانغا خۇشچىراي ئېچىپ: «ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!» دەيمىز. يېتىم، يوقسۇل، مىسكىنلەرنىڭ كوڭلىنى ئالىمىز. بىمار ۋە ياشانغانلاردىن ھال-ئەھۋال سورايمىز. ئۆچ-ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇيمىز. بىر-بىرىگە قېيدىشىپ قالغانلارنى ياراشتۇرۇپ قويىمىز. ھېيتلاردا دوستلۇق ۋە تۇققاندارچىلىق رىشتىمىز كۈچىيىدۇ. مېھرى-شەپقەت، ۋاپادارلىق تۇيغۇلىرىمىز يۈكسىلىدۇ. قەلب دەرۋازىمىز غېرىپ-غۇرۋا ۋە ئىگە-چاقىسىزلارغا ئېچىلىدۇ.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ھاياتى

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان خوشخەۋىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنى سېغىنىش ئىچىدە كۈتەتتى. ئۈچ ئايلار (رەجەپ، شەئبان، رامىزان) كەلگەندە خۇشال بولاتتى ۋە: **«ئاللاھىم! رەجەپ ۋە شەئباننى بىزگە بەرىكەتلىك قىلغىن ۋە بىزنى (ساق-سالامەت) رامىزانغا يەتكۈزگىن!»** دەپ دۇئا قىلاتتى.

رەجەپ ۋە شەئبان ئېيىدا باشقا چاغلاردىكىگە قارىغاندا كۆپرەك روزا تۇتاتتى. رامىزان ھەققىدىمۇ مۇنداق خوشخەۋەر بەرگەن ئىدى:

«رامىزان كەلگەندە جەننەت ئىشىكلىرى كەڭرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەم ئىشىكلىرى يېپىلىدۇ، شەيتانلار زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ.»

«جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىگى بار. بۇنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى رەييان. بۇ ئىشىكتىن پەقەتلا روزا تۇتقانلار كىرىدۇ. روزا تۇتقانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى كىرىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشىك يېپىلىدۇ. بۇ ئىشىكتىن كىرگەنلەرگە بىر شەربەت ئىنئام قىلىنىدۇ، بۇنى ئىچكەن كىشى سۇسىزلىق ئازابى چەكمەيدۇ.»



## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زولۇقى (سۇھۇرى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زو ۋاقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى: «زو ۋاقتىدا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ زولۇق يېيىشكە قىلچە سەل قارىماڭلار، چۈنكى زولۇق تائام مۇبارەك غىزادۇر.» دەيتتى. دەرۋەقە، مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ھويلىسىدا ياتىدىغان پېقىر ساھابىلەر ۋە ئىسلامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان بەختىيار كىشىلەردىن بىرى بولغان ئىرباز ئىبنى سارىيەنى بىر كېچە زولۇق تاماق يېيىشكە چاقىرغاندا:

«مۇبارەك غىزادىن يە!» دېگەن ئىدى.

يەنە بىر قېتىم زولۇق يېيىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«زولۇق تائام بەرىكەتلىكتۇر. چوقۇم يەڭلار. بىر يۇتۇم سۇ بولسىمۇ زودا بىر نەرسە يەڭلار. چۈنكى ئاللاھتائالا ۋە پەرىشتىلىرى زولۇق يېگەنلەرگە رەھمەت ياغدۇرىدۇ.»

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىپتارى

ئۇلۇغ رەببىمىز بەندىسىنىڭ ئۆزىگە ئىتائىتى ۋە ھۆرمەت-ئېھتىرامىنى كۆرۈشتىن مەمنۇن بولىدۇ. ئىپتار ۋاقتى بۇ ئىتائەت ۋە ھۆرمەت-ئېھتىرام ئەڭ ياخشى كۆرسىتىلىدىغان بىر ۋاقىتتۇر. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتار ۋاقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئىپتار ۋاقتى كىرىشى بىلەنلا بالىلاردەك خوشال بولۇپ، ئىپتار قىلىشنىڭ ئاللاھتائالانى مەمنۇن قىلىدىغانلىقى، پايدا ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىم كېچىكتۈرمەي ۋاقتىدا ئىپتار قىلىشقا تىرىشسا، ياخشىلىق ۋە بەرىكەتتىن ئايرىلمايدۇ.» (بۇخارى: «سەۋم»، 45)

ئىپتار ۋاقتىدا قىلىنغان دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان پەيغەمبىرىمىز ئىپتارغا باشلاشتىن ئىلگىرى مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى:

«ئاللاھىم! سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن روزا تۇتتۇم. سەن بەرگەن رىزىق بىلەن ئىپتار قىلدىم.» دېگەندىن كېيىن خورما ياكى سۇ بىلەن ئىپتار قىلاتتى ۋە مۇشۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى.



## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزاندىكى مەرتلىگى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىللاردا داستان مەرتلىگى رامىزاندا تېخىمۇ زىيادە بولاتتى. ئۈچ ئايلاردا (رەجەپ، شەئبان ۋە رامىزاندا) «توختىماي چىققان شامالدىنمۇ بەكرەك مەرت» بولاتتى. قولىغا كەلگەن مال-مۈلۈكلەرنى دەرھال مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بېرەتتى، ئۆزىدىن بىرەر نەرسە ئىستىگەنلەرنىڭمۇ ھاجىتىنى دەرھال راۋا قىلاتتى. ئۆزىدە بەرگۈدەك بىرەر نەرسە بولمىسا، ئۆتنە ئېلىپ بولسىمۇ بېرەتتى. قانداق سەدىقىنىڭ ئەڭ مەقبۇل بولىدىغانلىقىنى سورىغۇچىلارغا: «رامىزاندا تارقىتىلغان سەدىقە»دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.



## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ھاياتى

رامىزاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپلە نامازلىرىمۇ كۆپىيەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆزگە ئەڭ كۆرۈنىدىغىنى شۈبھىسىزكى، تەراۋىھ نامىزى ئىدى.

بۇ ئىبادەت، دۇئا ۋە زىكىر ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى كۆپ ئوقۇيتتى. دېمىسىمۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىدا ھەر كېچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزئارا قۇرئان ئوقۇيتتى. (قۇرئاننى پەيغەمبىرىمىز ئوقۇيتتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاڭلايتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئوقۇيتتى، پەيغەمبىرىمىز ئاڭلايتتى.) ھەر يىلى بىر قېتىم بولىدىغان مۇشۇنداق ئۆزئارا ئوقۇپ سېلىشتۇرۇش ۋەقەسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ئاخىرقى رامىزاندا ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن ئىدى.

رامىزان بىلەن ۋىدالىشىش كۈنلىرى يېقىنلاشقانسېرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىبادەتلىرىمۇ شۇنچە زىچلىشىپ كېتەتتى. چۈنكى مىڭ ئايدىنمۇ بەك قىممەتلىك بولغان «قەدىر كېچىسى»نىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، بولۇپمۇ 25ـ، 27ـ ۋە 29ـ كېچىسىدە بولۇش ئېھتىمالى ئۇنى بۇ كېچىلەردە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىبادەت قىلىۋېلىشقا ئۈندەيتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«كىمكى قەدىر كېچىسىدە بۇ كېچىنىڭ پەزىلىتىگە ئىشىنىپ ۋە ساۋابىنى ئاللاھتىن تىلەپ ناماز ئوقۇسا، ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ.»

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى نەبەۋىدە ئېتىكاپقا كىرەتتى. «رەببىم، ئىشىكىڭگە كەلدىم. سەن مېنى ئەپۇ قىلمىغۇچە، بۇ يەردىن كەتمەيمەن» دېگەن مەنىدە ناماز، دۇئا ۋە زىكىر قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

ـم.ياشار كاندەمىر

### روزا بىلەن قۇرئان مۇسۇلمانغا شاپائەت قىلىدۇ

رامىزان بويىچە قۇرئانى ـ كەرىم ئوقۇشنىڭ مەنىۋى دۇنيايىمىزنى ئۆزگىچە بايلاشتۇرىدىغانلىقىغا دىققىتىمىزنى تارتقان كۆڭۈللەر سۇلتانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«رامىزاندا تۇتۇلغان روزا بىلەن ئوقۇلغان قۇرئانى ـ كەرىم كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ. روزا دەيدۇكى:

ـ رەببىم! مەن بۇ بەندەڭنىڭ كۈن بويى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ماددى ئارزۇلاردىن يىراق تۇرۇشىغا سەۋەبچى بولدۇم. بۇ بەندەڭ ھەققىدە مېنىڭ شاپائىتىمنى قوبۇل قىلغىن!

ئوقۇلغان قۇرئانى ـ كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەن بۇ بەندەڭنىڭ كېچىدە ئۇخلىماسلىقىغا سەۋەبچى بولدۇم. ئۇنىڭ ھەققىدە مېنىڭ شاپائىتىمنىمۇ قوبۇل قىلغىن!

شۇنىڭ بىلەن، روزا ۋە قۇرئان مۇسۇلمانغا شاپائەت قىلىدۇ.

(ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل «مۇسنەد»، 6ـجىلد، 188)

# رامىزان

نۇرغا غەرق بولۇر جاھان،
بەندىلەرگە بىر ئىمتىھان،
مۆمىن مەن دېگەنلەرگە،
روزا ئېيى رامىزان.

نەپسىڭگە بولۇر تەسىرى،
روھەن[1] تۇرىسەن تىرىك،
رامىزان روزىمىز بىزگە
بەش چوڭ پەرزدىن بىرى.

رامىزان قۇرئان ئېيى،
مۆمىنگە شۈكران[2] ئېيى،
بۇ ئاي مۇسۇلمانلارغا
ھىدايەت، غۇفران[3] ئېيى.

بۇ ئايدا بولۇك-پۇشقاق،
قىزىيدۇ ئۇچاق-ئۇچاق،
مۇسۇلمانغا پەرزدۇر،
ئوتتۇز كۈن روزا تۇتماق.

ئىسلام بىر سالامەتتۇر،
ئىمان بىر سائادەتتۇر،
روزا تۇتقان بەندىنىڭ
ھەر ۋاقتى ئىبادەتتۇر.

روزا ئاللاھقا كېلىشتۇر،
رەببىگە كۆڭۈل بېرىشتۇر،
ئۇلۇغ ئاللاھىم بىزلەرنى
بۇ يىل رامىزانغا ئېرىشتۈر.

ـ ئەنۋەر تۇنجالى

---

1 روھەن: «روھىي جەھەتتە» دېگەن مەنىدە.
2 شۈكران: «شۈكۈر قىلىش، تەشەككۈر ئېيتىش» دېگەن مەنىدە.
3 غۇفران: «كەچۈرۈم قىلىنىش، ئەپۇ قىلىنىش، مەغپىرەت قىلىنىش» دېگەن مەنىدە.

## سوئاللار

### ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ، توغرا بولسا **«توغرا»**، خاتا بولسا **«خاتا»** دېگەن كاتەكچىگە ئىشارەتلەڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| 1. روزا بىزنى دۇنيادا يامان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرىدىغان، ئاخىرەتتە جەھەننەمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ۋە گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان مۇھىم بىر ئىبادەتتۇر. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| 2. سەۋەبسىز ھالدا قەستەن روزىسىنى سۇندۇرۇپ، يەپ ئىچكەن كىشى قازا روزىسى ۋە كەففارەت روزىسى تۇتۇشى لازىم. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| 3. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان ياشانغان كىشىلەر بىلەن ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق كېسەل كىشىلەرنىڭ تۇتالمىغان ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن نامراتلارغا يېمەك-ئىچمەك ياكى نەق پۇل بېرىشى «فىدىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| 4. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تۇتۇشقا ۋەدە قىلىنغان روزا «كەففارەت روزىسى» دېيىلىدۇ. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| 5. جامەدە ياكى مەسجىدتە ئىبادەت نىيىتى بىلەن بىر مەزگىل تۇرۇش «ئېتىكاپ» دېيىلىدۇ. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| 6. ئۇلۇغ كىتابىمىز قۇرئانى-كەرىم رامىزان ئېيىنىڭ مىراج كېچىسىدە نازىل بولۇشقا باشلىغان. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| 7. روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بىرەر نەرسە يەپ سالغان كىشىنىڭ روزىسى سۇنىدۇ. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |
| 8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «روزا بىر قالقاندۇر» دېگەن سۆزى روزىنىڭ بىزنى ناچار ئىشلار ۋە گۇناھ سادىر قىلىشتىن توسىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. | توغرا ☐ | خاتا ☐ |

### ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنىڭ رامىزان ئېيى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتۇر؟

ئا. ھەج قىلىش

ب. روزا تۇتۇش

ت. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشقا باشلىشى

پ. قەدىر كېچىسى

2. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى بىز روزا ئارقىلىق ئېرىشكەنلەردىن **ئەمەس؟**

ئا. روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىمىز.

ب. روزا تۇتۇش ئارقىلىق پېقىرلارغا ياردەم قىلغان بولىمىز.

ت. روزا تۇتۇش ئارقىلىق ناچار ئىشلار ۋە گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇپ، جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلىمىز.

پ. روزا تۇتۇش ئارقىلىق سەۋر-تاقەتچان بولۇشنى ئۆگىنىمىز.

3. تۆۋەندىكىلەردىن قايىسىسى ۋاجىپ روزىلاردىن بىرى؟
ئا. نەپلە روزا
ب. مۇھەررەم ئېيى روزىسى
ت. ئاداق روزىسى
پ. رامىزان روزىسى

4. كېچە ئاخىرلىشىپ، تاڭ ئېتىشقا باشلىغان ۋاقىتنىڭ ئىسمى نېمە؟
ئا. سۈبھى
ب. زو ۋاقتى
ت. ئىپتار
پ. ئىتىكاپ

5. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى روزىنى سۇندۇرمايدۇ؟
ئا. ئادەتتە غىزا قىلىپ ئىشلىتىلمەيدىغان ماددىلارنى يېيىش
ب. ئېغىزدىكى تۈكۈرۈكنى يۇتۇش
ت. ئېغىزغا كىرگەن قار ۋە مۆلدۈرنى بىلىپ تۇرۇپ يۇتۇش
پ. تاھارەت ئالغاندا ئېغىز چايقىغان سۇنىڭ گالغا كىرىپ كېتىشى

6. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى روزىنى سۇندۇرۇپ، پەقەتلا قازا كېرەك قىلىدۇ؟
ئا. يۇيۇنغاندا قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىش
ب. ئىختىيارسىز ھالدا گېلىغا چاڭ-تۇزاڭ ۋە تۇمان كىرىپ كېتىش
ت. تەھەددىت ئاستىدا نائىلاج روزىسىنى سۇندۇرۇش
پ. ئىختىيارسىز قۇسۇش

7. مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟
ئا. نەپسىگە ئىگە بولۇش ئارزۇسى
ب. ساغلام ياشاشنى ئارزۇ قىلىشى
ت. ئەتراپىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئارزۇسى
پ. ئاللاھتائالانىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش

8. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى روزىنى سۇندۇرمايدۇ؟
ئا. نامازشام ۋاقتى بولمىغان بولسىمۇ، ۋاقتى بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ بالدۇر ئىپتار قىلىش
ب. سالقىنلاش مەقسىتىدە مونچىغا چۈشۈش
ت. چىشىنىڭ ئارىسىدا قالغان نوقۇتچىلىك چوڭلۇقتىكى تائامنى يۇتۇش
پ. گېلىغا كىرىپ كەتكەن قار-يامغۇر ياكى مۆلدۈرنى ئىختىيارسىز ھالدا يۇتۇپ سېلىش

9. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن قايسىسى روزىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر باھانە-سەۋەپ ھېسابلانمايدۇ؟
ئا. ئۆيگە مېھمان كېلىش
ب. ئۆلتۈرۈلۈش ياكى يارىلىنىش تەھدىتى
ت. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش
پ. سەپەرگە چىقىش

**تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(قەدىر، رەھمەت، ئەپۇ، ئاتمىش بىر، مەغپىرەت (ئەپۇ قىلىنىش)، قازا، ئاداق، سالامەت، رەييان)**

1. رامىزان شۇنداق بىر ئاي ئىكەنكى، بېشى ..........، ئوتتۇرىسى ..........، ئاخىرىسى بولسا جەھەننەم ئوتىدىن قۇتۇلۇشتۇر.
2. روزا تۇتۇڭلار، .......... بولىسىلەر.
3. كەففارەت روزىسى ئادەتتە .............. كۈن تۇتۇلىدۇ.
4. روزىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، بىرەر نەرسە يەپ ئىچكەندىن كېيىن، روزام سۇندى دەپ ئويلاپ، يېيىش-ئىچىشنى داۋاملاشتۇرغان كىشى كېيىن .............. روزىسى تۇتىشى كېرەك.
5. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تۇتۇشقا ۋەدە قىلىنغان روزا .............. روزىسى دېيىلىدۇ.
6. پەيغەمبىرىمىز .............. كېچىسى مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئاللاھىم! سەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى .............. قىلغىن.
7. «جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىگى باردۇر. بۇنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ..............دۇر. بۇ ئىشىكتىن پەقەتلا روزا تۇتقۇچىلار كىرىدۇ. روزىدارلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى كىرىپ بولغاندا، بۇ ئىشىك يېپىلىدۇ. بۇ ئىشىكتىن كىرگۈچىلەرگە بىر شەربەت ئىنئام قىلىنىدۇ، بۇ شەربەتنى ئىچكۈچىلەر ئۇسسۇزلۇق ئازابى چەكمەيدۇ. »





باي بىلەن يوقسۇل ئارىسىدىكى كۆۋرۈك

# زاكات

- مالنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھتۇر
- سەدىقە ۋە زاكات
- زاكاتنىڭ مەنىسى
- زاكات ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز
- كىملەر زاكات بېرىدۇ؟
- زاكتى بېرىلىشكە تېگىشلىك ماللارنىڭ ئۆلچىمى ۋە مىقدارى
- زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟
- كىملەرگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ؟
- زاكات بەرگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى





# شۈكۈر ئىمتىھانى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ساھابىلىرىگە ئۆتمۈشتىكى ئىبرەتلىك ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ ۋەقەلەردىن بىرى مۇنداق:

«بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئارىسىدا بىرى تاز، بىرى ئەما، بىرى بەرەس (ئاق كېسەل) ئۈچ كىشى بار ئىدى. ئاللاھتائالا بۇلارنى سىناش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىنسان سۈرىتىدە بىر پەرىشتە ئەۋەتتى.

پەرىشتە ئالدى بىلەن بەرەس كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟ - دەپ سورىدى. بەرەس كىشى:

- گۈزەل رۇخسار، ھۆسنى جامال. كىشىلەرنى مەندىن يىرگەندۈرىدىغان مۇشۇ ئاق كېسەلدىن بىر قۇتۇلسام. ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئۇنىڭ تېرىسىنى بىر سىلىۋىدى، ئۇنىڭ تېرىسىدىكى ئاق كېسەل ساقىيىپ، چىرايلىق ۋە كېلىشكەن بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئاندىن پەرىشتە:

- قايسى مالنىڭ ئىگىسى بولۇشنى خالايسەن؟ - دەپ سورىدى. بۇ كىشى:

- تۆگىلىرىم بولسىكەن. ـ دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا بىر بوغاز تۆگە بەرگەندىن كېيىن:

- ئاللاھ ساڭا بۇ تۆگىنى بەرىكەتلىك قىلغاي! ـ دەپ دۇئا قىلىپ غايىپ بولدى.

ئاندىن پەرىشتە تاز كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

- ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟ - دەپ سورىدى. تاز كىشى:

- بېشىمغا بىر چاچ چىققان بولسا، چىرايلىق چاچلىرىم بولغان بولسا. كىشىلەرنى مەندىن يىرگەندۈرىدىغان مۇشۇ تازلىق ئىللىتىم بىر ساقايغان بولسا... ـ دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭ بېشىنى سىلىۋىدى، كىشىنىڭ تازلىقى ئوڭشالدى، بېشىغا چىرايلىق چاچ چىقتى. پەرىشتە ئۇنىڭدىن:



- قايسى مالنىڭ ئىگىسى بولۇشنى خالايسەن؟
- دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:
- كالام بولسىكەن. ــ دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا بېرىپ:
- ئاللاھ ساڭا بۇنى بەرىكەتلىك قىلغاي! ــ دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئەما كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى:
- ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ نېمە؟ - دەپ سورىدى. ئەما كىشى:
- ئاللاھ كۆزۈمنى ئاچسا، ئىنسانلارنى كۆرسەم. ــ دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭ كۆزلىرىنى بىر سىلىۋىدى، كۆزلىرى كۆرىدىغان بولدى. پەرىشتە ئۇنىڭدىن:
- قايسى مالنىڭ ئىگىسى بولۇشنى خالايسەن؟
- دەپ سورىدى. بۇ كىشى:
- قويلىرىم بولسىكەن. ــ دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئۇنىڭغا بىر بوغاز قوي بېرىپ:
- ئاللاھ بۇنى ساڭا بەرىكەتلىك قىلغاي! ــ دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن كۆزدىن غايىپ بولدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. تۆگە بوتىلاقلىدى. كالا مۇزايلىدى. قوي قوزىلىدى. تۆگە بېرىلگەن كىشىنىڭ بىر توپ تۆگىسى، كالا بېرىلگەن كىشىنىڭ بىر توپ كالىسى، قوي بېرىلگەن كىشىنىڭمۇ بىر پادا قويى بولدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، پەرىشتە يەنە ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن كەلدى. ئالدى بىلەن ئىلگىرىكى ئاق كېسەل كىشىنىڭ يېنىغا بىر ئاق كېسەل كىشى سۈرىتىدە كېلىپ:

- مەن بىر پېقىر ئاجىز يولۇچى. يولدا پۇلۇم تۈگىدى. ۋەتىنىمگە كېتەلمىدىم. ۋەتىنىمگە كېتەلىشىم بۇگۈن ئالدى بىلەن ئاللاھ، ئاندىن قالسا سېنىڭ ياردىمىڭگە باغلىق بولۇپ قالدى. ساڭا شۇ گۈزەل ھۆسنى-جامال ۋە كۆپ مال بەرگەن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ماڭا بىر تۆگە بەرسەڭ. شۇ تۆگىگە مىنىپ، ۋەتىنىمگە كېتىۋالسام. ــ دېدى. ئىلگىرىكى ئاق كېسەل كىشى:
- بولمايدۇ! ئۇ تۆگىلەردە نۇرغۇن كىشىنىڭ ھەققى بار. ھەر تىلەمچىگە بىر تۆگە بەرگىلى بولمايدۇ. ــ دەپ پەرىشتىگە ياردەم قىلمىدى. پەرىشتە:
- مەن سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن. سەن شۇ ئىلگىرى كىشىلەر يىرگىنىدىغان ئاق كېسەل كىشى ئەمەسمۇ؟! نامرات ئىدىڭ، ئاللاھ ساڭا گۈزەل رەڭگى-رۇخسار ۋە ماللار بەرگەنغۇ. ــ دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇ كىشى:
- ياق! قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ماللار ماڭا ئاتا-بوۋامدىن مىراس قالغان. ــ دەپ ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلدى. پەرىشتە:
- ئەگەر گېپىڭ يالغان بولسا، ئاللاھ سېنى ئىلگىرىكى ھالىتىڭگە ياندۇرىۋەتكەي! ــ دەپ بەددۇئا قىلدى. ئاندىن پەرىشتە ئىلگىرىكى تاز كىشىنىڭ يېنىغا بىر تاز سۈرىتىدە كېلىپ، ئۇنىڭغىمۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى تەكرارلىدى. تاز كىشىمۇ ئاق كېسەل كىشىدەك جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭغىمۇ:
- ئەگەر گېپىڭ يالغان بولسا، ئاللاھ سېنى ئىلگىرىكى ھالىتىڭگە ياندۇرىۋەتكەي! ــ دەپ بەددۇئا قىلغاندىن كېيىن، بىر ئەما سۈرىتىگە كىرىپ، ئىلگىرىكى ئەما كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى:
- ۋەتىنىمدىن يىراقتا قالغان پېقىر، غېرىپ مۇساپىرمەن. يولدا پۇلۇم تۈگەپ كەتتى، يۇرتۇمغا كېتەلمىدىم. بۈگۈن يۇرتۇمغا كېتەلىشىم ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ، ئاندىن كېيىن سېنىڭ ياردىمىڭگە باغلىق بولۇپ قالدى. ساڭا كۆزلىرىڭنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ماڭا بىر قوي بەرسەڭ، مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇرسام. ــ دېدى. ئىلگىرىكى ئەما كىشى:
- مەنمۇ ئەما ئىدىم. ئاللاھ كۆزۈمنى ئاچتى. نامرات ئىدىم، ئاللاھ ماڭا مال بېرىپ باي قىلدى. مانا بۇ قويلىرىم، خالىغانچە ئال. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن مەندىن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلساڭ، ھەممىسنى بېرىمەن. ــ دېدى. پەرىشتە:
- ماللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن! بۇ بىر ئىمتىھان ئىدى. ئاللاھ سەندىن رازى بولدى. باشقا ئىككى دوستۇڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى. ــ دېدى ۋە كۆزدىن غايىپ بولدى.»

(بۇخارى: «ئەنبىيا»، 51؛ مۇسلىم: «زۇھد»، 10)

# مېلىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى كىم؟

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئىشچان بولۇشقا، ئىشلەپ پۇل تېپىشقا ۋە ھالال يولدىن باي بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى:

بىزگە پۇتكۈل نېمەتلەرنى بەرگۈچى ئاللاھتائالادۇر. مال-مۈلكىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھتائالادۇر. بۇ نېمەتلەرنى بىزگە مەلۇم مۇددەت ئامانەت قىلىپ بەرگەن. شۇڭا ئاللاھ بىزگە ئامانەت قىلىپ بەرگەن ماللارنى ئاللاھ رازى بولىدىغان يولدا خەجلىشىمىز لازىم.

مېلىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھتائالا ئېھتىياجىمىزدىن كۆپ بولغان مالنىڭ بىر قىسمىنى پېقىر-يوقسۇل، ھاجەتمەن كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشكە بۇيرىغان.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«مال-مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە مال-مۈلۈك بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن مۈلۈكنى تارتىپ ئالىسەن. خالىغان ئادەمنى ئېزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن.»

(ئال-ئىمران سۈرىسى 26 ـئايەت)





## سەدىقە ۋە زاكات

ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىش دىنىمىزدە «ئىنفاق» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىنفاق» قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى سەدىقە ۋە زاكات بېرىشتۇر.

بىر مۇسۇلمان ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزى خالاپ باشقىلارغا ياردەم قىلسا، بۇ سەدىقە بولىدۇ. سەدىقە دېگەندە ئادەتتە، موھتاج كىشىلەرگە قىلىنغان ماددى ياردەم كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. لېكىن سەدىقە پەقەتلا پۇل-مال بىلەن قىلىنغان ماددى ياردەمدىنلا ئىبارەت ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قىلغان ھەر خىل ياخشى ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ سەدىقە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بىزنى سەدىقە ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدىغان ھەر خىل گۈزەل سۆز-ھەرىكەتلەرگە ئائىت ئۆرنەكلەر بەرگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا:

- موھتاجلارغا ماددى ياردەم بېرىش سەدىقىدۇر.
- قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغان قەرزدارغا مەلۇم مۆھلەت بېرىش سەدىقىدۇر.
- ئىنسانلارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىش ۋە ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش سەدىقىدۇر.
- ئىنسانلارنى بىئارام قىلىدىغان نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋېتىش سەدىقىدۇر.
- يول تاپالمىغان كىشىگە يول كۆرسىتىش ياكى ئادرېسنى دەپ بېرىش سەدىقىدۇر.
- قاتناش ۋاستىسىغا چىقماقچى بولغان ياكى يۈكىنى ئارتماقچى بولغان كىشىگە ياردەم قىلىش سەدىقىدۇر.
- بىر-بىرى بىلەن قېيدىشىپ قالغان ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش سەدىقىدۇر.
- «ئاللاھۇ ئەكبەر»، «ئەلھەمدۇلىللاھ»، «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دەپ ئاللاھنى ئەسلەش سەدىقىدۇر.



- كىشىلەرگە خوش تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىش سەدىقىدۇر.
- چىرايلىق گەپ قىلىش سەدىقىدۇر.
- ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش سەدىقىدۇر.
- ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە ماڭغان كىشىنىڭ باسقان ھەر قەدىمى سەدىقىدۇر.
- كۆچەت تىكىش سەدىقىدۇر.
- بىر ئەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى سەدىقىدۇر.
- بىر ئايالنىڭ يولدىشى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى سەدىقىدۇر.

**ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:**

«ئى مۆمىنلەر! سودا-سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈن (قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار.»

(بەقەرە سۈرىسى 254 ـ ئايەت)

- بىر بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە بىر تۇغقانلىرىغا ياردەم قىلىشى، ياخشىلىق قىلىشى سەدىقىدۇر.

قىسقىسى:

بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان **«ھەر قانداق ياخشى ئىشىنىڭ ھەممىسى سەدىقىدۇر.»** (بۇخارى: «سەھىھ»، «ئەدەب»، 33)

كۆرگىنىمىزدەك، دىنىمىزدە سەدىقىنىڭ مەنىسى كۆپ تەرەپكە چېتىلىدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ سەدىقە بېرىشى ئۈچۈن باي بولۇشى شەرت ئەمەس. ھەر مۇسۇلمان ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا سەدىقە بېرەلەيدۇ ۋە گۈزەل سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىقمۇ سەدىقە ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن «ئىنفاق»نىڭ تامامەن مال-مۈلۈككە چېتىشلىق بىر تەرىپى باردۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ مەلۇم دەرىجىدە باي بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى موھتاجلارغا بېرىشنى پەرز قىلغان. ئىسلامدىكى بەش ئاساسنىڭ بىرى بولغان بۇ مالى ئىبادەت[1] **زاكات** دەپ ئاتىلىدۇ.

---

1 مالى ئىبادەت: مال-مۈلۈك بىلەن قىلىنىغان ئىبادەت دېگەنلىكتۇر. ئىبادەتلەر ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، 1) بەدەنىي ئىبادەت (بەدەن بىلەن قىلىنىغان ئىبادەت)، مەسىلەن: ناماز؛ 2) مالى ئىبادەت: مال-مۈلۈك بىلەن قىلىنىغان ئىبادەت، مەسىلەن: زاكات؛ 3) ھەم مالى، ھەم بەدەنىي ئىبادەت، مەسىلەن: ھەج.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«سەدىقە بېرىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.» بۇنىڭغا قارىتا دوستلىرى:

- سەدىقە بەرگۈدەك بىرەر نەرسىسى بولمىغانلار قانداق قىلىدۇ؟ - دېيىشتى.

پەيغەمبىرىمىز:

- ئىشلىسۇن، ھەم ئۆزىگە پايدىسى بولىدۇ، ھەمدە سەدىقە بېرەلەيدۇ.

- ئىشلەشكە كۈچى يەتمىگەنلەر (ياكى قىلغۇدەك ئىش تاپالمىغانلار) قانداق قىلىدۇ؟

- ھاجەتمەنگە، موھتاجغا ياردەم قىلسۇن.

- بۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، قانداق قىلىدۇ؟

- كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرىسۇن.

- بۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟

- ناچار، ئەسكى ئىشلاردىن ئۇزاق تۇرسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.

(بۇخارى: «زاكات»، 30)







## زاكات دېگەن نېمە؟

✍ **زاكات:** باي بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى دىنىمىز بۇيرىغان يەرگە سەرپ قىلىشىدۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەر قانداق ياخشى ئەمەل بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

(بەقەرە سۈرىسى 110-ئايەت)

### زاكات پاكىزلىقتۇر

«زاكات» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى بىر مەنىسى «پاكىزلىق»تۇر. بىر كىشى ئۆزى ئىشلەپ تاپقان مال-مۈلكىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى موھتاجلارغا بەرسە، ئۇنداقتا بۇ كىشى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە پاكىزلىنىدۇ. زاكات بېرىش كىشىنى گۇناھ ۋە پىخسىقلىق كىرلىرىدىن پاكىزلايدۇ. كىشىدىكى مال-دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشتىن ئىبارەت كېسەللىكنى داۋالايدۇ.

**«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.»**

(تەۋبە سۈرىسى 103-ئايەت)

# زاكات ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز

## زاكات

- مېلىمىزنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ.
- مېھرى-شەپقەت، ئاق كۆڭۈللۈك تۇيغۇسىنى كۈچلەندۈرىدۇ.
- پېخسىقلىق ۋە شەخسىيەتچىلىك قىلىشتىن ساقلايدۇ.
- ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ.
- مېلىمىزنى كۆپەيتىدۇ ۋە بەرىكەتلىك قىلىدۇ.
- مېلىمىزنى پاكىزلايدۇ.
- مال-مۈلكىمىزنىڭ بالا-قازا ۋە كېلىشمەسلىكلەردىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.



بىزگە نېمەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىز ئىگە بولغان نېمەتلەرنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىشلىتىش چوڭ بىر شۈكۈردۇر. مېلىمىزنىڭ قىرىقتىن بىرىنى موھتاجلارغا بېرىش ئارقىلىق ھەم ئىبادەت قىلغان ھەمدە بىزگە مۇشۇ بايلىقتىن ئىبارەت نېمەتنى بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر قىلغان بولىمىز. بەرگەن زاكىتىمىز تۈپەيلى ھېچكىمدىن رەھمەت تاما قىلمايمىز. مۇشۇنداق قىلساق، زاكات بىزنىڭ **مال-مۈلكىمىزنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىشىمىزغا ياردەمچى بولىدۇ.**

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ياخشى ئىنسانلار ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز. سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز. شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز.» ئاللاھ ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.»

(ئىنسان سۈرىسى 8 ـ 11 ـ ئايەتلەر)

بايلار مال-مۈلكى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن پېقىر-يوقسۇللارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلمەسلىگى مۇمكىن. زاكات بېرىش ئۈچۈن پېقىر، موھتاج كىشىلەرنى ئىزدىگەن ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاستە كۆرۈش پۇرستىگە ئېرىشىمىز. پېقىرلار ياشاۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىك شارائىتنى كۆرىمىز. پېقىرلار ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىمىز. قول ئىلكىمىزدىكى پۇل-ماللارنى بۇ شەكىلدە سەرپ قىلىش بىزدىكى **مېھرى-شەپقەت، ئاق كۆڭۈللۈك ھېس-تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىدۇ.**

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر قەلبىڭىنىڭ يۇمشاق بولىشىنى ئارزۇ قىلساڭ، نامراتلارغا يېمەك-ئىچمەك بەرگىن، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلىغىن...»

(ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 2 ـ جىلد، 263)



ئاللاھتائالا: **«باي مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئېپپەتلىكلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلارنىڭ ھەققى بار.»** (زارىيات سۈرىسى: 19 ـ ئايەت) دېيىش ئارقىلىق، بايلارنىڭ مېلىدا يوقسۇل ۋە پېقىرلارنىڭ ھەققى بار ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگەن. ئەگەر بۇ ھەقنى ئىگىسىگە بەرمىسەك، پېقىرنىڭ ھەققىنى ئوغۇرلىۋالغان بولىمىز. باشقىلارنىڭ ھەققىنى بەرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنمۇ مېلىمىزغا ھارام ئارىلاشتۇرغان بولىمىز. ھارام ئارىلاشقان بىر مال پاكىز بولمىغان بولىدۇ. پېقىر ۋە موھتاجلارنىڭ ھەققىنى بېرىش ئارقىلىق مېلىمىزغا ھارام ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن زاكات **مېلىمىزنى پاكىزلايدۇ.**

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.»

**(تەۋبە سۈرىسى 103 ـ ئايەت)**



زاكات ۋە سەدىقە مال-دۇنياغا بولغان زىيادە ئامراقلىقىمىزنى كونترول قىلىدۇ. مال-دۇنيانى ناتوغرا يوللارغا ئىشلىتىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆپ پۇل، مال-دۇنيانىڭ ھەممىگە قادىر ئەمەسلىكىنى ئۆگىتىدۇ. قول ئىلكىمىزدىكى مال-دۇنيادىن باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بەھىر ئېلىشنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىزنى **پىخسىقلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن قۇتقۇزىدۇ.** ھەمىشە ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئويلىيالايدىغان، مال-دۇنياسىنى ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن خەجلىيەلەيدىغان پىداكار ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«زاكات بەرگەن، مېھمانلىرىنى ئوبدان مېھمان قىلغان، بالا-قازاغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلغان كىشى پىخسىقلىق ئىللىتىدىن قۇتۇلىدۇ.»

(تەبەرانى: «مۇئجەمۇل-كەبىر»، 4- جىلد، 256)

زاكات بايلارنىڭ مال-مۈلكىنى نامراتلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر كۆۋرۈكتۇر. زاكات يوقسۇللار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ ياخشىلايدۇ، چىدىماسلىق، ھەسەتخورلۇقنى يوقىتىدۇ. ئۆزئارا **ھەمكارلىق ۋە مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ.** بايلار نامراتلارغا مېھرى-شەپقەت قىلىدۇ، نامراتلارمۇ بايلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ. جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىش ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زاكات ھەم نامراتلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدۇ، ھەمدە جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«زاكات ئىسلامنىڭ كۆۋرۈكىدۇر.»

(ھەيسەمى: «مەجمەئۇز-زەۋائىد»، 1-جىلد، 480)

زاكات ۋە سەدىقە پۇل-مېلىمىزنىڭ **بالا-قازا ۋە كېلىشمەسلىكلەردىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.** خەلق ئارىسىدىكى «سەدىقە بالانى يەر» (ئاز سەدىقە كۆپ بالا-قازانى يوق قىلىدۇ) دېگەن سۆز بۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بىر پېقىرنىڭ ياكى ھاجەتمەن كىشىنىڭ كۆڭلى ۋە دۇئاسىنى ئېلىش بالا-قازا ۋە مۇسىبەتنى ئۇزاقلاشتۇرىدۇ. زاكات ۋە سەدىقە بەرگەن كىشىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مۇھاپىزىتى كېلىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«پۇل-مېلىڭلارنى زاكات بىلەن قوغداڭلار.»

(بەيھاقى: «شۇئابۇل-ئىمان»، 5 -جىلد، 184)

زاكات مېلىمىزنىڭ كۆپىيىشى، **بەرىكەتلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.** ئاللاھتائالا: **«سىلەر جازانە ئېلىش ئۈچۈن (يەنى كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن) بىرەر پۇل-مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ، (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوغىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ). ئەمما ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلارغا) ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ.»** (رۇم سۈرىسى 39 -ئايەت)

دېيىش ئارقىلىق، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن زاكات ۋە سەدىقە بەرگەنلەرنىڭ مال دۇنياسىنى كۆپەيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كۆپىيىشىنىڭ سەۋەبى سەدىقە ۋە زاكات ئېلىپ خوش بولغان كىشىلەر بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى تۈپەيلىدىندۇر. پېقىر مىسكىنلەر ۋە پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى زاكات بەرگۈچى بايلار ئۈچۈن ھۇزۇر ۋە راھەت مەنبەسىدۇر.



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

ھەر كۈنى سەھەردە ئىككى پەرىشتە يەر يۈزىگە چۈشىدۇ. بۇلاردىن بىرى: «ئاللاھىم! پۇل-مېلىنى سېنىڭ يولۇڭدا سەرپ قىلغان كىشىگە يەنە يېڭىدىن مال-دۇنيا بەر!» دەپ دۇئا قىلىدۇ. يەنە بىرى: «ئاللاھىم! پىخسىقلىق قىلغان كىشىنىڭ مال-دۇنياسىنى يوق قىل!» دەپ دۇئا قىلىدۇ.

(مۇسلىم: «زاكات»، 57)



# تېخىمۇ قىممەت ئالغۇچى بار

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مەدىنەدە ئاچارچىلىق يۈز بەردى. خەلق ھەتتا نان يېقىش ئۈچۈن بىرەر تال بۇغداي دانىسىنىمۇ تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەدىنىلىك سودىگەرلەر قول ئىلكىدىكى پۇللىرىنىڭ ھەممىسنى بۇغداي ئېلىپ-سېتىش ئۈچۈن سەرمايە قىلدى.

بۇ مەزگىلدە ھەزرىتى ئوسمان شامغا بىر تىجارەت كارۋىنى ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن يۈز تۆگە يۈكى بۇغداي سېتىۋېلىپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان ئېلىپ كەلگەن بۇغدايلار خەلقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن يېتەتتى. چۈنكى بۇ چاغدا مەدىنىنىڭ نوپۇسى كۆپ ئەمەس ئىدى.

سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى دەرھال ھەزرىتى ئوسماننىڭ يېنىغا كەلدى. شامدىن ئەكەلگەن بۇغداينى ئۆزلىرىگە سېتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىر چارەك بۇغدايغا تۆت دەرھەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئەمما ھەزرىتى ئوسمان سودىگەرلەر قويغان باھانى ئاز كۆردى. «سىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قىممەت ئالغۇچى بار» دەپ، بۇغدىيىنى ھېچكىمگە ساتمىدى. بۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەر باھانى ئۆستۈردى. لېكىن ھەزرىتى ئوسماندىن يەنە «سىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قىممەت ئالغۇچى بار» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىدى. ئاخىرىدا ھەتتا بىر چارەك بۇغداينى يەتتە دەرھەمدىن ئېلىشقىمۇ رازى بولۇشتى. بۇ سودىگەرلەر قويغان ئەڭ يۇقىرى باھا ئىدى. لېكىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئېغىزىدىن «سىلەردىنمۇ قىممەت ئالغۇچى بار» دېگەن سۆزدىن باشقا گەپ چىقمايۋاتاتتى.

سودىگەرلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇ قىلىقىنى پۇرسەتپەرەستلىك، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىۋېلىش غەرىزىدە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاشقا باشلىدى. خەلق قاتتىق ئاچارچىلىق ئىچىدە قىينىلىپ تۇرغاندا ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇنىڭغا پەقەتلا ياراشمايۋاتاتتى.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ پۇل-ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ...»

(ئال-ئىمران سۈرىسى 134-ئايەت)

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»

(بەقەرە سۈرىسى 261-ئايەت)



سودىگەرلەر ئاخىرى بۇ ئىشنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئېيتىش قارارىغا كېلىشتى. خەلىپىدىن ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئوسمان بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنمەكچى بولدى.

سودىگەرلەر خەلىپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۆز ئەينى ئاڭلاتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى باشتىن-ئاخىر زەن سېلىپ ئاڭلىدى ۋە ئۇلارغا: «بۇ ئىش بىر ئاز ئاجايىپ. مېنىڭچە، سىلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەندەك قىلىسىلەر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيوغلى ۋە جەننەتتە دوستى، خەلقنىڭ موھتاجلىقىنى پۇرسەت بىلىپ پايدا قوغلىشىدىغانلاردىن ئەمەس. بۇنداق قىلىشىدا چوقۇم بىر گەپ بار. يۈرۈڭلار، بىللە بېرىپ بۇ ئىشنى ئۆزىدىن بىر سوراپ باقايلى.» دېدى.

سودىگەرلەر بىلەن خەلىپە بىرلىكتە ھەزرىتى ئوسماننىڭ يېنىغا كەلدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ھەزرىتى ئوسماندىن مېلىنى نېمىشقا سودىگەرلەر قويغان باھاغا ساتمىغانلىقىنى سورىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇ سوئالغا بەرگەن جاۋابى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئاجايىپ مەنىلىك بىر جاۋاب ئىدى:

«ئەي رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! بۇ سودىگەرلەر مەندىن بىر چارەك بۇغداينى يەتتە دەرھەمگە سېتىۋالماقچى بولۇشتى. يەنى، بىرگە يەتتە بەرگۈدەك. ھالبۇكى مەن ئۇنى بىرگە يەتتە يۈز بېرىدىغان بىرەيلەنگە سېتىشنى خالايمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەر بىر ياخشىلىققا يەتتە يۈز ساۋاب ۋە مۇكاپات بېرىشنى ۋەدە قىلغان ئەمەسمىدى؟ مۇشۇنداق بىر پايدا ئالغىلى بولىدىغان تىجارەت بار يەردە، مەن نېمىشقا مېلىمنى ئۇلارغا ساتقۇدەكمەن؟!»

ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغان سودىگەرلەر چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

ھەزرىتى ئوسمان يۈز تۆگىگە يۈكلەنگەن بۇغداينىڭ ھەممىسىنى مەدىنە خەلقىگە ھەقسىز تارقىتىپ، پېقىر-يوقسۇللارنىڭ يۈزىنى كۈلدۈردى. شەھەردىكى ئاچارچىلىق ئاپىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى.





# زاكات بېرىش كىملەرگە پەرز؟

ئەقلى-ھوشى جايىدا،
بالاغەتكە يەتكەن،
دىنىي جەھەتتە باي ھېسابلانغان (زاكات بېرەلىگۈدەك مال-مۈلكى بولغان)

مۇسۇلماننىڭ

يىلدا بىر قېتىم

زاكات بېرىشى پەرزدۇر.
☺☺☺☺

## دىنىي جەھەتتە باي ھېسابلىنىشنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

زۆرۈر ئېھتىياجى ۋە قەرزىنىڭ سىرتىدا «زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىدىغان» مالغا ئىگە بولغان كىشى دىنىي جەھەتتە باي ھېسابلىنىدۇ.

زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىدىغان مال مىقدارى بايلىق دەرىجىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىدۇر. بۇ چەككە يەتكەن كىشىلەرنىڭ قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىشى ۋە رامىزاندا پىتىر سەدىقىسى بېرىشى ۋاجىپتۇر. لېكىن زاكات پەرز بولۇشى ئۈچۈن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىدىغان مال مىقدارى زاكات بەرگۈچىنىڭ قولىدا ئەڭ ئاز بىر يىل (قەمەرىيە يىلى 354 كۈن) تۇرغان بولۇشى كېرەك.

## زۆرۈر ئېھتىياجلار قايسىلار؟

تىجارەت ئۈچۈن ئەمەس:

- ئۆي،
- ئۆي جابدۇقلىرى،
- كىيىم-كېچەكلەر،
- قاتناش ۋاستىسى،
- كىتابلار،
- ھۈنەر-كەسىپ سايمانلىرى،
- ئائىلىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتى

زۆرۈر ئېھتىياجلاردۇر.



## زاكاتنى بېرىلىشكە تېگىشلىك ماللارنىڭ ئۆلچىمى ۋە مىقدارى

دىنىي جەھەتتە باي ھېسابلانغان ۋە زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىدىغان مال-مۈلۈككە بىر يىل ئىگە بولغان كىشى مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرىشى كېرەك.

زاكىتى بېرىلىشكە تېگىشلىك مال مىقدارى كىشىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرى ۋە قەرزى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان مالدىن ھېسابلىنىدۇ.

زاكات ئۆلچىمى ۋە مىقدارى مال تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق بولىدۇ.

### تىجارەت ماللىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە زاكىتى

| مال تۈرى | زاكات ئۆلچىمى | بېرىشكە تېگىشلىك زاكات مىقدارى |
|---|---|---|
| ئالتۇن | 80,18 گرام | قىرىقتىن بىر قىسمى ( 2,5%) |
| كۈمۈش | 561 گرام | |
| تىجارەت مېلى | 80,18 گرام ئالتۇن قىممىتىدە | |
| نەق پۇل | 80,18 گرام ئالتۇن قىممىتىدە | |



# چارۋا ماللارنىڭ ئۆلچىمى ۋە زاكىتى

چارۋا ماللاردىن بېرىلىدىغان زاكات مىقدارى چارۋا مالنىڭ تۈرىگە ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ:

- **قوي، ئۆچكە:** 40 تۇياقتىن 120 تۇياققىچە (120 تۇياقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولغان قوي ياكى ئۆچكىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بىر قوي ياكى بىر ئۆچكە بېرىلىدۇ.
- **كالا:** 30 تۇياقتىن 39 تۇياققىچە (39 تۇياقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولغان كالىلارنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بىر ياشلىق بىر كالا (بۇقا) بېرىلىدۇ.
- **تۆگە:** 5 تۇياقتىن 9 تۇياققىچە (9 تۇياقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولغان تۆگىلەرنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بىر قوي ياكى بىر ئۆچكە بېرىلىدۇ.

قوي، ئۆچكە، كالا ۋە تۆگىلەرنىڭ يۇقىرىقىدىن پەرقلىق سانلىرىنىڭ زاكىتىنى ھېسابلاشنى فىقھى كىتابلىرىدىن ئۆگىنەلەيمىز.











## يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە زاكىتى

- يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتى «**ئۆشرە**» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
- ❖ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن زاكات بېرىش ئۆلچىمى 611 كىلوگرام (يەنى، مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى 611 كىلوگرامغا يەتكەندە، زاكىتىنى بېرىش كېرەك.)
- ❖ سۇ پۇلسىز ئېلىنمايدىغان يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوندىن بىرى (10%)،
- ❖ سۇ پۇلسىز ئېلىنىدىغان يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىگىرمىدىن بىرى (5%) زاكات بېرىلىدۇ.

✍ بۇغداي، ئارپا، قۇناق، گۈرۈچ، پۇرچاق، پالەك، قوغۇن-تاۋۇز، پەتەنگان (چەيزە)، زەيتۇن، ئالما، ئۆرۈك، بېھى، گىلاس، شاپتۇل قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن زاكات بېرىلىدۇ.

✍ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا بىر يىل تۇرۇشى شەرت ئەمەس. ئورمىدىن كېيىن (ئېتىزلىقتىن ياكى باغدىن مېۋىسى ئۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن) زاكىتى بېرىلىدۇ.

«يەر تېرىغۇچىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى بوشىلىدۇ، ئەمما ئورما ۋاقتى كەلگەندە كۆرسەڭ، ئۇلار ئەتىيازدا تېرىغان ئۇرۇقلۇق بۇغدايدىن قانچىلىك ھوسۇل ئالىدۇ، ئۇرۇقنى قارىغاندا ھوسۇل قانچە ھەسسە ئارتۇق، ئويلاپ باق!

بوشالغان بىر ئامبارغا چۈشلۈق قانچە ئامبار قايتا تولىدۇ!

بۇغداينى تېرىمىسا، ئىشلەتمىسە، ئامباردا ساقلاپ قويسا، قۇرتلايدۇ، پىتلايدۇ، چاشقانلارغا يەم بولىدۇ.»

- جالالىددىن رۇمى

# خاراپ بولغان باغ

بىر مەرت ئادەمنىڭ ئۈزۈملۈك ۋە خورمىلىق بىر بېغى بار ئىدى. دىنىنىڭ ئەمرلىرىگە ئاگلىق رىئايە قىلىدىغان بۇ ئادەم كۆز پەسلى كەلگەندە مېۋىلىرىنىڭ زاكىتىنى پېقىر-يوقسۇللارغا بېرەتتى. بۇ ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن باغلىرى بالىلىرىغا مىراس قالدى. بالىلىرى مال-دۇنياغا دەرىجىدىن تاشقىرى ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىشقا باشلىدى.

ھالبۇكى، دادىسى ھايات ۋاقتىدا زاكاتنى مەرتلىك بىلەن تارقىتىپ، موھتاجلارنىڭ دۇئاسىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن باغنىڭ مېۋىلىرى ناھايىتى بەرىكەتلىك بولغان، پېقىر-يوقسۇللار باغنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ئىدى. لېكىن دادىسى بەرگەن زاكاتلار ئوغۇللىرىنىڭ كۆزىگە بەك كۆپ كۆرۈنۈپ كېتىپ، ئوغۇللارنىڭ بۇنى بەرگۈسى كەلمەي قالدى. ئۇلار زاكات بېرىش بىلەن مېلىمىز ئازلاپ قالارمىكىن دېگەن ئويدا ئىدى. ئۇلار ئاللاھ باغقا ۋە ئېتىزلىققا بەرگەن بەرىكەتنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى، چۈنكى غەپلەت ۋە ئاچكۆزلۈك ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرمەس قىلىپ قويغان ئىدى.

زاكات بەرمەسلىك ئۈچۈن باھانە-سەۋەپ تېپىشتى: «ئائىلىمىزدە جان سانى كۆپ، مېلىمىز ئاز. يوقسۇللارغا بىرەر نەرسە بەرمەيلى. ئەتە سەھەر تاڭ ئېتىش بىلەنلا باغقا بالدۇر بارايلى. پېقىرلار كېلىشتىن ئىلگىرىلا مېۋىلەرنى ئۈزۈۋالايلى.» دېيىشتى.

بۇ گەپنى قىلىشقان چاغدا مالنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدى، پېقىرلارنىڭ ھەققى بولسا خىيالىغىمۇ كەلمىدى...

شۇ ئائۇلار ئۇخلاۋاتقاندا ئاللاھتائالانىڭ ئەمرى بىلەن باغقا بىر ئاپەت كەلدى. باغنىڭ يېنىدىن بىر ئوت چىقىپ، باغنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى.

تاڭ سەھەردە ئورنىدىن ئالدىراش تۇرغان ئوغۇللار خۇشال ھالدا بىر-بىرىنى چاقىرىشتى:

- تېز بولايلى، مېۋىلەرنى چاپسان يىغىۋالايلى، تېز!

دەرھال يولغا چىقىشتى، بىر تەرەپتىن ئۆز ئارا كۇسۇلدىشىپ:

- بۈگۈن يېنىمىزغا پېقىر-يوقسۇللار قەتئىي كېلىپ قالمىسۇن. ئۇلارنىڭ بېغىمىزغا كىرىشىگە ھەرگىز پۇرسەت بەرمەيلى. ـ دېيىشتى.

لېكىن ئۇلار باغقا كېلىپلا ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. كۆزلىرىگە

ئىشەنمىدى: «ئەجەبا، خاتا بىر يەرگە كېلىپ قالدۇقمۇ نېمە؟» ئەتراپقا قارىدى. بۇ يەر باغنىڭ يېرى ئىدى. ئەمما باغ تونۇغۇنكى باغ ئەمەس ئىدى، چۈنكى ھەممە نەرسە كۆيۈپ قاپ-قارا كۆمۈردەك بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئوغۇللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىقراق بىرسى ئەھۋالنى دەرھال چۈشەندى:

- ياق، بىز خاتا كېلىپ قالمىدۇق. بۇ يەر دەل بىزنىڭ بېغىمىز. بىز مال-دۇنياغا قاتتىق بېرىلىپ، پېقىر-يوقسۇللارغا بىر نەرسە بەرمەسلىككە نىيەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھتائالا بۇ بالا-قازانى بەردى، بېغىمىزنى ئوت ئاپىتىدە كۈل قىلدى.

ئوغۇللار ھەسرەت-نادامەت، پۇشايمانلىق ئىلكىدە قالدى. ئاخشام قانداق خىياللارنى قىلغان ئىدى، مانا ھازىر نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ؟!... ئۆز ئارا بىر بىرىنى ئەيىپلەشتى: «ھەممىنى قىلغان سەن! بۇ يامان ئەقىلنى بىزگە سەن ئۆگەتتىڭ.» دەپ ئۆز ئارا جېدەللەشتى. ئەقىللىقراق چوڭى:

- ئۇكىلىرىم! بىر-بىرىمىزنى بۇنداق ئەيىپلەۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيلى. ئاللاھ بەلكىم رەھىم قىلىپ، بىزنى ئەپۇ قىلىشى مۇمكىن. ــ دېدى.

ئوغۇللار ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. مال-مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھ ئىدى. ئاللاھ بەرگەن مالنى ئاللاھ خالىغان رەۋىشتە ئىشلىتىش كېرەك ئىدى. ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان مال-دۇنيا بەرىكەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە جەننەتكە كىرىشكىمۇ سەۋەب بولاتتى.

ئاخىرى ئوغۇللار تەۋبە قىلىپ، مۇنداق دېيىشتى:

- ئېسىت، ئېسىت! بىز قاتتىق پۇشايمان قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۇق. ھەممە گۇناھ بىزدە. رەببىمىز بارلىق ئەيىپ-نوقسانلاردىن پاكتۇر. شۇڭا رەببىمىزدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزمەيلى. رەببىمىزدىن تىلەيلى. بىر خاتالىقىمىز تۈپەيلى بېغىمىزنى قولىمىزدىن ئالغان ئۇلۇغ رەببىمىزگە سەمىمىي يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلساق، بۇ باغدىنمۇ ياخشىراق بىر باغنى ئەلۋەتتە بېرىشى مۇمكىن. رەببىمىزنىڭ رەھمىتىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا سېغىنىمىز.

**(مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۈچۈن قەلەم سۈرىسى 17-33-ئايەتلەرگە قاراڭ.)**



# زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

ئاللاھتائالا مۇنداق دېيدۇ:

«باي مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئېھتىياجلىق بولسىمۇ) ئۆزىنى تىلەمچىلىكتىن ساقلىغان موھتاجلارنىڭ ھەققى بار.»

(زارىيات سۈرىسى 19 -ئايەت)

**پېقىرلار:** دىنىمىزدىكى ئۆلچەملەر بويىچە قارىغاندا باي ھېسابلانمايدىغان، يەنى زاكات بېرەلىگۈدەك مال-مۈلكى بولمىغان كىشىلەر.

**يوقسۇللار:** يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قاتارلىق ئەڭ ئەقەللىي ئېھتىياجلىرىنىمۇ ئۆزى قامدىيالماي، باشقىلارغا موھتاج بولغان كىشىلەر.

**قەرزدارلار:** قولىدىكى مېلى بىلەن قەرزىنى تۆلىسە، پېقىرچىلىقتا قالىدىغان كىشىلەر. بۇ كىشىلەر زاكات بېرەلىگۈدەك مال-مۈلۈككە ئىگە بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇلارغا قەرزىنى تۆلىۋالسۇن دەپ زاكات بېرىلىدۇ.

**مۇساپىرلار:** ۋەتىنىدە مال-مۈلكى بار بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ياقا يۇرتتا پۇلسىز قالغان، باشقىلارغا موھتاج بولۇپ قالغان كىشىلەر. بۇلارغا يۇرتىغا خىراجەت قىلىپ كېتەلىگۈدەك زاكات بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئەگەر مۇمكىن بولسا، زاكات ئالماي، قەرز ئالغىنى تېخىمۇ ياخشىراق.

**ئاللاھ يولىدىكىلەر:** ئاللاھ يولىدا ئۆزى خالاپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما نامراتلىق تۈپەيلى يېمەك-ئىچمەك، قورال ۋە باشقا نەرسىلەرگە موھتاج بولغان كىشىلەر. بۇ كىشىلەرگە ئېھتىياجىنى قامدىشى ئۈچۈن زاكات بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش ۋە تەبلىغ ۋەزىپىسىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان ۋە بۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان كىشىلەرگىمۇ زاكات بېرىشكە بولىدۇ.

زاكات بېرىلىدىغان يەرلەرنى كۆرسەتكەن تەۋبە سۈرىسى 60-ئايەتتە **يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش گۇرۇپپىدىن باشقا يەنە قۇللار، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار ۋە زاكات خادىملىرىدىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپا تىلغا ئېلىنغان.** شۇڭا بۇ ئايەتكە ئاساسلانغاندا زاكات بېرىلىدىغان يەرلەر جەمئىي سەككىز گۇرۇپپا كىشىلەردۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دېيدۇ:

«زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھ يولىدا ئىشلىگۈچىلەرگە ۋە يولدا قالغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن پەرزدۇر. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»

(تەۋبە سۈرىسى 60 -ئايەت)

زاكىتىمىزنى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان سەككىز گۇرۇپپا كىشىلەر ئىچىدىكى خالىغان بىرىگە بەرسەك بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچىسىگە ياكى ھەممىسىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرسەكمۇ بولىدۇ.

زاكات بەرگەندە ئالدى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىمىزدىن باشلاپ بەرسەك، تېخىمۇ ساۋاب بولىدۇ.

# كىملەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ؟

- ⊗ بايلارغا،
- ⊗ مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە،
- ⊗ بېقىش مەجبۇرىيىتى بولغان كىشىلەرگە (ئاتا-ئانا، چوڭ ئانا، چوڭ دادا، بالا-ۋاقا، نەۋرە-چەۋرىلەر)،
- ⊗ مەكتەپ، دوختۇرخانا، جامى، يول، كۆۋرۈك قاتارلىق يەرلەرگە

**زاكات بەرگىلى بولمايدۇ.** ⊗

☒ ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە زاكات بېرەلمەيدۇ.

☑ بىر تۇغقانلار، هاماچا، تاغا (ئانىسىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ بىر تۇغقانلىرى)، بىر تۇغقىنىنىڭ باللىرى قاتارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلارغا زاكات بەرگىلى بولىدۇ.



# ياخشى كۆرىدىغىنىنى بەردىم

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەك ياخشى كۆرىدىغان دوستلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ تەلھا مەدىنىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەبۇ تەلھانىڭ بىر قانچە يەردە كەڭرى ئېتىزلىقلىرى، مېۋىلىك باغلىرى ۋە چارۋا ماللىرى بار ئىدى. مەسجىدى-نەبەۋىگە يېقىن يەردىكى چوڭ بىر مېۋىلىك بېغى بولسا، باغلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقى ھەم ئەڭ قىممەتلىكى ئىدى. ئىچىدە تاتلىق سۇ قۇدۇقى بار بۇ خورمىلىق باغنى ئەبۇ تەلھا بەكلا ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبىرىمىز ۋە دوستلىرىنى پات-پات بېغىغا تەكلىپ قىلىپ، مېھمان قىلىپ تۇراتتى. خورما دەرەخلىرىنىڭ سايىسىدىكى سۆھبەتلەرمۇ بەك قىزىيتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە مەسجىتتە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەسنادا تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:

**«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن بىر قىسمىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بەرمىگۈچە، ھەقىقىي ياخشىلىق قىلغان بولمايسىلەر. ئاللاھ بەرگەن نەرسەڭلارنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ (ۋە مۇكاپاتىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ.)»** (ئال-ئىمران سۈرىسى 92-ئايەت)

ئەبۇ تەلھا بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ مال-مۈلكىم ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىكى ۋە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم مۇشۇ مەسجىدنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاۋۇ خورمىلىق باغدۇر. ھازىردىن باشلاپ بۇ بېغىمنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن موھتاجلارغا بېرىمەن. پېقىر مۇسۇلمانلار بۇ باغنىڭ مېۋىسى ۋە سۈيىدىن پايدىلانغاي. ـ دېدى.

بىر دەمدىن كېيىن ئەبۇ تالھا بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېغىغا باردى. باغقا بېرىپ، ئايالى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭغا باغدىن چىقىپ كېتىشنى ئېيتتى. ئۇممۇ سۇلەيم:

- ئەبۇ تەلھا! باغدىن نېمىشقا چىقىپ كەتكۈدەكمىز؟ بىر يەرگە كېتەمدىمىز؟ - دەپ سورىدى. ئەبۇ تەلھا:

- ياق! بىر يەرگە كەتمەيمىز. لېكىن ئەمدى بۇ باغ بىزنىڭ ئەمەس، مەدىنە پېقىرلىرىنىڭ. ـ دېدى ۋە مەسجىدتىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇممۇ سۇلەيم:

- ئىككىمىزنىڭ نامىدا بەردىڭمۇ ياكى ئۆزەڭنىڭ نامىدا بەردىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئەبۇ تەلھا:

- ئىككىمىزنىڭ نامىدا... ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇممۇ سۇلەيم:

- ئاللاھ سەندىن رازى بولغاي! ئەبۇ تەلھا، ئەتراپىمىزدىكى پېقىرلارنى كۆرگەنسىرى مەنمۇ سەندەك قىلىشنى ئويلىغان، لېكىن ساڭا دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدىم. ئاللاھ ياخشى ئىشىمىزنى قوبۇل قىلغاي. ـ دېدى.

خەلىپە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز تاغار-تاغارلاپ شېكەر ئېلىپ، پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. بۇنى كۆرگەنلەر:

- بۇنداق قىلغۇچە، پېقىرلارغا پۇل تارقاتساڭ ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ - دېيىشتى. ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز:

- مەن شېكەرنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا ياخشى كۆرگەن نەرسەمنى ئىنفاق قىلىشنى (نامراتلارغا بېرىشنى) كۆڭلۈم تارتتى. ـ دەپ جاۋاب بەردى.





# زاكات بەرگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم؟






## زاكات بەرگەندە مېھرى-شەپقەتلىك بولۇشىمىز لازىم

زاكات ۋە سەدىقە بەرگەندە مېھرى-شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى پېقىرلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ: «مېنىڭمۇ پېقىر بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى» دېگەن تۇيغۇ ئىچىدە بېرىشىمىز لازىم.




## زاكات بەرگەندە ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم

زاكات ۋە سەدىقە بەرگەندە، ئاللاھنىڭ بىر بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغانلىقىمىز، يەنى ئىبادەت قىلغانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىبادەتنى ئادا قىلالىشىمىزغا سەۋەب بولغان پېقىرلارغا ھۆرمەت ۋە تەشەككۈر ھېسسىياتى ئىچىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

## زاكات بەرگەندە سىلىق-سىپايە بولۇشىمىز لازىم



زاكات ۋە سەدىقىلەرنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بېرىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. بىر ھەدىيە ياكى بىرەر ئامانەتنى بەرگەندە، ئۇنى چىرايلىق ئوراشقا ۋە ئەدەب بىلەن بېرىشكە قانچىلىك دىققەت قىلساق، زاكات بىلەن سەدىقىنىمۇ بۇ خىل سىپايىلىق بىلەن بېرىشىمىز كېرەك. بىز زاكات بەرگەن كىشىلەرگە ئىللىق، خوشچىرايىمىز ۋە سىلىق-سىپايىلىقىمىز كەم بولۇپ قالمىغاي.

ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشىشتىن باشقا تاما يىمىز بولماسلىقى كېرەك. زاكات بەرگەندە: «بۇ مېنىڭ ساڭا بەرگەن زاكىتىم.» دەپ زاكات ئالغۇچى كىشىنى رەنجىتمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى مۇھىمى، زاكاتنىڭ پېقىرنىڭ قولىغا تېگىشىدۇر. ئالغۇچى كىشىنىڭ بۇنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلمەسلىكى مۇھىم ئەمەس.




**ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:**

«ئى مۆمىنلەر! پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلغىنىدەك) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.»

(بەقەرە سۈرىسى 264 -ئايەت)

## ھەقىقىي پېقىرلارنى ئىزدەپ تېپىشىمىز كېرەك

زاكىتىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان كىشىلەرنى ياخشى تاللىشىمىز لازىم. مۇھىمى، مالنىڭ قولدىن چىقىشى ئەمەس، نەق جايىغا بېرىشىدۇر. چۈنكى زاكات بەرگەندىكى ئاساسىي مەقسەت ئۇنى ھەقىقىي ئېھتىياجلىق كىشىگە بېرىشتۇر. ئەگەر ئىزدەپ سورىمايلا، زاكات موھتاج ئەمەس بىرەيلەنگە بېرىلگەن بولسا، زاكاتنى يېڭىۋاشتىن قايتا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بولۇپمۇ موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتىن تارتىنىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىشىمىز كېرەك. ھەقىقىي پېقىرلارنىڭ ئاشۇلار ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، زاكاتنى دەل جايىغا بېرىشىمىز لازىم.




سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ بىر ئىككى تال پۇچۇق نان، خورما تىلەپ يۈرگەن تىلەمچى يوقسۇل ئەمەس. ھەقىقىي يوقسۇل كىشى بولسا ئۆزىدە تۇرمۇشنى قامدىغۇدەك مېلى يوق، موھتاج ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، سەدىقە بېرىلمىگەن ۋە باشقىلاردىن ھېچقانداق نەرسە تىلىمىگەن كىشىدۇر.»

(بۇخارى: «زاكات»، 53)

# ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاش تىلەمچىلىك قىلىشتىن ياخشىدۇر

ئەنسارلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ سەدىقە تىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

-ئۆيۈڭدە بىرەر نەرسەڭ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. بۇ كىشى:

-ھەئە. بىر كىگىزىم بار، يېرىمىنىڭ ئۈستىدە ياتىمەن، يېرىمىنى يېپىنىمەن. يەنە بىر سۇ قاچام بار. ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

-يۈر، ئۆيۈڭدىكى شۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەل. ـ دەپ بۇيرىدى. بۇ كىشى ئۆيىگە بېرىپ، نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇلارنى قولىغا ئېلىپ:

-بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغانلار بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. بىر ئادەم:

-مەن بىر دەرھەمگە ئالاي. ـ دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئىككى ئۈچ قېتىم:

-بۇنىڭدىن قىممەترەك ئالىدىغانلار يوقمۇ؟ - دېدى، بىرەيلەن:

- مەن ئىككى دەرھەمگە ئالاي. ـ دېۋىدى، پەيغەمبىرىمىز بۇ نەرسىلەرنى ئۇ كىشىگە ئىككى دەرھەمگە ساتتى. ئىككى دەرھەمنى نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىگە بېرىپ، مۇنداق دېدى:

-بىر دەرھەمگە بالا-چاقاڭغا يەيدىغان نەرسە ئال. بىر دەرھەمگە بىر ئاغامچا ئېلىپ، ئوتۇن توشۇپ جېنىڭنى باق. ـ دېدى.

بۇ كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دېگىنىنى قىلدى. ئون بەش كۈندىن كېيىن كېلىپ، ئون دەرھەم پۇلغا ئىشلىگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىر قىسمىغا كىيىم-كېچەك، بىر قىسمىغا يېمەك-ئىچمەك ئالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز:

-مۇشۇنداق ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاش ياخشىمۇ ياكى قىيامەت كۈنى پىشانىسىگە تىلەمچىلىك تامغىسى بېسىلغان ھالدا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ياخشىمۇ؟ - دېدى.

(ئەبۇ داۋۇد: «زاكات»، 26)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەردىن بىرەيلەننىڭ بىر ئاغامچا ئېلىپ، بۇ ئاغامچىدا ئوتۇن باغلاپ ئەكىلىپ سېتىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالانىڭ بۇ بەندىسىنى باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلەشتىن ساقلىشى، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ تۆكۈلمەي، غۇرۇرى بىلەن ياشىشى ئەلۋەتتە تىلەمچىلىك قىلىشىدىن كۆپ ياخشىدۇر.»

(بۇخارى: «زاكات»،53)



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

«بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ئۈستۈندۇر.»

(بۇخارى: «زاكات»، 18)

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
# مەرتلىكى ۋە باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرۈشى

باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرۈش، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش، پېقىرلارغا يار-يۆلەك بولۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. قېيىنچىلىققا يولۇققانلىكى كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ دەردىنى ئېيتاتتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى، ئۆزىدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلغانلارنى ھەرگىز قۇرۇق قول ياندۇرمايتتى. ھېچقاچان «يوق» دېمەيتتى، ئازىراق بولسىمۇ بېرەتتى. بەرگۈدەك بىرەر نەرسىسى بولمىسا، چىرايلىق گەپ بىلەن ئۆزرخاھلىق ئېيتاتتى. «بۇغداي نېنى يوق چاغدىمۇ، بۇغداي سۆزى بار ئىدى.»

پە يغە مبە ر
ئە لە يھىسسا لا م
ئىنسا نلا ر
ئىچىد ىكى
ئەڭ مەرت

كىشى ئىدى. مال-مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئېسىدىن چىقارمايتتى. يوقسۇل، موھتاجلارنى ئۆزىدىن بەكرەك ئويلايتتى، ئاچلارنى تويغۇزاتتى. قەرز سورىغانلارغا بېرەتتى، بەرگەن قەرزىنى ئېلىشتىن بەزىدە ۋاز كېچەتتى.

مەرتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، ياخشى كۆرىدىغان يېقىنلىرىغا ھەدىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىشتۇر. پەيغەمبىرىمىز: «بىر-بىرىڭلارغا ھەدىيە بەرسەڭلار، مېھرى-مۇھەببىتىڭلار كۈچىيىدۇ.» دەپ ئۆزئارا ھەدىيە بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. پەيغەمبىرىمىز ئۆزىمۇ خىلمۇ-خىل ھەدىيىلەرنى تارتۇق قىلىپ بېرىش ئارقىلىق دوستلىرىنى خۇشال قىلاتتى. ئۆزىگە بېرىلگەن ھەدىيىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ياخشىراقىنى ھەدىيە قىلىپ قايتۇراتتى. سېتىۋالغان نەرسىنى بەزىدە ساتقۇچىغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بىر قېتىم ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا قالغان جابىر بىن ئابدۇللاھنىڭ تۆگىسىنى نەق پۇلغا سېتىۋېلىپ، كېيىن بۇ تۆگىنى يەنە جابىرغا سوغات قىلىپ بەرگەن ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارنى مەرت بولۇشقا، ئىنسانلارغا ياردەم قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. بۇنداق قىلىشنى ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بۇ سۆزلىرىدە ئىپادىلىگەن ئىدى: «ئۈممىتىم ئىچىدىكى موھتاجلارنىڭ قېيىنچىلىقىنى ھەل



قىلغان كىشى مېنى مەمنۇن قىلىدۇ. مېنى مەمنۇن قىلغان كىشى ئاللاھنى مەمنۇن قىلىدۇ. ئاللاھ ئۆزى مەمنۇن بولغان كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.»

پەيغەمبىرىمىز خەير-ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇشخەۋەر بەرگەن. پېخسىق، بېخىل كىشىلەرنىڭ بەختسىز بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مەرتلىكنىڭ كىشىنى ئاللاھقا، جەننەتكە ۋە ئىنسانلارغا يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«مەرت كىشى ئاللاھقا يېقىندۇر، جەننەتكە يېقىندۇر، ئىنسانلارغا يېقىندۇر. بېخىل كىشى بولسا، ئاللاھتىن ئۇزاقتۇر، جەننەتتىن ئۇزاقتۇر، ئىنسانلاردىن ئۇزاقتۇر، جەھەننەمگە يېقىندۇر.»

قەلبى ئىنسان سۆيگۈسى، مېھرى-شەپقەت ۋە ياردەم تۇيغۇسى بىلەن تولغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەرتلىكى مانا مۇشۇنداق ئىدى ۋە ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق داۋاملاشتى. ئۆزى ماددى بايلىقلارغا ئىگە بولغان زاماندىمۇ ئاددى-ساددا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«پەقەت شۇ ئىككى خىل كىشىگىلا ھەۋەس قىلىشقا بولىدۇ: بۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ بەرگەن مالنى توغرا يولدا خەجلەپ تۈگەتكەن كىشى؛ يەنە بىرى، ئاللاھ بەرگەن ئىلىمنى توغرا ئىشلەتكەن ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى.»

(بۇخارى: «ئىلىم»، 15)

بىر كۈنى، بىر مۇسۇلمان ئايال بىر يەكتەك تىكىپ پەيغەمبىرىمىزگە ھەدىيە قىلدى. مۇشۇنداق بىر كىيىمگە ئېھتىياجلىق بولغان پەيغەمبىرىمىز بۇ يەكتەكنى ئېلىپ ئۆيىگە كەتتى. كېيىگەندىن كېيىن قايتا مەسجىدكە كەلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرىدىن بىرەيلەنگە يەكتەك ياراپ قالدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەرتلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تارتىنماي:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! بۇ يەكتەك بەك يارىشىملىق ئىكەن. ماڭا ھەدىيە قىلىپ بېرىڭ. - دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بىر يەكتىكى بولمىسىمۇ، دوستىنىڭ تەلىۋىنى يەردە قويماي، يەكتەكنى دەرھال سېلىپ، ئۇنىڭغا بەردى.

پەيغەمبىرىمىزدىن يەكتەك تەلەپ قىلغان ساھابىنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا:

- نېمىشقا ئۇ يەكتەكنى بېرىڭ دەيسەن؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ يەكتەككە ئېھتىياجى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن بىر نەرسە سورىغانلارغا ياق دېمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ - دەپ كايىدى.

ئۇ ساھابە:

- مەن بۇ يەكتەكنى كىيىش ئۈچۈن ئەمەس، كېپەن قىلىش ئۈچۈن سورىغان ئىدىم. - دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ساھابە ۋاپات بولغاندا پەيغەمبىرىمىز ھەدىيە قىلغان يەكتەك بىلەن كېپەنلەندى.

(بۇخارى: «ئەدەب»، 39؛ «جەنائىز»، 29)



# سەككىز جەننەت ھازىر



موھتاجسەن شەپقەتكە سەنمۇ ئەي يارەن،
گۈل شىبىخدا تىكەن بولما، شەبنەم بول!
گەر كىشى قانىتىنى سۇنغاندەك كۆرسەڭ،
يارىسىنى ئاغرىتما ۋە مەلھەم بول!

قۇرۇق لۇڭگە تۇتالمايدىغان قوللار بار،
ئازابىنى دېيەلمەيدىغان تىللار بار،
ھەم پېقىر، ھەم ئاجىز كۆپ بەندىلەر بار،
بارغىن، ئۇلارنى خۇشال قىلىپ، كېرەم بول!

ۋىجدان بول يېتىمگە، جان بول يالغۇزغا،
چىقارغىن چۇقۇردا قالغاننى تۈزگە،
يوقسۇللۇق چۆلدە قورۇلغان يۈزگە،
بارلىغىڭ ئىلە سالقىن شامال بول!

گەر كىمكى ئىچسە بېخىللىق زەھرىنى،
چۆكتۈرگەي ئۇنى غېرىپلارنىڭ ئاھۇ دەرياسى،
بۇلۇڭ-پۇشقاقلارنى كەز، سەھرا ۋە شەھەرنى،
ئاچلارغا نان، سۇسىزلارغا زەمزەم بول!

ياخشىلىق قىل، دېڭىزغا تاشلا! ئاداش،
كۆزى كۆرمەس بېلىقلار دېسمۇ تاش،
ياراتقۇچى يېتەر ساڭا، ھالىڭغا سىرداش،
سەككىز جەننەت ھازىر، سەن مېھمىنى بول!

بايمۇ ھەم پېقىرمۇ ئاللاھ ئالدىدا بىر،
ھەسەت قىلما، خار كۆرمە، بۇ ئاللاھ ئەمرىدۇر،
ياردەم قىلغاننى ئاللاھ سۆيىدۇرىدۇ،
سەنمۇ ئەي سەيرى، بۇ سۆيگۈگە مەھرەم بول!

- مۇھەممەد ئەلى ئەشمەلى

# سوئاللار

## ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

**تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى مۇۋاپىق ھالدا باغلاڭلار.**

☐ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە توشقان مالنىڭ ئىگىسى

☐ ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ قىرىقتىن بىرىنى

☐ بىر كىشى ئۆزىنىڭ نەۋرىلىرىگە

☐ زاكات بەرگەندە

☐ جامى، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا

☐ زاكات بايلارنىڭ مېلىنى

☐ بىر باي مۇسۇلماننىڭ مېلىنىڭ بىر قىسمىنى

☐ بەرگۈچى قول

☐ ئالتۇننىڭ زاكات ئۆلچىمى

☐ پىتىر سەدىقىسىنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارى

☐ ئوتتۇرىھال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر كىشىنىڭ ئىككى ۋاخلىق تاماقى ياكى مۇشۇنىڭغا چۇشلۇق پۇلدۇر.

☐ دىنىمىز ئەمر قىلغان يەرلەرگە بېرىشنى «زاكات» دەپ ئاتىلىدۇ.

☐ ئالغۇچى قولدىن ئۈستۈندۇر.

☐ باشقىچە ئېيتساق، %2,5 نى زاكات بېرىمىز.

☐ 80,18 گرامدۇر.

☐ زاكات بېرەلمەيدۇ.

☐ ۋە يول، كۆۋرۈك قاتارلىق ئاممىۋى ئەسلىھەلەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ.

☐ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

☐ پېقىرلارغا يەتكۈزىدىغان بىر كۆۋرۈكلۈك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

☐ دىنىي جەھەتتە باي ھېسابلىنىدۇ.

## ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. تۆۋەندىكى كىشىلەردىن كىملەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ؟

ئا. يولدا قالغان كىشىگە

ب. پېقىرلارغا

ت. قەرزدارلارغا

پ. ئاتا-ئانىغا

2. زاكات، سەدىقە، قۇربانلىق، پىتىر سەدىقىسى قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى قايسى؟

ئا. ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىق

ب. دۇرۇستلۇق ۋە ئادالەت

ت. ئىشچانلىق ۋە بەخت-سائادەت

پ. سەۋر ۋە بەرىكەت

3. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى زۆرۈر ئېھتىياجىمىز ئەمەس؟
ئا. ئۆي
ب. ماشىنا
ت. تىجارەت مېلى
پ. ھۈنەر-كەسپ سايمانلىرى

4. قوي ۋە ئۆچكىلەر قانچىلىك بولغاندا زاكات بېرىلىدۇ؟
ئا. 40 تۇياق
ب. 30 تۇياق
ت. 20 تۇياق
پ. 100 تۇياق

5. پىتىر سەدىقىسى بېرىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟
ئا. پەرز
ب. ۋاجىپ
ت. سۈننەت
پ. مۇستەھەپ

6. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى خاتا؟
ئا. زاكات مال-دۇنياغا دەرىجىدىن تاشقىرى ئامراقلىق ۋە پىخسىقلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى يوق قىلىدۇ.
ب. زاكات مالنىڭ پايدىلىق ۋە بەرىكەتلىك بولۇشىغا، كۆپىيىشىگە سەۋەپ بولىدۇ.
ت. زاكات ئىنسانلار ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت ۋە يېقىنلىق پەيدا قىلىدۇ.
پ. زاكات باينى تېخىمۇ باي، نامراتنى تېخىمۇ نامرات قىلىپ قويىدۇ.

7. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنىڭ زاكىتى بېرىلمەيدۇ؟
ئا. پۇل
ب. قوي
ت. ئۆي جابدۇقلىرى
پ. كالا

8. زاكات دېگەندە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنى دېگىلى بولمايدۇ؟
ئا. زاكات بايلارغا پەرزدۇر.
ب. زاكات يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدۇ.
ت. مالنىڭ قىرىقتىن بىرى، يەنى 2,5% ى زاكات قىلىپ بېرىلىدۇ.
پ. سالامەت بولمىغان كىشىلەر زاكات بەرمەيدۇ.

**تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى بوش يەرلەرگە تىرناق ئىچىدىكى مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ قويۇڭلار.**

**(ماللىرىدا، بىر تال بۇغداي، تىلىمەيدىغان، پاكىزلايدۇ، قەلبىڭنىڭ)**

- ھەقىقىي يوقسۇل تۇرمۇشنى قامدىغۇدەك مېلى يوق، موھتاج ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، سەدىقە بېرىلمىگەن ۋە ھېچكىمدىن بىر نەرسە ...................... كىشىدۇر.
- «باي مۇسۇلمانلارنىڭ ............... تىلەيدىغان ۋە تىلىمەيدىغان يوقسۇللارنىڭ ھەققى بار.»
- «مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى ھەر باشقىدا يۈز تال دان تۇتقان ............نىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.»
- «ئەگەر ............ يۇمشىشىنى خالىساڭ، پېقىرغا يېمەك-ئىچمەك بەر، يېتىمغا يار-يۆلەك بول.»
- «بايلارنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئال. زاكات ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ............ ۋە ئۇلارنى گۇناھلاردىن پاكلايدۇ.»





مۇقەددەس سەپەر

# ھەج

- ھەج ئۇقۇمى
- ھەج ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز
- ھەج قىلىش كىملەرگە پەرز؟
- ھەجگە مۇناسىۋەتلىك يەرلەر
- مەككە ۋە مەدىنىدىكى زىيارەت يەرلىرى
- ھەجنىڭ پەرزلىرى
- ھەج ئىبادىتىدىكى ۋەزىپىلەر
- ھەجنى قانداق قىلىمىز؟
- ئۆمرە
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججى





# زەمزەم

ئاللاھتائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئايالى هاجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى مەككىگە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. مەككە يەمەندىن سۈرىيىگە بارىدىغان كارۋان يولى ئۈستىدە ئىدى. مەككىدە ئىنسان ياشمايتتى، ئىچكۈدەك سۇمۇ يوق ئىدى، قاقاس، قورغاق بىر يەر ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىنى دەرھال بىجا كەلتۈردى. ئايالى هاجەر ۋە ئانىسىنى ئېمىۋاتقان بوۋاق ئىسمائىلنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن مەككىگە يېتىپ كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام هاجەر بىلەن ئىسمائىلنى مۇشۇ يەردە قويۇپ قويدى. يېنىدا ئازراق سۇ ۋە يېمەكلىك بار ئىدى. ئاندىن شامغا بېرىش ئۈچۈن كەينىگە قايتتى. هاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىگە ئېسىلدى:

- ئى ئىبراھىم! ئانا-بالا ئىككىمىزنى بۇ ئادىمىزاتسىز چۆلدە تاشلاپ قويۇپ قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ بىزنى كىمگە تاپشۇردۇڭ؟ - دەپ سورىدى. بۇ سوئاللارنى تەكرار-تەكرار سورىغان بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمىدى. بۇنىڭ باشقا بىر سەۋەبى بارلىقىنى چۈشەنگەن هاجەر:

- ياكى بۇنداق قىلىشنى ساڭا ئاللاھ بۇيرىدىمۇ-يا؟ - دەپ سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى هاجەرگە قاراپ:

- شۇنداق! ئاللاھ بۇيرىدى. - دېدى. بۇنىڭ بىلەن هاجەر:

- ئۇنداق بولسا، كېتىۋەرگىن. ئاللاھ بىزگە كۇپايىدۇر. ئۇ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. ئۇ ئەڭ ياخشى دوست ۋە ئەڭ ياخشى غەمگۇزاردۇر. - دېدى ۋە بالىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. هاجەرنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى ۋە تەسلىمىيىتى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بىرئاز ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن، مەككىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئېگىز يەرگە چىقتى. قىبلىگە قاراپ، قوللىرىنى ئېچىپ مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

**«ئەي رەببىم! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم هاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم. رەببىم! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن. ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن.»** (ئىبراھىم سۈرىسى 37-ئايەت)

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، هاجەرنىڭ يېنىدىكى سۇ ۋە باشقا ئوزۇق-تۈلۈكلەر تۈگىدى. ئۇسساپ ماغدۇرسىزلاندى. سۈتى توختاپ قالدى. ئوتتەك قۇياش هارارىتى بىلەن ئەتراپ تونۇردەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. ئىسسىقتا چىدىغىلى بولمايۋاتاتتى. هاجەر ئانىمىز بىلەن ئىسمائىل ئۇسساپ، چاڭقاپ



192

ھالىدىن كەتكەن ئىدى. سۈت ئىمەلمىگەن ئىسمائىل ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلاشقا باشلىدى. ھاجەر ئانىمىز ئوغلىنىڭ ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى ۋە چىدىيالماي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ سول تەرەپكە قاتراپ يۈگرەشكە باشلىدى. ئىسمائىلنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، يېقىندىكى سەفا ئېگىزلىكىگە كەلدى. ئۆزىگە ياردەم قىلغۇدەك بىرەيلەننى تېپىش ئۈمىدىدە ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپتا ئىنسى-جىن ياكى بىر تامچە سۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەزرىتى ھاجەر سەفا ئېگىزلىكىدە ھېچكىمنى تاپالمىغاندىن كېيىن، مەرۋە ئېگىزلىكىگە كەلدى. ئىككى ئېگىزلىك ئارىسىدا بىر قانچە قېتىم قاتىرىدى. سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يۈگرەپ تاقىتى قالمىغان، ياردەم قىلغۇدەك ھېچكىمنى تاپالمىغان ھاجەر ھېرىپ ھالسىرىغان، مەيۇس ھالدا بالىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

ھەزرىتى ھاجەر ئىسمائىلنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدىن سۇ چىقىۋاتاتتى. ھەزرىتى ھاجەر چەكسىز شاتلىنىپ، بۇ سۇنى بەرگەن ئاللاھقا خۇشاللىق ئىچىدە ھەمدۇ-سانا ئېيتتى. ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ ئۆز تىلىدا: «زەم! زەم!» (مەنىسى: توختا! توختا!) دېگەچ، سۇنىڭ ئەتراپىنى تاش ۋە قۇم بىلەن توستى. قانغۇدەك سۇ ئىچتى. ھەزرىتى ھاجەر سۇغا، ئىسمائىل ئانىسىنىڭ سۈتىگە قاندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولغان، ھاجەرنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقى ئاللاھنى مەمنۇن قىلغان ئىدى.

بىر كۈنى، جۇرھۇم قەبىلىسىگە ئائىت بىر كارۋان شامدىن يەمەنگە كېتىۋاتاتتى. ھەزرىتى ھاجەر ۋە ئىسمائىل ياشاۋاتقان يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. زەمزەم بار يەرنىڭ ئاسمىنىدا قۇشلار ئۇچۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. مەككىدە سۇ يۇقلىغىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەيران بولدى. چۈنكى چۆلدە قۇشلار پەقەت سۇ بار يەردىلا ياشايتتى. بىر كىشىنى كۆزىتىپ ئۇقۇشۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. زەمزەم سۈيىنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەممىسى ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەزرىتى ھاجەر كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. كارۋاندىكىلەر ئىسمائىلنىڭ ئېسىل ۋە مۇبارەك بىر بالا ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ يەرگە يەرلىشىش ئۈچۈن ھەزرىتى ھاجەردىن ئىجازەت سورىدى. ھەزرىتى ھاجەر زەمزەم سۈيىگە ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى شەرتى بىلەن ئۇلارغا ئىجازەت بەردى.

جۇرھۇم خەلقى زەمزەمنىڭ ئەتراپىدا كىچىك بىر كەنت بىنا قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كارۋانلارنىڭ ئۆتەر يېرىگە ئايلانغان قاقاس مەككە ۋادىسى كېيىنچە مەككە شەھىرى بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولدى. ھەزرىتى ھاجەرنىڭ پىداكارلىقىدىن ئاللاھ مەمنۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغۇچىلار مۇبارەك زەمزەم سۈيى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«زەمزەم سۈيى نېمە ئۈچۈن ئىچىلگەن بولسا، شۇنىڭغا يارىشا پايدا قىلىدۇ. شىپا نىيىتى بىلەن ئىچكەن بولساڭ، ئاللاھ ساڭا شىپا بېرىدۇ. ئاچلىقتىن ئىچكەن بولساڭ، ئاللاھ سېنى تويغۇزىدۇ. ئۇسسۇزلۇقتىن ئىچكەن بولساڭ، ئاللاھ سېنىڭ تەشنالىقىڭنى قاندۇرىدۇ. زەمزەم پەرىشتە جىبرىئىل تەرىپىدىن قېزىلغان قۇدۇق، ئىسمائىل سۇ ئىچكەن يەردۇر.»

( «دەراقۇتنى»، 3 ـجىلد، 354)

**زەمزەم ئىچكەندە قىلىنىدىغان دۇئا:**

اللَّهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا وَرِزْقًا وَاسِعًا وَشِفَاءً مِنْ كُلِّ دَاءٍ.

«ئاللاھىم! سەندىن پايدىلىق ئىلىم، مول رىزىق ۋە ھەر يەردە شىپا تىلەيمەن.»

( «دەراقۇتنى»، 3 ـجىلد، 354)





## ھەج دېگەن نېمە؟

ھەج يىلىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە كەبە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇقەددەس يەرلەرنى ئىبادەت نىيىتى بىلەن زىيارەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەج ۋە ئۆمرىنى ئاللاھ ئۈچۈن ئادا قىلىڭلار.»

(بەقەرە سۈرىسى 196ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ـ ئەڭ ياخشى ئەمەل قايسى؟ ـ دەپ سورالدى.

پەيغەمبىرىمىز:

ـ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان ئېيتىش.

ــ دېدى.

ـ ئاندىن كېيىن قايسى ئەمەل؟ ـ دەپ

سورىدى.

ـ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش. ــ دېدى.

ـ ئاندىن كېيىنچۇ؟ ـ دېگۈچىلەرگە،

ـ مەقبۇل بولغان ھەج. ــ دېدى.

(بۇخارى: «ھەج»، 4)

# ھەج ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز

ھەج

- گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتىمىزنى كونترول قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.
- قېرىنداشلىق مۇھەببىتىمىزنى كۈچەيتىپ، ئۈممەتلىك ئېڭىمىزنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ.
- بىزنى گۇناھ كىرلىرىدىن پاكىزلايدۇ.
- ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ.





ھەج ناچار ئادەتلەرنى تاشلاش، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەتتۇر. چۈنكى ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن ھەر قانداق بىر ئۆسۈملۈكنى يۇلۇش، تىكىلگەن كىيىم كىيىش، ئەتىر چېچىش ۋە جېدەل-ماجرا قىلىشنىڭ جازاسى بار. شۇڭا ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىۋاتقاندا، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا باشقا چاغلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ **گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزنى كونترول قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.**



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«يامان گەپ قىلماي ۋە ئېغىر گۇناھ قىلماي ھەج قىلغان كىشى ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغاندىكىدەك گۇناھسىز بولۇپ ئۆيىگە قايتىدۇ.»

(بۇخارى: «ھەج»، 4)

ھەج كۈنى، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن كەلگەن، تىلى، رەڭگى، مىللىتى، دۆلىتى، كىيىم-كېچەكلىرى ۋە قىزىقىشى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىليونلىغان مۇسۇلمان بىر يەرگە جەم بولىدۇ. دۇنيادا يالغۇز ئەمەسلىكىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىمىز. ئىسلام دىنىغا ئىمان ئېيتقان ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ياشاشقا تىرىشىۋاتقان دىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرىمىز. بەزىلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ھەر خىل تېمىلاردا ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرىمىز. خورمىنى تەڭ يەپ، زەمزەمنى بىللە ئىچىپ، خوشاللىقتا تەڭ كۈلۈپ، دەرتكە تەڭ يىغلايمىز. بىللە ناماز ئوقۇيمىز، بىللە تاۋاپ قىلىمىز، بىللە ۋەقفەدە تۇرىمىز. ئورتاق دۈشمىنىمىز شەيتانغا بىللە تاش ئاتىمىز. بۇ خىل ئۇچرىشىش ۋە ھەمكارلىشىش بىزنىڭ **قېرىنداشلىق مېھرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىمىزنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلدۇرىدۇ.**



ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«مۆمىنلەر بىر-بىرى بىلەن قېرىنداشتۇر.»

(ھۇجۇرات سۈرىسى 10-ئايەت)

ھەج ئىچىدە تاۋاپ، ساي، ۋەقفە، قۇربان، شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىق ئىبادەتلەر بار. بۇ ئىبادەتلەر بىزنى ھەم ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ، **ھەمدە گۇناھ كىرىدىن پاكىزلايدۇ.**

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«ئىسلامغا كىرىش، ھىجرەت قىلىش ۋە ھەج قىلىش ئۆتمۈشتىكى گۇناھلارنى يوق قىلىدۇ.»

(مۇسلىم: «ئىمان»، 192)

ھەج تەخمىنەن بىر ئاي ۋاقىت داۋاملىشىدىغان ۋە بىزنى مەنىۋى جەھەتتە يۈكسەلدۈرىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. ھەجدە ھەممە ئىشىمىز ئىبادەتنى ئاساس قىلىدۇ. تاۋاپ، ناماز، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىمىز. ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش بىزنىڭ كۆز قاراش، ھېسسىيات ۋە چۈشەنچىلىرىمىزنى بېيىتىپ، **ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ.** ھەج بىزنى مەخسۇس تەربىيىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە ھەج ئىبادەت ۋە تەلىم-تەربىيە لاگېرىدۇر. ھەجدىن قايتىپ كەلگەن كىشىلەردە كۆرۈلگەن گۈزەل ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىن ئىبارەت.



**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«مەبرۇر (قائىدىگە ئۇيغۇن ھالدا ئادا قىلىنغان، گۇناھ ۋە ئىسيان ئارىلىشىپ قالمىغان، ئىخلاس ۋە سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلىنغان) ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر. »

(بۇخارى: «ئۆمرە»، 1)



# مېغىز كەمپۈت

دادام باسما قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ، يۈزىنى ۋە قولىنى يۇيۇپ، يانچۇقىدىن چوڭ بىر قولياغلىقنى چىقىرىپ يۈز-كۆزىنى سۈرتتى. چاپىنىنى سېلىپ ئاسقۇغا ئېلىپ قويغاندىن كېيىن:

- دىن دەرسىدە «ئەلا» دەپ باھا ئالدىم دېدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ھەئە! شۇنداق. «ئەلا» دېگەن باھا بىلەن بىرلىكتە مۇكاپات ئالدىم. ــدېدىم. دادام:

- ئۇنداق بولسا، مە، بۇنى ئال! سېنى كەمپۈت بىلەن تارتۇقلاي. ــ دەپ تومپىيىپ تۇرغان يانچۇقىدىن بىر سىقىم مېغىز كەمپۈت ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. گۈللۈك قەغەزگە ئورالغان كەمپۈتلەرنىڭ رەڭگى خىلمۇ-خىل ئىدى. قىزىل، يېشىل، ئاق، سېرىق ... ئەمما ھەممىسىنىڭ تەمى ئوخشاش مېغىز كەمپۈت ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، مۇزەپپەر مۇئەللىمنىڭ دەرستە سۆزلىگەنلىرى يادىمغا كەلدى. مۇئەللىم قولىدىكى قەلەمدانىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە قويۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

- بۇنى كەبە دەپ پەرەز قىلايلى... بۇنىڭ ئەتراپىدىكى ماۋۇ بەش تال مېغىز كەمپۈت كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار بولسۇن. قاراڭلار، بۇ بەش تال كەمپۈتنىڭ رەڭگى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاق رەڭلىكى تۈركىيەدىن، قەھۋە رەڭگىگە ئوخشايدىغىنى ئافرىقىدىن، سېرىق رەڭلىكى جوڭگۇدىن، قىزىل رەڭلىكى ئاۋىستىرالىيەدىن، شاپتۇل چېچىكى رەڭدىكىنى بولسا ئامېرىكىدىن كەلگەن قىزىل تەنلىك مۇسۇلمان دەپ ھېسابلايلى. گەرچە رەڭگى خىلمۇ-خىل بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى مۇسۇلمان. ھەممىسىنىڭ ئېتىقادى ئوخشاش. كەبىدە بىر يەرگە يىغىلىشىدىكى سەۋەپمۇ شۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلاش ئۈچۈن. چۈنكى ئاللاھنىڭ كىتابى ئىسلام قېرىنداشلىقنى شۇنداق تەرىپلىگەن.

- مۇئەللىم، ئۇلارنىڭ رەڭگى مۇھىم ئەمەسمۇ؟ - دەپ سورىدى ئىبراھىم. مۇزەپپەر مۇئەللىم ئۈستەلدىكى كەمپۈتلەرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى:

- ئال! يە، تەمىنى تېتىپ باق. ــ دېدى مۇئەللىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئىبراھىم تارتىنغان ھالدا كەمپۈتلەرنى بىر بىرلەپ يېدى.

- كەمپۈتلەرنىڭ تەمى قانداقكەن؟ قايسى ئاچچىق، قايسى تاتلىقكەن؟ - دەپ سورىدى مۇئەللىم.

- قىزىل، سېرىق، يېشىل ... ھەممىسىنىڭ تەمى ئوخشاشكەن. دېمەك، رەڭگى مۇھىم ئەمەسكەن. ئىنسانلارمۇ شۇنداق. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىرق ۋە رەڭ مۇھىم ئەمەس، ھەممىسى قېرىنداش.

ـم. ياشار كاندەمىر



## ھەج كىملەرگە پەرزدۇر؟ ☺☺☺☺

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«كۈچى يېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.»

(ئال-ئىمران سۈرىسى 97 -ئايەت)

- ئەقلى-ھۇشى جايىدا،
- بالاغەتكە يەتكەن،
- ساياھەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە،
- ھەجگە بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىرەر كېسەلدىن خالىي،
- ھەجنىڭ چىقىملىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ خىراجەتلىرىنى قامدىيالىغۇدەك مال-مۈلكى بار بولغان،
- بىخەتەر سەپەر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

ھەر مۇسۇلماننىڭ ← ئۆمرىدە بىر قېتىم ← ھەج قىلىشى پەرزدۇر. ☺☺☺☺





## كەبىنىڭ يوللىرى

كەبىنىڭ يوللىرى پارچە-پارچىدۇر،
مېنىڭ يۈرىكىم لەختە-لەختىدۇر،
دۇنيا دېگىنى بىر سايىلىقتۇر.

جېنىم كەبەم بارسام ساڭا،
يۈزىمنى، كۆزۈمنى سۈرتسەم ساڭا.

دوست-يارەنلەر ئارتىپ قويسۇن يۈكىمنى،
خوشنىلىرىم ھالال قىلسۇن ھەققىنى،
كۆرەلمىدىم يىراق بىلەن يېقىننى.

جېنىم كەبەم بارسام ساڭا،
يۈزىمنى، كۆزۈمنى سۈرتسەم ساڭا.




# كەبە



كەبىنىڭ تازىلىقىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرسەك، قەلبىمىزنىڭ پاكىزلىقىغىمۇ شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. قەلبىمىزنى يامان نىيەت ۋە ناچار خىياللاردىن پاكىزلىشىمىز كېرەك. خۇددى كەبىنى ھەر خىل كىرلەردىن تازىلىغان ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنىدەك.

يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەتخانا كەبىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سېلىنغان بۇ ئىبادەتخانا نوھ تۇپانىدا سۇ ئاستىدا قالغان بولۇپ، تاملىرى يىقىلىپ، ئۇلى كۆرۈنمەس ھالغا كەلگەن ئىدى.

نوھ تۇپانىدا يىقىلغان بىنا كېيىنچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەسلىدىكى ئۇلى ئۈستىگە يېڭىدىن سېلىنغان ئىدى. ۋەقە مۇنداق:

ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى مەككىگە يەرلەشتۈرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بالا-چاقىسىنى يوقلاش ئۈچۈن پات-پات مەككىگە كېلىپ تۇراتتى. يەنە مەككىگە كەلگەن بىر كۈنى، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا كەبىنى يېڭىۋاشتىن بىنا قىلىشنى ئەمر قىلدى. بۇ ئەمرگە بىنائەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كەبىنى سېلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى ئۇلىنى تېپىپ، تامنى بۇ ئۇلنىڭ ئۈستىگە سالدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تاغدىن تاش ئەكىلەتتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلاتتى. بىر تەرەپتىن مۇشۇنداق بىر مۇبارەك خىزمەتنى قىلىشقا نېسىپ قىلغان ئاللاھتائالاغا شۈكۈر قىلغاچ، مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان ئىدى:

**- ئەي رەببىمىز! قىلغان بۇ ئىشىمىزنى قوبۇل قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سەن ئاڭلىغۇچىسەن، كۆرگۈچىسەن. ئەي رەببىمىز! بىزنى ساڭا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن ئەيلە. نەسلىمىزدىن ساڭا ئىتائەت قىلغۇچى بىر ئۈممەت چىقارغىن. بىزگە ئىبادەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكىن. تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. چۈنكى سەن تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھسەن.**

**- ئەي رەببىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. رەببىمىز! بىزنى ساڭا ئىتائەتمەن قىلغىن. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە**

**ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن. بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن. تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.**

**ـ ئەي رەببىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن. ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.** (بەقەرە سۈرىسى 127ـ129ـئايەتلەر)

كەبىنىڭ تاملىرى ئېگىزلىگەن ۋە قۇرۇلۇشى تاماملانغان ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تەكرار كېلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تاۋاپ قىلىشنى ۋە باشقا ھەج ۋەزىپىلىرىنى ئۆگەتتى. «تاۋاپ قىلغۇچىلار، بىرىلىپ ئىبادەت قىلغۇچىلار، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن كەبىنى پاكىزە تۇتىشى كېرەكلىكى» ھەققىدىكى ئەمرىنى بىلدۈردى. ھەر خىل ماددى ۋە مەنىۋى پاسكىنىچىلىقتىن پاكىزلانغان كەبە ئىنسانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن تەييار ھالغا كەلگەن ئىدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانلارنى ھەجگە دەۋەت قىلىش (چاقىرىش) ئۈچۈن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ئەمر قىلدى:

**ـ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن. ئۇلار پىيادە ۋە ئۇرۇق تۆگىلەرگە**

كەبىنى يىقىشتىن قانچىلىك تارتىنساق،
ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش، دىلىنى
رەنجىتىشتىنمۇ شۇنچىلىك تارتىنىشىمىز كېرەك.

كۆڭلى-كۆكسۈڭنى كەڭ تۇت، ئىچى تارلىق قىلما سەيرانى،
رىزايى بارىدىن (ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن) چىقما سەيرانى،
كۆڭۈل بەيتۇللاھتۇر، يىقما (ئاغرىتما) سەيرانى،
قولۇڭدىن كەلسە، ئىمارەت ئەيلە.

**مىنىپ كېلىدۇ، ئۇرۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ.** (ھەج سۈرىسى 26 ـ27ـئايەتلەر)

بۇ ئىلاھىي ئەمرگە بىنائەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەج ئىبادىتىنىڭ ئاللاھنىڭ بىر پەرزى ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا ئېلان قىلدى. شۇ كۈندىن ئىتىبارەن، ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان مۇسۇلمانلار ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە توپ-توپ بولۇشۇپ كەلمەكتە. مۇسۇلمانلار قىيامەتكە قەدەر بۇ ئالەمشۇمۇل چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ھەجگە كېلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.



# ھەجگە مۇناسىۋەتلىك يەرلەر



**ھەج:** دىنىي ماكان ۋە سىمۋوللىرى كۆپ بولغان بىر ئىبادەتتۇر. ھەجنى ياخشى چۈشىنىش ۋە ئىبادەتنى جايىدا ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇلارنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«مەسجىدى ـ ھەرەمدە ئوقۇلغان ناماز باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان نامازلاردىن دەرىجە جەھەتتە يۈزمىڭ ھەسسە ئارتۇقتۇر.»

(ئىبنى ماجە: «سۈنەن»، 1 ـ جىلد، 450)



**مەسجىدى ـ ھەرەم:** كەبىنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭرى يەردە بىنا قىلىنغان مەسجىدتۇر. بۇ مەسجىد «**ھەرەمى ـ شەرىف**» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئېتىقادىمىز بىر، كىتابىمىز بىر، پەيغەمبىرىمىز بىردۇر. قىبلىمىز كەبىدۇر. بىز بىر ئۈممەتمىز.**





**كەبە:** يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئىبادەت ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى بىنادۇر. كەبە «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئۆي» دېگەن مەنىدە «بەيتۇللاھ=ئاللاھنىڭ ئۆيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«شۈبھىسىز، ئىنسانلار ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان تۇنجى ئىبادەت يېرى مەككىدىكى كەبىدۇر...»

(ئال ـ ئىمران سۈرىسى 96 ـ ئايەت)

**ھەجەرۇل-ئەسۋەد:** قارا تاش دېگەنلىكتۇر. بۇ تاش كەبىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قويۇلغان. تاۋاپ ھەجەرۇل-ئەسۋەد قويۇلغان تەرەپتىن باشلىنىدۇ ۋە ھەر ئايلىنىشتا سالام بېرىلىدۇ.



ھەجەرۇل-ئەسۋەدكە سالام قىلىش روھلار ئالەمدە ئاللاھقا قىلغان ۋەدىمىزنى يېڭىۋاشتىن ئەسلەش دېگەنلىكتۇر.

**ماقامى-ئىبراھىم:** ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلغاندا شۇتا ئورنىدا ئىشلەتكەن ۋە ئىنسانلارنى ھەجگە چاقىرغاندا ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان تاشنىڭ ئورنى. بۇ يەردە ناماز ئوقۇش كۆپ ساۋابتۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار) دېدۇق.»

(بەقەرە سۈرىسى 125 ـ ئايەت)



ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا ئىتائەتچانلىقى، سەمىمىلىكى، تەۋھىد يولىدا كۈرەش قىلىشى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىز ئۈچۈن ياخشى ئۈرنەكتۇر.

**ئەرافات:** بارلىق ھاجىلار ئەرەفە كۈنى ۋەقفىدە تۇرىدىغان ھەم بىرلىكتە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىدىغان كەڭرى بىر يەردۇر. ئەرافاتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزلىك «جەبەلۇر-راھمە=رەھمەت ئېگىزلىكى» دەپ ئاتالغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىز ئەرافاتتىكى بۇ ئېگىزلىكتە تېپىشىپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگەن ئىكەن.



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ھەج ئەرافاتتۇر.»

(تىرمىزى: «ھەج»، 57)



**مۇزدەلىفە:** ئەرافات بىلەن مىنا ئارىسىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، قۇربان ھېيت كۈنى شەيتانغا ئېتىلىدىغان تاشلار مۇشۇ يەرگە يىغىلغان.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەرافاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار...»

(بەقەرە سۈرىسى 198 ـئايەت)



**مىنا:** قۇربان ھېيت كۈنى قۇربانلىق مال بوغۇزلىنىدىغان ۋە شەيتانغا تاش ئېتىلىدىغان يەردۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مىناغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

**مىنادا ئاتقان ھەر بىر تاش ئۆمۈر بويى شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىدىغانلىقىمىزنىڭ سىمۋولىدۇر.**



**سەفا بىلەن مەرۋە:** كەبىنىڭ شەرقى جەنۇبىي تەرىپىدە ئىككى يۈز مېتىر ئۇزاقلىقتىكى ئىككى ئېگىزلىكتۇر. بۇ ئېگىزلىكلەر مەسجىدى-ھەرەمنىڭ ئىچىدە بولۇپ، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدىكى مۇساپە 350 مېتىردۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. كەبىدە ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا، بولىۋېرىدۇ...»

(بەقەرە سۈرىسى 158 ـئايەت)

# يېتىپ بارغان يەرلەرگە

يېتىپ بارغان يەرلەرگە،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.
ھەق دوست دېگەن تىللارغا،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

قۇتلۇق ھىجاز چۆلىگە،
ھەقنىڭ سۇلماس گۈلىگە،
ئۇ مۆمىنلەر سېلىگە،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

كىرگەنلەر دوست بېغىغا،
چۈشمەس كاپىر تورىغا،
مۇبارەك نۇر تېغىغا،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

ياغقان نۇرى-خۇداغا،
مەرۋە بىلەن سەفاغا،
مۇھەممەد مۇستاپاغا،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

يالۋۇرۇپ رەببىمىزگە،
دۇئالار قىلىپ بىزگە،
مۇئەززەم كەبىمىزگە،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

ھەر تايانساڭ ئاللاھقا،
چىقسەن نۇرلۇق ساباغا،
ئۇلۇغ رەسۇلۇللاھقا،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

كىرسەڭ ئەگەر ئىھرامغا،
قول تەككۈزمەي ھارامغا،
ساھابەئى-كىرامغا،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

مەككە بىلەن مەدىنە،
تەڭدىشى يوق خەزىنە،
چىھارى-يارنىڭ گۈزىنە[1]،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

ئاپتاپتا كۆيگەن باشقا،
سۆيۈلگەن قارا تاشقا[2]،
كۆزلەردىن ئاققان ياشقا،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

تەكبىر ئېيتقان مۇسۇلمانغا،
بوغۇزلانغان قۇربانلىققا،
بارلىق ئەھلى ئىمانغا،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

ئۈلگۈرەر جامال غەيرى،
كۆپ سۆزۈم يوقتۇر خەيرى،
ھاجىلارغا ئايرىم-ئايرىم،
بىزدىن سالام ئالغاچ كەت.

- جامال ئوغۇز ئۆجال

---

1 «چىھارى-يار گۈزىن» تۆت خەلىپە (ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى)نى كۆرسىتىدۇ.
2 «قارا تاش» ھەجەرۇل-ئەسۋەد.



# مەككە ۋە مەدىنىدىكى زىيارەت يەرلىرى

## 1. مەككىدىكى زىيارەت يەرلىرى



❁ **ھىرا غارى:** مەككىگە يېقىن نۇر تېغىدىكى بىر غاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئوقۇ!» دېگەن ئەمىر بىلەن باشلانغان تۇنجى ۋەھيى مۇشۇ يەردە كەلگەن.



❁ **سەۋرى غارى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىۋاتقان چاغدا ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يەر.

✎ مەككىلىك مۇشرىكلار سەۋرى غارىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا قەدەر كەلگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سەپەردىشى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى كۆرەلمىگەن ئىدى. چۈنكى غارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا بىر ئۆمۈچۈك تور توقىغان ۋە بىر كەپتەر ئۇۋا قويغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن مۇشرىكلار غارنىڭ ئىچىگە قارىمايلا ئارقىسىغا قايتقان ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«قەبرەمدە مېنى زىيارەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق خىيالى يوق يوق ھالدا مېنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن كىشى قىيامەت كۈنىدە شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ.»

(تەبەرانى: «ئەۋسات»، 5 ـ جىلد، 275، 4524)

## 2. مەدىنە ـ مۇنەۋۋەردىكى زىيارەت يەرلىرى

مەدىنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغان ۋە ۋاپات بولغۇچە ياشىغان مۇبارەك شەھەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن شەرەپلەنگەن بۇ شەھەر، «يورۇق شەھەر، نۇرلۇق شەھەر» دېگەن مەنىدە «مەدىنە ـ مۇنەۋۋەر» دەپ ئاتالغان.

✎ مەككىلىك بۇتپەرەستلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان چاغدا مەدىنە خەلقى «تەلەئەل بەدرۇ ئەلەينا/ ئاي تۇغدى ئۈستىمىزگە» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا خۇشاللىق بىلەن قۇچاق ئاچقان. مەككىلىك مۇسۇلمانلار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىشنى، ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە جېنىنى پىدا قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلگەن. شۇڭا مەدىنە «ھىجرەت يۇرتى»، پەيغەمبىرىمىزگە «ياردەم قىلغان» تەلەيلىك ئىنسانلار «ئەنسار» دەپ ئاتالغان.

✎ مەدىنىگە بېرىش يولىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دۇرۇت ئوقۇيمىز. يېشىل قۇببىنى كۆرگەندە دۇرۇتنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇيمىز. قەلبىمىز ھەسرەت، كۆزىمىز ياشقا تولغان ھالدا پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىمىزنى كۆڭلىمىزدە ھېس قىلىمىز. ئەنسارلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە پىداكارلىقلىرىنى خىيال قىلغاچ مەدىنە كوچىلىرىدا ماڭىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ياشىغان يەرلەرنى بۇ خىل گۈزەل تۇيغۇلار ئىچىدە زىيارەت قىلىمىز.



❀ **مەسجىدى-نەبەۋى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە-مۇنەۋۋەرگە كەلگەندىن كېيىن سالدۇرغان تۇنجى مەسجىدتۇر. بۇ مەسجىدنى سالغاندا پەيغەمبىرىمىزمۇ قۇرۇلۇشتا ئىشلىگەن ۋە مۈرىسىدە كېسەك توشىغان.

✎ پەيغەمبىرىمىز بۇ مەسجىدتە ساھابەئى-كىراملارغا ئون يىل ئىمالىق قىلغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتلىرى بىلەن ساھابىلەر بۇ مەسجىدتە تەربىيىلەنگەن ۋە قىيامەتكە قەدەر ئىنسانىيەتكە يول كۆرسىتىدىغان يۇلتۇزلار بولغان.

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«كەبىدە ئوقۇلغان نامازدىن باشقا، مېنىڭ مەسجىدىمدە (مەسجىدى-نەبەۋىدە) ئوقۇلغان بىر ناماز باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ياخشىدۇر.»

(مۇسلىم: «ھەج»، 94)



❀ **رەۋزائى-مۇتەھھەرا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى جايلاشقان يەر، يېشىل قۇببىنىڭ ئاستىدىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەبرىسى باردۇر.

✎ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمىزدا خۇددى ئۇنى ھايات ۋاقتىدا زىيارەت قىلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە ھەرىكەت قىلىمىز. مەسجىدى-نەبەۋىنىڭ ئىشىگىدىن ھۆرمەت-ئېھتىرام ۋە ئەدەپ بىلەن كىرىمىز. رەۋزائى-مۇتەھھەراغا يېقىنلىشىپ، پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇد ئوقۇپ سالام قىلىمىز. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرگىمۇ سالام قىلغاندىن كېيىن زىيارىتىمىزنى تاماملايمىز.

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«مېنى ۋاپاتىمدىن كېيىن زىيارەت قىلغان كىشى ساق چېغىمدا زىيارەت قىلغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ.»

(بەيھاقى: «شۇئابۇل-ئىمان»، 4ـجىلد، 48)



**جەننەتۇل-باقى:** مەسجىدى-نەبەۋىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قەبرىستانلىقتۇر. پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشكەن، ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئىسلام ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسەتكەن مىڭلەرچە ساھابىنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردىدۇر. ئۇندىن باشقا پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بەزى ئۇلۇغ كىشىلەر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ۋە قىزلىرىنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ يەردىدۇر. پەيغەمبىرىمىز باقى قەبرىستانلىقىنى پات-پات زىيارەت قىلغان ۋە ۋاپات بولغان مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلغان ئىدى.

## مەدىنىدە زىيارەت قىلىنىدىغان باشقا يەرلەر:



پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش جەريانىدا سالدۇرغان **قۇبا مەسجىدى**.



ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان ساھابىلەرنىڭ قەبرىسى جايلاشقان **ئوھۇد شېھىدلىكى**.



خەندەك ئۇرۇشىدا ساھابىلەر بىر گۇرۇپپا بىر گۇرۇپپا بولۇپ ناماز ئوقۇغان يەرلەردىكى **يەتتە مەسجىد**.



قىبلىنىڭ مەسجىدى ئەقسادىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋەقەسى يۈز بەرگەن **قىبلەتەين مەسجىدى** («ئىككى قىبلىسى بار مەسجىد» دېگەن مەنىدە).

# ھەجنىڭ پەرزلىرى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ھەج قىلغاندا | | ❀ئىھرام باغلاش، ❀ئەرافاتتا ۋەقفەدە تۇرۇش، ❀كەبىنى تاۋاپ قىلىش | | پەرزدۇر. ☺☺☺☺ |

## ھەج ئىبادىتىدىكى ۋەزىپىلەر

ھەج ئىبادىتىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق ۋەزىپىلەر باردۇر. بۇلار: ئىھرام، تاۋاپ، سەئيى، ۋەقفە، شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ ئالدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

### 1. ئىھرام باغلاش

**ئىھرام باغلاش** دېگىنىمىز ھەج قىلىشقا نىيەت قىلغان كىشىنىڭ تىكىشى بار كىيىم كېيىش قاتارلىق نورمال چاغلاردا قىلالايدىغان بەزى ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئۇزاق تۇرۇشى دېگەنلىكتۇر. ئىھرام باغلىغاندا ئەرلەر تىكىشى يوق ئىككى پارچە ئاق رەخت بىلەن بەدىنىنى يۆگەيدۇ. بۇ ئالاھىدە كىيىم «ئىھراملىق» ياكى «ئىھرام كىيىمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئىھرام ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كىيىمى يوقتۇر. بەدىنىنى نامەھرەمگە كۆرسەتمىگۈدەك ئاساستا ھەر قانداق كىيىمنى ئىھرام ئورنىدا كېيىسە بولىۋېرىدۇ.

ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىھرام باغلىشى ئۈچۈن مىقات چېگرىسىنى بەلگىلەپ بەرگەندەك، ھالال ۋە ھارامنىڭ چېگرىسىنىمۇ بەلگىلەپ بەرگەن.

مىقات چېگرىسىدا قانداق دىققەت قىلغان بولساق، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ھالال-ھارام ئۆلچەملىرىگىمۇ شۇنداق دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ھالالغا قانائەت قىلىپ، ھارامدىن ئۇزاق تۇرۇشىمىز كېرەك.

«نىيەت قىلىپ ئىھرام باغلىدۇق. بۇندىن كېيىن ئىھرامدا مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا نىسبەتەن دىققەت قىلىمىز. ئۆزىمىزنى گويا كېپەن كىيگەندەك ھېس قىلىۋاتىمىز. ئۆلۈمگە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەممىمىز ئوخشاش ئىھرام باغلىدۇق. چۈنكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەممىمىز باراۋەر.»



مەككىنىڭ ئەتراپىدا **«مىقات»** دېيىلىدىغان چېگرىلار بار. ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەنلەر بۇ چېگرىلاردا نىيەت قىلىپ ئىھرام باغلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مىقات چېگرىلىرى:

زۇلھۇلەيفە، جۇھفە، زاتۇ ئىرق، قارنۇل-مەنازىل ۋە يەلەملەم. ھەج ياكى ئۆمرىگە كەلگەن مۇسۇلمانلار بۇ بەش چېگرىدىن ئىھرام باغلاپ ئۆتىشى كېرەك.

**ئېھرام باغلىغان كىشىلەرگە چەكلەنگەن ئىشلار:**



تىرناق ئېلىش

☹



چاچ-ساقال ئېلىش

☹



ئەتىر قاتارلىق خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش

☹



مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوت-چۆپلەرنى كېسىش ياكى يۇلۇش.

☹



تىكىشى بار كىيىم كىيىش

☹

ئېھرام باغلىغان كىشى ئەگەر يۇقىرىدا مەنئى قىلىنغان قىلمىشلاردىن بىرىنى قىلىپ سالسا، ئۇنداقتا جازاسى ئۈچۈن پېقىرلارغا سەدىقە بېرىشى ياكى بىرەر مال قۇربانلىق قىلىشى كېرەك.



پىلانىتلار قۇياش ئەتراپىدا، ئېلېكترونلار يادرو ئەتراپىدا، پەرىشتىلەر ئەرشىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىدۇ. بىزمۇ كەبىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئاللاھنى زىكىر قىلىمىز.



## 2. تاۋاپ

- ✍ كەبىنىڭ ئەتراپىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىش **«تاۋاپ»** دېيىلىدۇ.
- ✍ كەبىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر بىر ئايلىنىش **«شاۋت»** دېيىلىدۇ.



### 3. سەئيى

هەج ياكى ئۆمرىدە سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم كېلىش-كېتىش «سەئيى» دېيىلىدۇ. سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدىكى تۆت كېتىش ۋە ئۈچ كېلىشتىن ئىبارەت بولغان بۇ سەئيى سەفادا باشلىنىپ، مەرۋىدە تاماملىنىدۇ.



هەزرىتى هاجەر سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سۇ ئىزدەپ يۈگۈرگەن ۋە زەمزەمنى ئىسمائىل ئەلەيهىسساللامنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا تاپقان ئىدى. بىزمۇ ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مۇكاپاتنى پەقەتلا ئاللاھتىن كۈتىمىز.



### 4. ۋەقفە

هەجنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى بولغان «ۋەقفە» ئەرەفە كۈنى (قۇربان هېيتىنىڭ هارپا كۈنى) پىشىن ۋاقتىدىن باشلاپ كۈن پاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېھرام باغلىغان هالدا ئەرافاتتا تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ «ئەرافاتتا ۋەقفە» دەپ ئاتىلىدۇ.



قىيامەت كۈنى قەبرىمىزدىن چىقىپ، مەهشەر مەيدانىغا توپلىنىمىز. ئەرافاتتا ئۇ مەهشەر كۈنىگە ئوخشايدىغان بىر كۈننى ياشايمىز.

ئاللاھنىڭ هۇزۇرىدا يىغلاپ، بىزنى ئەپۇ قىلىشى ئۈچۈن چىن كۆڭلىمىزدىن يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىمىز.



ئەرافاتتىكى ۋەقفىدىن كېيىن مۇزدەلىفىگە بارىمىز. كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز. شەيتانىغا ئېتىش ئۈچۈن تاش يىغىمىز. بامدات نامىزىدىن كېيىن قىسقا ۋاقىت دۇئا قىلىنىدۇ. بۇ «مۇزدەلىفەدە ۋەقفە» دەپ ئاتىلىدۇ.



تەۋبە ۋە كۆز ياشلىرىمىز بىلەن پاكىزلانغان قەلبىمىز ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن هاياجانغا تولىدۇ. بۇ تۇيغۇلار ئىچىدە بىزنى ئاللاھ يولىدىن ئېزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان شەيتانلارغا ئېتىش ئۈچۈن مۇزدەلىفەدە قولىمىزغا تاش ئالىمىز. ئاللاھنى ئەسلەيمىز، ئۇنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئىرادىمىزنى تېخىمۇ مۇستەهكەملەيمىز.



### 5. شەيتانغا تاش ئېتىش

قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە چوڭ، ئوتتاھال ۋە كىچىك ئۈچ **شەيتانغا تاش** ئېتىلىدۇ.



ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز بولغان شەيتانغا تاش ئېتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمىز. بۇندىن كېيىن شەيتاندىن يىراق تۇرىدىغانلىقىمىزغا، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەيدىغانلىقىمىزغا ۋەدە قىلىمىز.



### 6. ھەجدە قۇربانلىق قىلىش

ھاجىلارنىڭ ھېيت كۈنى ئېھرامدىن چىقىشتىن ئىلگىرى شۈكۈر ئۈچۈن **قۇربانلىق قىلىشى** ۋاجىپتۇر.



مىنادا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئىدى. چۈنكى بۇ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرىگە قىلچە ئىككىلەنمەي ئىتائەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن رازى بولۇپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا بىر قوچقار ئەۋەتتى.

بىزمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ھەج قىلىۋاتىمىز. ھازىر جېنىمىز ۋە مېلىمىزنى بىزگە ئامانەت قىلىپ بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىمىز.



### 7. چاچ ئېلىپ ئېھرامدىن چىقىش

ئېھرامدىن چىقىش ئۈچۈن **چاچ ئالدۇرۇش** كېرەك. ئەرلەر چاچلىرىنى قىسقارتسا ياكى ھەممىسىنى ئالدۇرىۋەتسە بولىدۇ. ئاياللار چېچىنىڭ ئۇچىدىن ئازىراق كېسىدۇ.

چاچ كېسىشتىن كېيىن «خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلىتىشكە بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىمۇ ئەمەلدىن قالىدۇ.



ئېھرام بىلەن باشلىغان مەنىۋى تەربىيە چېچىمىزنى كېسىش بىلەن تاماملىنىدۇ. بۇندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشىمىز ھەجدە ئۆگەنگەن گۈزەل سۆز-ھەرىكەتلەرنى ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرۇشتۇر.



# ھەج قانداق قىلىنىدۇ؟

ھەج ئۈچ خىل ئۇسۇلدا قىلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە ئەڭ كۆپ قىلىنىدىغان تەمەتتۇ ھەججىنى بايان قىلىمىز. تەمەتتۇ ھەججىدە ئالدى بىلەن ئۆمرە، كېيىن ھەج قىلىنىدۇ.

1



❀ مىقات يېرىدە نىيەت قىلىپ **ئىھرام** باغلايمىز.

✎ ئىھرام باغلاشتىن ئىلگىرى چاچ، تىرناق ۋە بەدەن پاكىزلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، بوي تاھارەت ئالىمىز (غۇسۇل قىلىمىز) ياكى نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالساقمۇ بولىدۇ.

✎ نىيەت قىلغاندىن كېيىن تەلبىيە ئېيتىمىز، دۇئا قىلىمىز.

2



❀ مەككىگە بېرىپ كەبىنى **تاۋاپ** قىلىمىز.

✎ تاۋاپتىن كېيىن، ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇيمىز.

**تەلبىيە:**

لَبَّيْكْ اَللَّهُمَّ لَبَّيْكْ لَبَّيْكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكْ اِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكْ لاَ شَرِيكَ لَكْ

«لەببەيك،ئاللاھۇمما لەببەيك. لەببەيكەلاشەرىكە لەكە لەببەيك. ئىننەل-ھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەل-مۈلك، لاشەرىكە لەك.»

«لەببەي! ئاللاھىم لەببەي! بۇيرۇقىڭغا تەييارمەن. لەببەي! سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر، لەببەي! ئاللاھىم، لەببەي! شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار ساڭىلا ئائىتتۇر. نېمەت ۋە مۈلۈك سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر.»

3



❀ سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا **سەئيى** قىلىمىز.

4

❀ چاچ ئالدۇرۇپ ئىھرامدىن چىقىمىز.

✎ ئىھرامدىن چىققانلىقىمىز ئۈچۈن كۈندىلىك نورمال كىيىملىرىمىزنى كىيسەك بولىدۇ.

5

❀ ئەرافاتقا بېرىشتىن ئىلگىرى تۇرۇۋاتقان يېرىمىزدە ھەجگە نىيەت قىلىپ تەكرار ئىھرام باغلايمىز.

6



❁ ئەرەفە كۈنى ئەرافاتقا بېرىپ ۋەقفەدە تۇرىمىز.

7



❁ ئاخشام مۇزدەلىفىگە بېرىپ، كېچىنى مۇزدەلىفىدە ئۆتكۈزىمىز. قۇربان ھېيت كۈنى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مۇزدەلىفەدە ۋەقفە قىلىمىز.

✎ مۇزدەلىفەدە كېچىدە ئەتىسى شەيتانغا ئېتىش ئۈچۈن تاش يىغىمىز.

✎ مۇزدەلىفە ۋەقفىسىدىن كېيىن مىناغا بارىمىز.

8



❁ مىنادا شەيتانغا تاش ئاتىمىز.

9



❁ مىنادا قۇربانلىق قىلىمىز.

10



❁ چاچ ئالدۇرۇپ ئېھرامدىن چىقىمىز.

✎ ئېھرامدىن چىققانلىقىمىز ئۈچۈن كۈندىلىك نورمال كىيىملىرىمىزنى كېيسەك بولىدۇ.

11



❁ كەبىگە بېرىپ، ھەجنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى بولغان زىيارەت تاۋاپىنى قىلىمىز.

12

❁ سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا ھەجنىڭ سەئيىنى قىلىمىز.

13

❁ قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى كۈنلىرى شەيتانغا تاش ئاتىمىز.

❁ **مەككىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا ۋىدا تاۋاپى قىلىمىز.**

# ئۆمرە

ئۆمرە ئېھرام باغلىغان ھالدا تاۋاپ ۋە سەئىيى قىلغاندىن كېيىن چاچ ئالدۇرۇپ ئېھرامدىن چىقىشتۇر.

ھەجدە ئادا قىلىنغانلارنىڭ بىر قىسمى ئۆمرىدىمۇ ئادا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمرە «كىچىك ھەج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كۈچى يەتكەنلەرنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆمرىگە بېرىشى سۈننەتتۇر.

ئۆمرە ئۈچۈن ئېنىق بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت يوقتۇر. يىلنىڭ خالىغان بىر كۈنىدە ئۆمرە قىلساق بولۇۋېرىدۇ. لېكىن، ھەج كۈنى بولغان زىلھەججە ئېيىنىڭ 9ـكۈنىدىن 13ـكۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى قۇربان ھېيت ھارپا كۈنى (ئەرەفە كۈنى) ۋە ھېيت كۈنلىرى ئۆمرە قىلىش مەكرۇھتۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ئۈچۈن ھەج ۋە ئۆمرىنى ئادا قىلىڭلار...»

(بەقەرە سۈرىسى 196 ـ ئايەت)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆمرە ئىبادىتى كېيىنكى بىر ئۆمرىگىچە بولغان ئارىلىقتا سادىر قىلىنىدىغان گۇناھلار ئۈچۈن كەففارەتتۇر.»

(بۇخارى: «ئۆمرە»، 1)

## ئۆمرىنى قانداق قىلىمىز؟

- مىقات يېرىدە ئۆمرە ئۈچۈن نىيەت قىلىپ، ئېھرام باغلايمىز.
- كەبىنى تاۋاپ قىلىمىز.
- تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز.
- سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئىيى قىلىمىز.
- سەئىيدىن كېيىن چېچىمىزنى كېسىپ ياكى ئالدۇرۇپ، ئېھرامدىن چىقىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئۆمرىنى تاماملىغان بولىمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«رامىزان ئېيىدا قىلىنغان بىر ئۆمرە ھەج ساۋابىغا تەڭدۇر.»

(ئىبنى ماجە: «مەناسىك»، 45)



216



# ھەجدىن قانداق ھەدىيە ئېلىپ كەلدىڭلار؟

بىر كۈنى پاكىستاننىڭ مەنىۋى پېشۋاسى مۇھەممەد ئىقبال مەدىنىدىن قايتقان ھاجىلارنى يوقلاپتۇ. ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى كۆرسىتىدىغان مۇنداق بىر سوئال سوراپتۇ:

«مەككە-مۇكەررەمە ۋە مەدىنە-مۇنەۋۋەرنى زىيارەت قىلدىڭلار! مەنىۋى مەدىنە بازىرىدىن كۆڭۈل سومكاڭلارنى قانداق ھەدىيىلەر بىلەن تولدۇردۇڭلار؟ سىلەر ئېلىپ كەلگەن ماددى ھەدىيىلەر، سەللىلەر، ياغلىق-رومالّلار، تەسبىھلەر، جايىنامازلار بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كونىرايدۇ، ئۇپراپ يىرتىلىدۇ. كونىرىمايدىغان، ئۇپرىمايدىغان، قەلبىمىزنى ياشارتىدىغان مەدىنىنىڭ مەنىۋى ھەدىيىلىرىنى ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟ ھەدىيىلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ سىددىقلىقى، تەسلىمىيىتى ۋە دۇرۇستلىقى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئادالىتى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى ۋە مەرتلىگى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھاياجان ۋە جىھادى بارمۇ؟ كۈنىمىزدە ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە قىينىلىۋاتقان ئىسلام دۇنياسىغا كۆڭلۈڭلاردىن بىر ئەسرى-سائادەت[1] ھاياجىنىنى ھەدىيە سۈپىتىدە بېرەلەمسىلەر؟»

1. ئەسرى-سائادەت: سائادەت ئەسرى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت خەلىپە دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججى

## ۋىدا ھەججى (ھىجرىنىڭ 10، مىلادىنىڭ 632-يىلى مارت ئېيى)

ۋىدا خۇتبىسىدىن:

ئەي ئىنسانلار!
بۇ كۈنلەر قانچىلىك مۇقەددەس كۈن، بۇ ئايلار قانچىلىك مۇقەددەس ئاي، بۇ يەرلەر قانچىلىك مۇقەددەس يەر بولسا، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا بېرىشقىچە بولغان ئارىلىقتا جېنىڭلار ۋە مېلىڭلارمۇ شۇنچىلىك مۇقەددەستۇر. بىر-بىرىڭلارنىڭ جېنىڭلار ۋە مېلىڭلارغا چېقىلىشىڭلار ھارامدۇر.

ۋىدا خۇتبىسىدىن:

ئەي ئىنسانلار!
ئاياللارنىڭ ھەققىگە دىققەت قىلىڭلار. بۇ جەھەتتە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاياللار سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىر ئامانىتىدۇر. سىلەرنىڭ ئاياللاردا ھەققىڭلار بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ سىلەردە ھەققى باردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا پەقەت بىر قېتىملا ھەج قىلغان ۋە ساھابىلىرىگە ھەجنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى ئەمەلىي مىسال بىلەن كۆرسەتكەن. ھىجرەتنىڭ 10-يىلى قىلغان بۇ ھەج جەريانىدا ئەرافات، مۇزدەلىفە ۋە مىنا قاتارلىق يەرلەردە ئىنسانلارغا خىتاپ قىلغان. تارىختا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئاساسىي تېما قىلغان خۇتبىلىرىدە ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل چاقىرىقىنى ئىنسانىيەتكە جاكارلىغان. خۇتبىسىدە: «ئەي ئىنسانلار! سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار. بەلكىم كېلەر يىلى سىلەر بىلەن بۇ يەردە قايتا كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن» دەپ ساھابىلەر بىلەن خوشلاشقان. بۇ سەۋەپتىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ يەردىكى سۆزلىرى «ۋىدا خۇتبىسى»، ھەججى بولسا «ۋىدالىشىش ھەججى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋىدالىشىش ھەججىنى مۇنداق ئادا قىلغان ئىدى:

ھىجرەتنىڭ 10-يىلى زىلقەئدە ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ھەج تەييارلىقى قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلارغىمۇ ھەجگە تەييارلىنىشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلىشنى خالايدىغان مۇسۇلمانلار ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ تۆت تەرىپىدىن توپ-توپ بولۇپ مەدىنىگە كېلىپ، ھەج سېپىگە قېتىلدى.

پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەر مىقاد يېرىگە كەلگەندە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن تەلبىيە ئېيتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ھەجگە كەلگەنلىكىنى «لەببەيك» سۆزى بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ «لەببەيك» دېگەنسىرى ھەر تەرەپتىن «لەببەيك» ئاۋازى ياڭرايتتى.

يولدا سەپكە قوشۇلغانلار بىلەن بىرلىكتە سانى ئىككى يۈز مىڭ كىشىدىن ئاشقان بۇ زور قوشۇن ئون كۈندىن كېيىن مەككىگە يېتىپ باردى. زىلھەججە ئېيىنىڭ 4-كۈنى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەر كەلكۈنى ئىچىدە كېتىۋاتاتتى، «ئاللاھۇ ئەكبەر!» نىدالىرى ئاسمان-زېمىننى لەرزىگە سالاتتى.

مەككىگە كەلگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغان تۇنجى ئىشى كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولدى. تاۋاپتىن كېيىن ماقامى-ئىبراھىمدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلدى.

بىر قانچە كۈن مەككىدە قالدى. زىلھەججە ئېيىنىڭ 8-كۈنى مىناغا چىقتى. ئەتىسى، يەنى ئەرەفە كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن مىنادىن ئەرافاتقا ئۆتتى. پىشىن ۋاقتىدا چېدىرىدىن چىقىپ، «قۇسۋا» ئىسىملىك تۆگىسىگە مىندى. ئەرافاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. بۇ يەردە بارلىق ئىنسانلارغا خىتاپ قىلدى. ئۇ كۈنى ئەرافاتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغانلارنىڭ سانى تەخمىنەن بىر يۈز

ۋىدا خۇتبىسىدىن:

ئەي ئىنسانلار!

رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلارمۇ بىردۇر. ھەممىڭلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغاندۇر. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى كىشى ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ سېلىشتىن ئەڭ قورقىدىغان كىشىدۇر. شۇنى ئوبدان بىلىڭلاركى، ئەرەپ ئەجەمدىن ياكى ئەجەم ئەرەپتىن، ئاق تەنلىك قارا تەنلىكتىن ياكى قارا تەنلىك ئاق تەنلىكتىن ئۈستۈن ئەمەستۇر. ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋادارلىقتىدۇر. تەبلىغ ۋەزىپەمنى ئورۇندىدىممۇ؟ ئاللاھىم شاھىد بول!

يىگىرمە تۆت مىڭ كىشى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خۇتبىسىدە پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلدى. ئىنسانىيەتكە يول كۆرسىتىدىغان مۇھىم تېمىلارنى تىلغا ئالدى.

ئەرافاتتا پىشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى بىرلەشتۈرۈپ پىشىن ۋاقتىدا ئوقۇدى. كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا ئەرافاتتىن مۇزدەلىفەگە ئۆتتى. مۇزدەلىفەدە ناماز شام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ، خۇپتەن ۋاقتىدا ئوقۇدى. ئۇ كېچە مۇزدەلىفەدە قالدى. قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى مىناغا قاراپ يولغا چىقتى. مىنادا شەيتانغا تاش ئاتتى. قۇربانلىق قىلدى. ئاندىن مەككىگە كەبىگە بېرىپ، پەرز بولغان زىيارەت تاۋاپىنى قىلدى.

قۇربان ھېيتنىڭ باشقا كۈنلىرىدە مىناغا بېرىپ شەيتانغا تاش ئاتتى.

ھېيتنىڭ 4-كۈنى ۋىدا تاۋاپىنى قىلغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە قايتتى.

شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبىرىمىز ھەم ئۆزى ھەج قىلدى، ھەمدە مۇسۇلمانلارغا ھەج ئىبادىتىنى قانداق ئادا قىلىشنى ئۆگەتتى.





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاياق ئىزى ۋە كەشى

## ئىزدەپ، ئىزلەپ تاپسام ئىزىڭنى

ئىزدەپ، ئىزلەپ تاپسام ئىزىڭنى،
ئىزىڭنىڭ تۇپراقىغا سۈرتسەم كۆزۈمنى،
ئاللاھ نېسىپ قىلسا، كۆرسەم يۈزۈڭنى،
ئەي مۇھەممەد، كۆڭلۈم خالايدۇ سېنى.

بىر مۇبارەك سەپەر چىقسا، بارسام،
كەبە يولىدا قۇملارغا پاتسام،
ھۆسنى-جامالىڭنى چۈشۈمدە كۆرسەم،
ئەي مۇھەممەد، كۆڭلۈم خالايدۇ سېنى.

ئەلى ئىلە ھەسەن، ھۈسەيىن ياندا،
سەۋداسى كۆڭۈللەردە، مۇھەببەت جاندا،
ئەتە مەھشەر كۈنى ھەق دىۋانىدا،
ئەي مۇھەممەد، كۆڭلۈم خالايدۇ سېنى.

يۇنۇس مەدھىيلەر سېنى تىللاردا،
تىللاردا، دىللاردا ھەم كۆڭۈللەردە،
ئىزدەپ، ئىزلەپ ناتونۇش ئەللەردە،
ئەي مۇھەممەد، كۆڭلۈم خالايدۇ سېنى.

- يۇنۇس ئەمرە

# سوئاللار

## ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدە توغرا بولغانلارغا «**توغرا**» خاتا بولغانلارغا «**خاتا**» بەلگىسىنى ئىشارەتلەڭلار.

1. ھەج يىلىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن كەبىنى ۋە كەبە ئەتراپىدىكى مۇقەددەس يەرلەرنى ئىبادەت نىيىتى بىلەن زىيارەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. توغرا ☐ خاتا ☐
2. كەبىنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭرى يەرگە سېلىنغان مەسجىد «مەسجىدى-ھەرەم» ياكى «ھەرەمى-شەرىف» دەپ ئاتىلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
3. كەبىنىڭ ئەتراپىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىش «سەئيى» دەپ ئاتىلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
4. كەبىنىڭ ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىش «تاۋاپ» دەپ ئاتىلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
5. ھەجدىكى ئېھرام دۇنياۋى تەبىقە، دەرىجە ۋە پەرىقلەرنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكى، ھەممە كىشىنىڭ ئاللاھ ئالدىدا باپ-باراۋەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
6. ئەرافاتتىكى ۋەقفە ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنى تىرىلىپ، توپ-توپ بولۇپ مەھشەر مەيدانىغا كەلگەنلىكىنى خاتىرىلىتىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
7. ھەجدە ئېھرامسىز ئۆتكىلى بولمايدىغان چېگرىلار مىقاد چېگرىسى دەپ ئاتىلىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
8. مەسجىدى-نەبەۋى مەدىنە-مۇنەۋۋەردىدۇر. توغرا ☐ خاتا ☐

## ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. يەر يۈزىدە بىنا قىلىنغان تۇنجى ئىبادەتخانا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟

ئا. مەسجىدى-نەبەۋى
ب. مەسجىدى ئەقسا
ت. كەبە
پ. مەسجىدى قۇبا

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسى ھەجنىڭ پەرزى ھېسابلىنىدۇ؟

ئا. كەبىنى تاۋاپ قىلىش
ب. مۇزدەلىفەدە ۋەقفىدە تۇرۇش
ت. شەيتانغا تاش ئېتىش
پ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش

3. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئېھرام باغلىغان كىشىگە مەنئى **قىلىنمىغان؟**

ئا. ئەتىر چېچىش
ب. چاچ ئېلىش
ت. ئۇخلاش
پ. تىرناق ئېلىش

4. قايسى ۋاقىتتا قىلىنغان ئۆمرە ھەج ساۋابىغا تەڭ؟

ئا. قۇربان ھېيتتا
ب. رامىزان ئېيىدا
ت. مۇھەررەم ئېيىدا
پ. ئىسسىق پەسىللەردە

5. كەبىنىڭ ئەتراپىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىش نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟
ئا. ۋەقفە
ب. ئىھرام
ت. سەئىي
پ. تاۋاپ

6. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ھەجنىڭ پەرزلىرىدىن **ئەمەس؟**
ئا. ئىھرام
ب. كەبىنى تاۋاپ قىلىش
ت. مۇزدەلىفەدە ۋەقفىدە تۇرۇش
پ. ئەرافاتتا ۋەقفىدە تۇرۇش

7. پەيغەمبىرىمىز قىلغان ھەج نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟
ئا. پەرز ھەج
ب. ۋىدا ھەججى
ت. چوڭ ھەج
پ. ۋىدا خۇتبىسى

8. ھەج مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئىھرام باغلاپ كەبىنى تاۋاپ قىلىش ۋە سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئىيى قىلىش بىلەن قىلىنغان ئىبادەت نېمە دېيىلىدۇ؟
ئا. ئۆمرە
ب. تاۋاپ
ت. ھەج
پ. ئىھرام

9. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى بىر كىشىگە ھەج پەرز بولۇشى ئۈچۈن شەرت **ئەمەس؟**
ئا. مۇسۇلمان بولۇش
ب. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش
ت. ساياھەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇش
پ. قىرىق ياشتىن چوڭ بولۇش

10. مەدىنىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەبرىسى جايلاشقان يەرنىڭ ئىسمى نېمە؟
ئا. رەۋزائى-مۇتەھھەرا
ب. كەبەئى-مۇئەززەم
ت. مەسجىدى ئەقسا
پ. ھاجەرى-مۇئەللەق

**تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىن مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(زەمزەم، گۇناھسىز، ھايات ۋاقتىمدا، ئىھرام، ماقامى-ئىبراھىم، كەبەئى-مۇئەززەم، مىنا)**

1. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلغاندا شۇنتا قىلىپ ئىشلەتكەن ۋە ئىنسانلارنى ھەجگە چاقىرغاندا ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان تاش قويۇلغان يەر ................... دېيىلىدۇ.
2. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان يەرنىڭ ئىسمى ................ قۇربانلىق ماللار مۇشۇ يەردە بوغۇزلىنىدۇ.
3. مەسجىدى-ھەرەمنىڭ ئىچىدە ۋە كەبىنىڭ يېنىدا چىققان خاسىيەتلىك سۇ ............ دەپ ئاتىلىدۇ.
4. ھەج قىلغاندا باغلىغان ............. بىزگە دۇنيادىكى ئەمەل، دەرىجە، تەبىقە ۋە پەرقلەرنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكى، ئاللاھ ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.
5. مۇبارەك بىنا ............ ئەتراپىدا ئايلانغان مۇسۇلمانلار قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان پىلانىتلار ۋە يادرونىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلارغا ئوخشاش، ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ.
6. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «مېنى ۋاپاتىمدىن كېيىن زىيارەت قىلغان كىشى ............... زىيارەت قىلغاندەك بولىدۇ.»
7. «ناچار گەپ-سۆز قىلماي، چوڭ گۇناھ قىلماي ھەج قىلغان كىشى ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان چاغدىكىدەك ................... ھالدا ئائىلىسىگە قايتىدۇ.»





ئاللاھقا تەسلىم بولۇشنىڭ سىمۋولى

# قۇربان

- قۇربانلىق دېگەن نېمە؟
- قۇربانلىق ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز
- كىملەر قۇربانلىق قىلىشى كېرەك؟
- قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلار
- قۇربانلىق ھايۋان قانداق بوغۇزلىنىدۇ؟
- ئاداق قۇربانلىقى
- ئەقىقە قۇربانلىقى
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇربانلىق





# دوستلۇق سىنىقى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى كېچىسى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىپ چۈش كۆردى. ئۇدا بىر نەچچە كۈن كەينى-كەينىدىن بۇ چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئۆزىگە چۈش ئارقىلىق قىلىنغان بىر ۋەھيى ئىكەنلىكىگە ھېس قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشنى ئەمىر قىلىۋاتاتتى.

ئاللاھتائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ياشانغان چېغىدا پەرزەنت بەرگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. ئاللاھنىڭ دوستى (خەلىلۇللاھ) دەپ ئاتالغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر بىر دوستلۇق سىنىقى ئىدى.

ئەتىسى سەھەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى ئەگەشتۈرۈپ، مەككىدىن مىناغا قاراپ يولغا چىقتى. مىناغا كېلىپ، ئوغلىغا چۈشىنى سۆزلەپ بەردى. ئاللاھ تەرىپىدىن ئېغىر بىر ئىمتىھانغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى:

- ئوغلۇم! چۈشۈمدە سېنى قۇربانلىق قىلغانلىقىمنى كۆردۈم. ئويلاپ باققىنا، قانداق پىكرىڭ بار؟ - دېدى.

دادىسىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قىلچىلىك قورقمىغان ۋە ھودۇقمىغان ئىدى. جاننى بەرگۈچى ۋە ئالغۇچى ئاللاھ ئەمەسمۇ؟! ھاياتنىڭ ئىگىسى ئاللاھ ئەمدى ئۇنىڭدىن ھاياتنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىستەۋاتاتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ئويلىغاچ، ئۆزىنىڭ تولۇق تەسلىمىيەت ۋە تەۋەككۇل ئىچىدە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

- دادا! ساڭا بۇيرۇلغاننى بىجا كەلتۈر! ئىنشائاللاھ، مېنىڭ سەۋر قىلغىنىمنى كۆرىسەن.

ئوغلىنىڭ بۇ جاۋابى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ھەم خۇشال قىلدى، ھەمدە تەسىرلەندۈردى. كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئىمانى كۈچلۈك ئوغلىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قارىدى ۋە ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر ئوغۇل بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈر قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن ياتقۇزۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە تەييارلاندى. «رەببىم! سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى ئىجرا قىلىۋاتىمەن» دېگەچ، پىچاقنى «بىسمىللاھ» دەپ ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئەكەلگەندە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:



**«ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بىجا كەلتۈردۇڭ. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى بەردۇق.»**

(سافقات سۈرىسى 102ـ107ـئايەتلەر)

دەل مۇشۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن بىر قوچقار ئېلىپ كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇشاللىق كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئوغلىنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزدى، قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. ئوغلىنى يېڭىۋاشتىن ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئەكەلگەن قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى.

ئاللاھتائالا بۇ ۋەقە ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى پەرىشتىلەر ۋە بارلىق ئىنسانلارغا كۆرسەتتى. بۇ دوستلۇق ۋە تەسلىمىيەتنى سىنايدىغان بىر ئىمتىھان ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قىلچىلىك تەرەددۇت قىلماستىن بويسۇنۇپ، بۇ ئېغىر ئىمتىھاندىن مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا ئۆتۈپ مۇكاپاتنى ئالدى.



225

# قۇربانلىق دېگەن نېمە؟

## قۇربانلىق قىلىش دېگەن نېمە؟

قۇربان ھېيت كۈنلىرى مەلۇم ھايۋانلارنى بوغۇزلاش ئارقىلىق قىلىنىدىغان ئىبادەت «قۇربان» ياكى «قۇربانلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپتۇر.

قۇربانلىق قىلىش ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ بار ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا ئاللاھ ئەۋەتكەن قوچقارنى قۇربانلىق قىلغان ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئېتىبارەن بارلىق پەيغەمبەرلەر بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلغان ۋە ئۈممىتىگە ئۆگەتكەن.

بۇ ئىبادەتنى قاچان، قانداق ئادا قىلىشنى پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئۆگەتكەن. قۇربانلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشى قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا سەدىقە بېرىش، ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى قىلسا، مەقبۇل بولمايدۇ.

> ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:
>
> «رەببىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن.»
>
> (كەۋسەر سۈرىسى 2ـئايەت)

> ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:
>
> «ھەر ئۈممەت ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (بوغۇزلىغاندا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىق قىلىشنى بەلگىلىدۇق.»
>
> (ھەج سۈرىسى 34 ـئايەت)

> سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:
>
> «ئىمكانى بار تۇرۇقلۇق، قۇربانلىق قىلمىغان كىشى مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن.»
>
> (ئىبنى ماجە: «ئەداھى»، 2)

## قۇربانلىق مال قاچان بوغۇزلىنىدۇ؟

قۇربانلىق قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرىدە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى كۈن پاتقاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلغىلى بولمايدۇ.





# قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىرىمىز

## قۇربانلىق قىلىش

- بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ.
- ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەتچانلىق ۋە تەسلىمىيىتىمىزنى كۈچەيتىدۇ.
- ئاللاھ بىزگە بەرگەن نېمەتلەرنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بەھرىلىنىشكە ئادەتلەندۈرىدۇ.
- ئۆزئارا مۇھەببەت، ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىشنى كۈچەيتىدۇ.

ئاللاھتائالا ئەمرىگە خۇشاللىق بىلەن ئىتائەت قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىگە ئىبادەت قىلغۇچىلاردىن رازى بولىدۇ. بىزمۇ قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بىر ئەمرىنى بىجا كەلتۈرىمىز. بۇ ئىشىمىز ئاللاھنى مەمنۇن قىلىدۇ، **بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ** ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىمىزنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:**

«ئادەم بالىلىرىنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قىلغان ئەڭ ياخشى ئىبادىتى قۇربانلىق قىلىشتۇر. بوغۇزلانغان قۇربانلىقنىڭ قېنى يەرگە چۈشە-چۈشمەيلا، قۇربانلىق قىلغۇچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۈكسەك بىر مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا قۇربانلىقنى خۇشاللىق بىلەن قىلىڭلار.»

(مۇۋاتتا: «قۇربان»، 24)



قۇربانلىق بىزگە **ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرنى باشقىلار بىلەن تەڭ يېيىشنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئادەتلەندۈرىدۇ.** قۇربان ھېيت كۈنى بوغۇزلانغان قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىنى نامراتلارغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە يەپ، ئۇلارنى خوش قىلىمىز. بىز ھەم بۇ دۇنيادا ئۇلارنى خۇشال قىلىشنىڭ خوشاللىقىنى ھېس قىلىمىز، ھەمدە گۈزەل ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر قوي قۇربانلىق قىلغان ئىدى. قوينىڭ ئۇستىخىنىدىن باشقا گۆشلىرىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلارغا تارقىتىپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز: «قوينىڭ گۆشىدىن قانچىلىك ئېشىپ قالدى؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئائىشە: «پەقەتلا بىر ئۇستىخان سۆڭەك قالدى.» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئاخىرەتتىكى ساۋابنى ئەسكە سېلىپ: «بىر ئۇستىخان سۆڭەكتىن باشقا ھەممىسى بىزنىڭ بولدى دېسەڭچۇ!» دېدى.

(تىرمىزى: «سىفاتۇل قىيامە»، 33)

جېنىمىز ۋە مېلىمىزنى بەرگۈچى ئاللاھتۇر. بارلىق نېمەتلەر ئۇنىڭغا ئائىتتۇر. قۇربانلىق قىلغىنىمىزدا خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، پۈتكۈل نېمەتلەرنىڭ ئاللاھقا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئويلايمىز. ئۇنىڭ ئەمرىگە چىن قەلبىمىزدىن تەسلىم بولغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن قۇربانلىق **ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەتكارلىق ۋە تەسلىمىيەتنى كۆچەيتىدۇ.**

**ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:**

«ئى ئىبراھىم! چۈشۈڭدە ئەمىر قىلىنغاننى بىجا كەلتۈرۈش بىلەن ئەمرىمىزگە ئىتائەتچانلىقىڭنى كۆرسەتتىڭ. بۇ روشەن بىر ئىمتىھان ئىدى. بىز ئوغلۇڭنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىق بەردۇق.»

(ساففات سۈرىسى 105 ـ 107 ـ ئايەتلەر)

گۆش ئېلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان نامراتلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا قۇربانلىق ياردەم بېرىدۇ. باي-كەمبەغەللىك پەرقى تۈپەيلى كېلىپ چىققان كىبىر ۋە ھەسەتنى ئازايتىدۇ. ئىجتىمائى ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشىدۇ. قۇربان ھېيتتىكى ئۆزئارا ھېيتلىشىش ۋە مېھماندارچىلىق بىزنى بىر بىرىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. **ئۆزئارا مۇھەببەت، ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىشنى كۈچەيتىدۇ.**



ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«...ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىغان قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يەڭلار ۋە پېقىر-يوقسۇللارغا يېگۈزۈڭلار.»

(ھەج سۈرىسى 28 ـ ئايەت)



## قۇربانلىق قىلىش كىملەرگە ۋاجىپتۇر؟

- ئەقلى-ھوشى جايىدا،
- بالاغەتكە يەتكەن،
- ھۆر، ئەركىن،
- تۇرغان يېرىدە ياشاۋاتقان (سەپەردە ئەمەس)،
- دىندا باي ھېسابلانغان

ھەر مۇسۇلماننىڭ

قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپتۇر.

## قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلار

- ✓ كىچىك ھايۋانلاردىن **قوي** بىلەن **ئۆچكە**،
- ✓ چوڭ ھايۋانلاردىن **كالا** بىلەن **تۆگىنى** قۇربانلىق قىلغىلى بولىدۇ.


بىر ياشقا كىرگەن
**قوي**

بىر كىشى ئۈچۈن قۇربانلىق بولىدۇ.


بىر ياشقا كىرگەن
**ئۆچكە**

بىر كىشى ئۈچۈن قۇربانلىق بولىدۇ.


ئىككى ياشقا كىرگەن
**كالا**

بىر كىشىدىن يەتتە كىشىگىچە بىرلىشىپ قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.


بەش ياشقا كىرگەن
**تۆگە**

بىر كىشىدىن يەتتە كىشىگە قەدەر بىرلىشىپ قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.

### قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلار:

- ✓ ساغلام بولۇشى،
- ✓ قارغۇ ياكى چىشى چۈشۈپ كەتكەن، قۇربانلىق قىلىنىشقا توسقۇن بولىدىغان بىرەر ئەيىپى بولماسلىقى كېرەك.

# قۇربانلىق مال قانداق بوغۇزلىنىدۇ؟

- قۇربانلىق مال بىرەر يېرى ئاغرىتىلمىغان ھالدا بوغۇزلىنىدىغان يەرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ.
- قىبلىگە قارىتىپ، سول تەرىپى بىلەن ياتقۇزۇلۇپ، پۇتلىرى باغلىنىدۇ.
- تەشرىق تەكبىرى ئېيتىلىدۇ.
- «بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بوغۇزلىنىدۇ.

**قۇربانلىق مالنى بوغۇزلىغاندا:**

إِنَّ صَلاٰتِى وَنُسُكِى وَمَحْيَاىَ وَمَمَاتِى لِلهِ
رَبِّ الْعَالَمِينَ

«شۇبھىسىز، مېنىڭ نامىزىم، ئىبادەتلىرىم، ھاياتىم ۋە ئۆلۈمىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.» دەپ دۇئا قىلىش سۈننەتتۇر. ☺☺

**تەشرىق تەكبىرى:**

اَللهُ أَكْبَرُ اَللهُ أَكْبَرُ لاٰ إِلَهَ إِلاّ اللهُ وَاَللهُ أَكْبَرُ
اَللهُ أَكْبَرُ وَلِلهِ الْحَمْدُ

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھەمدۇ»

مەنىسى: «ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقىلا خاستۇر.»

✎ قۇربانلىق مالنى ئىگىسىنىڭ بوغۇزلىشى ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ئۆزى بوغۇزلىيالمىسا، بوغۇزلىيالايدىغان بىرەيلەنگە بوغۇزلاتقۇزسىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۆزى بېشىدا قاراپ تۇرسا ۋە دۇئا قىلسا، كۆپ ساۋاب بولىدۇ.





## قۇربانلىق مالنى بوغۇزلىغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟



- ❖ قۇربانلىق ھايۋاننى بوغۇزلاشنى بىلىدىغان كىشىلەر بوغۇزلىشى كېرەك.
- ❖ قۇربانلىق ھايۋاننى قىينىماسلىق كېرەك.
- ❖ مۇمكىن بولسا ھايۋاننىڭ كۆزىنى تېڭىپ، پۇتلىرىنى باغلاش كېرەك.
- ❖ ئۆتكۈر پىچاق ئىشلىتىش كېرەك.
- ❖ مال بوغۇزلىغاندا مۇھىتنى پاكىز قىلماسلىق كېرەك.

## قۇربانلىق مالنىڭ گۆشى قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟

۞ قۇربانلىق مالنىڭ گۆشى ئادەتتە ئۈچ ئۈلۈشكە ئايرىلىدۇ:

- ➤ بىر ئۈلۈشى نامراتلارغا تارقىتىلىدۇ.
- ➤ بىر ئۈلۈشى ئۇرۇق-تۇغقان،خولۇم-خوشنا ۋە مېھمانلارغا بېرىلىدۇ.
- ➤ بىر ئۈلۈشنى ئۆيدىكىلەر يەيدۇ.

✎ قۇربانلىق قىلغۇچى خالىسا، گۆشنىڭ ھەممىسىنى نامراتلارغا تارقىتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

## قۇربانلىق مالنىڭ تېرىسىنى قانداق قىلىمىز؟

- ☺ قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ.
- ☺ مەسجىد-جامى، مەكتەپ قاتارلىق يەرلەرگە ۋە خەير-ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا بېرىشكە بولىدۇ.
- ☺ دىنىمىز راۋا كۆرمىگەن يەرلەرگە بېرىش توغرا ئەمەس.

## ئاداق قۇربانلىقى ☺☺☺



✍ ئاداق (نەزىر) قۇربانلىقى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىنغان قۇربانلىقتۇر. بۇ قۇربانلىقنى قىلىش ۋاجىپتۇر.
ئاداق قۇربانلىقى ئىككى تۈرلۈكتۇر:

### 1. شەرتكە باغلىق ئاداق قۇربانلىق

➤ «دادامنىڭ كېسىلى ساقايسا، قۇربانلىق قىلىمەن» دېگەندەك ۋەدە قىلىساق، دادىمىز ساقايغان ھامان قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

### 2. شەرتكە باغلىق بولمىغان ئاداق قۇربانلىق

➤ «ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان بولساق، ۋەدە قىلغان ۋاقىتتىن ئېتىبارەن قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

#### قايسى ھايۋانلارنى ئاداق قۇربانلىقى قىلغىلى بولىدۇ؟

☑ قوي، ئۆچكە، كالا ۋە تۆگە قاتارلىق ماللارنى ئاداق قۇربانلىقى قىلغىلى بولىدۇ.

☒ توخۇ، خوراز قاتارلىق ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئاداق قۇربانلىقى قىلغىلى بولمايدۇ.

#### ئاداق قۇربانلىقىنىڭ گۆشى قانداق تارقىتىلىدۇ؟

☑ ئاداق قىلىنغان قۇربانلىق مالنىڭ گۆشى پۈتۈنلەي نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىلىشى كېرەك.

☒ قۇربانلىقنى ئاتىغان كىشى ئۆزى ئاتىغان ئاداق قۇربانلىقىنىڭ گۆشىدىن يېيىشى بولمايدۇ.

☒ ئاتىغان كىشىنىڭ يولدىشى، ئاتا-ئانىسى، بالىلىرى، بوۋىسى، مومىسى ۋە نەۋرىلىرى قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېيىشى بولمايدۇ. ئېرە-ئۈچىيى قاتارلىق ھەرقانداق يېرىنى ئىشلەتسە بولمايدۇ. ئەگەر يەپ سالغان ياكى ئىشلىتىپ سالغان بولسا، شۇنىڭغا چۇشلۇق بەدىلىنى (ياكى پۇلىنى) يوقسۇللارغا بېرىشى لازىم.

## ئەقىقە قۇربانلىقى ☺☺



✍ يېڭى تۇغۇلغان بالا ئۈچۈن ئاللاھتائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان قۇربانلىقتۇر.

☺☺ ئەقىقە قۇربانلىقىنى قىلىش سۈننەتتۇر.

📖 ئەقىقە قۇربانلىقى بالا تۇغۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا قىلىنسا بولىدۇ. ئەمما توغۇتنىڭ يەتتىنچى كۈنى قىلىنسا، تېخىمۇ كۆپ ساۋاب بولىدۇ.

✓ قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە قاتارلىق ماللارنى ئەقىقە قۇربانلىقى قىلسا بولىدۇ.

✓ ئەقىقە قۇربانلىقىنىڭ گۆشىدىن قۇربانلىق قىلغۇچى كىشى ۋە ئائىلە-تاۋاباتلىرى يېسە بولىدۇ.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇربانلىق



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ھەر يىلى قۇربانلىق قىلغان ئىدى. ساھابىلەرگىمۇ بۇنى تەشۋىق قىلىپ: «قۇربان ھېيت كۈنى بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەر ئىچىدە قۇربانلىق قىلىشتىنمۇ بەك ئەلا بىر ئىش يوق.» دەيتتى. شەخسەن ئۆزىمۇ خۇشال-خورام ھالدا قۇربانلىق قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنجى قۇربانلىقنى ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى قىلدى. ئۇ يىلى قۇربان ھېيت كۈنى، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئەتراپى ئۇچۇق ۋە كەڭرى بولغان نامازگاھقا باردى. نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇدى. بۇ خۇتبىدە مۇسۇلمانلارغا قۇربانلىق قىلىشنى ئەمر قىلدى. ئۆزىمۇ: «ئاللاھىم! بۇ قوچقار ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىكى قۇربانلىق قىلالمىغانلار ئۈچۈندۇر!» دەپ بىرىنى ئۈممىتى ئۈچۈن، بىرىنى ئۆزى ئۈچۈن ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. ماللارنى يەرگە ياتقۇزغاندا: «مەن يۈزۈمنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى ياراتقۇچىغا قاراتتىم. مەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمەن. نامىزىم، ئىبادىتىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى مەۋجۇد بولمىغان رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. مەن تۇنجى تەسلىم بولغۇچىلاردىنمەن. يا رەببى! بۇ قۇربان سېنىڭدۇر، سېنىڭ ئۈچۈندۇر. ئەي رەببىم! مۇھەممەد ۋە ئۈممىتىڭدىن بۇنى قوبۇل قىلغىن.» دەپ دۇئا قىلىپ، «بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قۇربانلىق مالنى بوغۇزلىدى. (تىرمىزى: «ئەداھى»، 22)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىغان ئىدى. قۇربانلىق ماللارغا رەھىمسىزلىك قىلىش، قىيناش ۋە قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقا قارشى ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھتائالا ھەر جانلىققا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىغان. شۇڭا ھەر قانداق جانلىقنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلگەندە قىينىماي ئۆلتۈرۈڭلار. بىرەر مالنى بوغۇزلايدىغان چاغدا جېنىنى قىينىماي، ئاغرىتماي بوغۇزلاڭلار. بوغۇزلىماقچى بولغان كىشى پىچىقىنى ئوبدان بىلىسۇن، ھايۋاننىڭ جېنىنى قىينىمىسۇن.»

(مۇسلىم: «سايد»، 57 )

بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز قوي بوغۇزلىغان بىر كىشىنى كۆرگەن ئىدى. بۇ كىشى قوينى يەرگە ياتقۇزغاندىن كېيىن، پىچىقىنى بىلەشكە باشلىدى. بۇ كىشىنىڭ تاش يۈرەك ۋە رەھىمسىزلىكىنى ياقتۇرمىغان پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى: «مالنى بىر قانچە قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ پىچىقىڭنى ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇشتىن ئىلگىرى بىلىسەڭ بولماسمىدى؟!»

( ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 4 -جىلد، 231)

## سوئاللار

### ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭ. توغرا بولسا **«توغرا»**، خاتا بولسا **«خاتا»** دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىكى كاتەكچىگە ئىشارەت قىلىڭ.

1. قۇربانلىق ئۇلۇغ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
2. ھەر مۇسۇلمان ئۆمرىدە بىر قېتىم قۇربانلىق قىلىشى كېرەك. توغرا ☐ خاتا ☐
3. قوي ۋە ئۆچكە بىر كىشى ئۈچۈن، كالا ۋە تۆگە بىردىن يەتتىگىچە كىشى ئۈچۈن قۇربانلىق بولالايدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
4. ئاداق قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى قۇربانلىق قىلغۇچى كىشى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، بالا-چاقىلىرى ۋە نەۋرىلىرى يېسە بولمايدۇ. توغرا ☐ خاتا ☐
5. قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى پۈتۈنلەي نامراتلارغا بېرىشىمىز كېرەك. توغرا ☐ خاتا ☐

### ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى

1. قۇربان ھېيت كۈنى قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئا. پەرز
ب. سۈننەت
ت. ۋاجىپ
پ. مۇباھ

2. قۇربانلىق ھەققىدە سىنالغان پەيغەمبەرلەر كىملەر؟

ئا. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام – ئىسھاق ئەلەيھىسسالام
ب. داۋۇد ئەلەيھىسسالام – سۇلايمان ئەلەيھىسسالام
ت. ياقۇب ئەلەيھىسسالام – يۇسۇف ئەلەيھىسسالام
پ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام – ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام

3. قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى شەرت **ئەمەس؟**

ئا. مۇسۇلمان بولۇش
ب. ئەقلى-ھۇشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن بولۇش
ت. ساغلام بولۇش
پ. زاكات بېرەلىگۈدەك مال-مۈلۈككە ئىگە بولۇش

4. بالا تۇغۇلغاندا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنغان قۇربانلىق تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىدۇر؟

ئا. ئەقىقە قۇربانلىقى
ب. ئاداق قۇربانلىقى
ت. نەزىر قۇربانلىقى
پ. ھەجدىكى قۇربانلىق

5. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى بىز قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلاردىن **ئەمەس**؟

ئا. بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ.
ب. كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزنى تەرتىپلىك قىلىدۇ.
ت. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەتچانلىقىمىز ۋە تەسلىمىيتىمىزنى كۆچەيتىدۇ.
پ. ئاللاھ بىزگە بەرگەن نېمەتلەرنى باشقىلار بىرلىكتە بەھرىمەن بولۇشقا كۆندۈرىدۇ.

**تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**(تەقۋادارلىقىڭلاردۇر، ئاللاھ، پۈتۈنلەي، ئازابلىمىسۇن، ئىبادەتلىرىم)**

1. قۇربانلىق قىلىش بىزگە مېلىمىز ۋە جېنىمىزنى ............... ئۈچۈن پىدا قىلىشنى خاتىرلىتىدۇ.
2. «شۈبھىسىز، مېنىڭ نامىزىم، ................، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.»
3. ئاداق قۇربانلىقنىڭ گۆشى ..................... نامراتلارغا تارقىتىلىشى لازىم.
4. «بىر ھايۋاننى بوغۇزلىماقچى بولغاندا ئۇنىڭ جېنىنى قىينىماڭلار. بوغۇزلىغۇچى پىچىقنى ئوبدان بىلىسۇن، ھايۋاننى .........................»
5. «قۇربانلىقنىڭ گۆشى ياكى قېنى ئاللاھقا يېتىپ بارمايدۇ. ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ .....................»



# جاۋابلار

## رامىزان

### ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (159ـبەتتە)

1ـتوغرا 2ـتوغرا 3ـتوغرا 4ـخاتا 5ـخاتا 6ـخاتا 7ـخاتا 8ـتوغرا

### ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (159ـبەتتە)

1ـئا 2ـب 3ـت 4ـئا 5ـب 6ـت 7ـپ 8ـب 9ـئا

### بوش ئورۇنلارنى مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇڭلار (160ـبەتتە)

1ـرەھمەت، مەغپىرەت 2ـسالامەت 3ـئاتمىش بىر 4ـقازا 5ـئاداق 6ـقەدىر، ئەپۇ 7ـرەييان

## زاكات

### ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (189ـبەتتە)

☐ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە توشقان مالنىڭ ئىگىسى ☐ دىنىي جەھەتتە باي ھېسابلىنىدۇ.

☐ ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ قىرىقتىن بىرىنى، ☐ باشقىچە ئېيتساق، %2.5 نى زاكات بېرىمىز.

☐ بىر كىشى ئۆزىنىڭ نەۋرىلىرىگە ☐ زاكات بېرەلمەيدۇ.

☐ زاكات بەرگەندە ☐ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

☐ جامى، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا ☐ ۋە يول، كۆۋرۈك قاتارلىق ئاممىۋى ئەسلىھەلەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ.

☐ زاكات بايلارنىڭ مېلىنى ☐ پېقىرلارغا يەتكۈزىدىغان بىر كۆۋرۈكلۈك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

☐ بىر باي مۇسۇلماننىڭ مېلىنىڭ بىر قىسمىنى ☐ دىنىمىز ئەمىر قىلغان يەرلەرگە بېرىشى «زاكات» دەپ ئاتىلىدۇ.

☐ بەرگۈچى قول ☐ ئالغۇچى قولدىن ئۈستۈندۇر.

☐ ئالتۇننىڭ زاكات ئۆلچىمى 80.18 ☐ گرامدۇر.

☐ پىتىر سەدىقىسىنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارى ☐ ئوتتۇراھال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر كىشىنىڭ ئىككى ۋاخلىق تامىقى ياكى مۇشۇنىڭغا چۈشلۇق پۇلدۇر.

### ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (189ـبەتتە)

1ـپ 2ـئا 3ـت 4ـئا 5ـب 6ـپ 7ـت 8ـپ

### بوش يەرلەرگە تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەرنى تاللاپ قويۇڭلار (190ـبەتتە)

1ـتىلىمەيدىغان 2ـماللىرىدا 3ـبىر تال بۇغداي 4ـقەلبىڭىنىڭ 5ـپاكىزلايدۇ

## ھەج

**ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (221ـبەتتە)**

1ـتوغرا 2ـتوغرا 3ـخاتا 4ـخاتا 5ـتوغرا 6ـتوغرا 7ـتوغرا 8ـتوغرا

**ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (221ـبەتتە)**

1ـت 2ـئا 3ـت 4ـب 5ـپ 6ـت 7ـب 8ـئا 9ـپ 10ـئا

**تۆۋەندىكى بوشلۇقلارنى ئىرناق ئىچىدىن مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار (222ـبەتتە)**

1ـماقامى-ئىبراھىم 2ـمىنا 3ـزەمزەم 4ـئىھرام 5ـكەبە 6ـھايات چېغىمدا 7ـگۇناھسىز

## قۇربانلىق

**ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرارلاپ باقايلى (235ـبەتتە)**

1ـتوغرا 2ـ خاتا 3ـتوغرا 4ـتوغرا 5ـخاتا

**ئۆزىمىزنى سىناپ باقايلى (235ـبەتتە)**

1ـت 2ـپ 3ـت 4ـئا 5ـب

**بوشلۇقلارنى ئىرناق ئىچىدىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار (236ـبەتتە)**

1ـئاللاھ 2ـئىبادەتلىرىم 3ـپۈتۈنلەي 4ـئازابلىمىسۇن 5ـتەقۋادارلىقىڭلاردۇر.